شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتى 2004- يىلى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن

مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرس ئۆلچىمى تەجرىبە دەرسلىكى

# تىل-ئەدەبىيات

8- [illegible]

2 - قىسىم

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى



1972 ـ يىلى تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان 1500 يىل ئىلگىرىكى ئۇيغۇر نېنى





نان





سۆۋادان تېرەك



ئەل فارابى

مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرس ئۆلچىمى
تەجرىبە دەرسلىكى

# تىل-ئەدەبىيات

8 - يىللىقلار ئۈچۈن

2 - قىسىم

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى



لۇشۈن



مەمتىمىن ھوشۇر



قۇشلار



ئاباي



چەخوف



خالىدە ئىسرائىل


ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر








خوتەن قاشتېشى

مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرس ئۆلچىمى
تەجرىبە دەرسلىكى

# تىل-ئەدەبىيات

8 - يىللىقلار ئۈچۈن

2 - قىسىم

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

编　　者：艾海提·阿曼
牙里坤·肉孜
太来提·卡迪尔
卡米里·热依木
阿木提江·艾克木
责任编辑：牙里坤·肉孜
责任校对：阿依夏木·阿
插图作者：怕尔哈提·依

义务教育课程标准实验教科书
语　文
八年级　下册
经新疆维吾尔自治区中小学教材
审定委员会2004年审查通过
（维吾尔文）

*

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
http://www.xjjycbs.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باستى

*

فورماتى : 890×1240 ، 1/32 ؛ باسما تاۋىقى : 9.25
2004 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
2008 - يىل 10 - ئاي 5 - بېسىلىشى
تىراژى : 1—110 000
ISBN978 — 7 — 5370 — 5233 — 7
باھاسى : 6.05 يۈەن

نەشر ھوقۇقى بىزدە ، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ .
بېسىش - تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ .
ئادرېس : ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 187 - نومۇر
پوچتا نومۇرى : 830049 ؛ تېلېفون نومۇرى : 2863761،2870654 (0991)

## مەجبۇرىيەت مائارىپى تەجرىبە دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش - تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتى

ھەيئەت مۇدىرى : ساتتار ساۋۇت

مۇئاۋىن مۇدىرى : غوپۇر ھاشىم   جاڭ چياڭ

ھەيئەت ئەزالىرى : جاۋ مىڭ   ما ۋېنخۇا

ماۋ ۋېنشىن   تاھىر ناسىر

ما شېڭشۇ   ئابلىمىت قاسىم

شياپىن   نۇرباقىت قادىر

ئەكبەر سىراجىدىن   جاڭ يۇجيې

ئەخەت سالى   قابىلقاق سادىق

ماقاداس ئاقان

تۈزگۈچىلەر : كامىل رەھىم

يالقۇن روزى

تەلئەت قادىرى

ئەھەت ئامان

ھامۇتجان ھېكىم

مۇھەررىرى : ھامۇت ياسىن

مەسئۇل مۇھەررىرى : يالقۇن روزى

مەسئۇل كوررېكتورى : ئايشەم ئاۋۇت

رەسسام : پەرھات ئىبراھىم

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى : ھۆرىيەت يۇسۇپ

قەدىرلىك ساۋاقداش:

بۇ مەۋسۇملۇق تىل - ئەدەبىيات دەرسىدە سىز تېخىمۇ مول، قىزىقارلىق مەزمۇنلارنى ئۆگىنىسىز. گوركىينىڭ «بورانقۇش ناخشىسى»، ماۋدۇننىڭ «سۇۋادان تېرەككە مەدھىيە» ناملىق ئەسەرلىرىدىن قانداق كىشىلەرنى ھۆرمەتلەشنى؛ يۈسۈپ خاس ھاجىپ، جۇ گوپېڭنىڭ ئەسەرلىرىدىن قانداق ئادەم بولۇشنى؛ گالىلېي، ئاسىموۋلارنىڭ ئەسەرلىدىن تېخى بىز بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ قانچىلىك كۆپ ئىكەنلىكىنى؛ مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ نادىر ھېكايىلىرى، تەسىرلىك نۇتۇقلىرى، شائىرلارنىڭ ھايات ھەققىدە ھېس قىلغانلىرىنى ئوقۇپ يېڭىچە تۇيغۇلارغا چۆمۈسىز… بۇ نېمە دېگەن ئېسىل لەززەت ھە.

تىل - ئەدەبىيات دۇنياسىدا ئېسىل جاۋاھىراتلار ناھايىتى مول. بۇ جاۋاھىراتلارنى بايقاش ۋە قېزىپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزىمىزگە تايىنىشىمىز كېرەك. تىل - ئەدەبىيات ئۆگىنىش ئۈزلۈكسىز بايقاش باسقۇچىدىن ئىبارەت. تىل - ئەدەبىياتنى ئۆگىنىشتىن خۇشاللىق ھېس قىلىش، ئۇنىڭدىن نەتىجە يارىتىش دەل مۇشۇ ئۈزلۈكسىز بايقاش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ.

بىرەر گۇمانىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، تەسەۋۋۇر يۈرگۈزۈش، بىرەر ھېكمەتنى ئوقۇپ چۈشىنىۋېلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سىزگە خۇشاللىق ۋە نەتىجە بەخش ئېتىدۇ. قېنى ئەمسە، بىز بايقاشقا ماھىر كۆزلىرىمىزنى يوغان ئېچىپ، رەڭدار تىل - ئەدەبىيات دۇنياسىغا قەدەم بېسىپ، بىھېساب بايلىقلارنى قازايلى، خۇشپۇراق گۈللەرنى تېرەيلى.



— تۈزگۈچىلەردىن

# نەشرىياتتىن

بۇ «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بېكىتكەن مەجبۇرىيەت مائارىپى «تىل - ئەدەبىيات دەرس ئۆلچىمى» گە ئاساسەن تۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە كونكرېت يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى بۇ دەرسلىكنى بىرلىكتە تۈزدى. بۇ دەرسلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى.

بۇ دەرسلىكنى تۈزۈشتە، دۆلەتنىڭ دەرس ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىپ، كۆپ خىل ئۇچۇر مەنبەلىرى ۋە ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىش ھەمدە يېڭى پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى مۇۋاپىق گەۋدىلەندۈرۈش كۆزدە تۇتۇلدى؛ بىلىم ۋە قابىلىيەت، جەريان ۋە ئۇسۇل، ھېسسىيات، پوزىتسىيە ۋە قىممەت قارىشىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن تەربىيىلەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، مەزمۇن جەھەتتە ئەمەلىي تۇرمۇشتا قوللىنىش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىندى؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ئۆگىنىش، ھەمكارلىشىپ ئۆگىنىش، ئىزدىنىپ ئۆگىنىش جەريانىغا باشتىن - ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈنۈپ، ھەممە ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆگىنىش تەلىپىنى قاندۇرۇشقا، دەرس ئىسلاھاتى ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمەلىيەت بىلەن نەزەرىيىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى.

بۇ دەرسلىكنى تۈزۈش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش جەريانىدا، ئۇ-

رۈمچى شەھەرلىك چوڭلار مائارىپ ئىنىستىتۇتى ، ئۈرۈمچى شەھەر-
لىك ئوقۇتۇش تەتقىقات مەركىزى ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا
مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلار مول ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە دوت-
سېنت ، ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ۋە تەتقىقاتچىلارنى تەۋەتىپ ،
يېڭى دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىمىزنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋ-
ۋەتلىدى . تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى-
دىن پروفېسسور ئازاد رەخمۇتۇللا سۇلتان ، ئاپتونوم رايونلۇق پارت-
كوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن تۇرنان قاسىم ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائا-
رىپ ئىدارىسىدىن جېلىل ئابدۇراخمان ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى-
دىن هامۇت ياسىن ، شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ئابدۇقەي-
يۇم توختىهاجى ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 16 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن
ماھىرە روزى قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى . بىز بۇ دەرسلىكنىڭ نەشر
قىلىنىشىغا قىزغىن ياردەمدە بولغان ئورۇنلارغا ، ئالاھىدە ئەجىر
سىڭدۈرگەن ۋە قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلەرنى بەرگەن مۇتەخەس-
سىسلەرگە ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز !

بۇ دەرسلىك مەجبۇرىيەت مائارىپى بويىچە دەرس ئىسلاھاتى تەج-
رىبە رايونلىرىدىكى مەكتەپلەر 8 - يىللىقلىرىنىڭ 2 - ئوقۇش
مەۋسۇمىدا ئىشلىتىلىدۇ . كېيىنكى نەشرىدە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈ-
رۈشىمىز ئۈچۈن ، ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقات
خادىملىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا بايقى-
غان مەسىلىلەرنى نەشرىياتىمىزغا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ ، قىممەت-
لىك تەكلىپ - پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

2004 - يىل ، ئۆكتەبىر

# مۇندەرىجە

**بىرىنچى بۆلەك**

## شەيئىلەرگە مۇھەببەت

1 . نان ...................... خالىدە ئىسرائىل (2)
2 . سۇۋادان تېرەككە مەدھىيە ............ ماۋدۇن (7)
3 . قاشتېشىغا مەدھىيە ............ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر(12)
4 . بورانقۇش ناخشىسى ............ ماكسىم گوركىي (17)

### ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ

نان ........................................ (21)

### يېزىقچىلىق

باغلانما تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئەسەر مەزمۇنىنى بېيىتىش…(22)

### ئاغزاكى ئالاقە

ئىدىيىۋى كۆزقاراشنى باغلىنىشلىق ئىپادىلەپ، تېمىدىن
يىراقلاشماسلىق ............................ (25)

**ئىككىنچى بۆلەك**

## گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت

5 . ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى
................ يۈسۈپ خاس ھاجىپ(28)

6 . دوستلۇق ھەققىدە ............ شەمسۇلمائالى قابۇس (30)
7 . ئادەمنىڭ ئالىيجانابلىقى ئۇنىڭ روھىيىتىدە
.............................. جۇ گوپىڭ (34)
8 . پەزىلەتلىك شەھەر باشلىقىنىڭ سۈپەتلىرى ... فارابى(38)

### ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ

ئالىقاندىكى قۇياش ............................ (42)
ئون سەككىزىنچى سۆز ................................ (44)

### يېزىقچىلىق

ئاددىي مۇھاكىمىلىك ئەسەرلەرنى يېزىش ............... (46)

### ئاغزاكى ئالاقە

مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ ، قاراتمىلىق پىكىر قىلىش ... (50)

### مەخسۇس تېما

قۇشلار.............................................. (52)

## ئۈچىنچى بۆلەك

# سىرلىق ئالەم

9 . بىئولوگىيىلىك تاجاۋۇزچىلار............... مېي تاۋ (72)
10 . بىزنىڭ بىلىمىمىز چەكلىك.............. گالىلېي (78)
11 . ئاسمونۇ ئەسەرلىرىدىن ئىككى پارچە ......... (82)
12 . گۈل نېمىشقا قىزىل ............ جيا زۇجاڭ(91)

### ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ

بىلىم ئىشقىدا.................................... (97)

گۈل تولا گۈللۈكتە ، ئەمما . . .  ...................... (99)

يېزىقچىلىق

چۈشەندۈرۈش ئەسەرلىرىنى يېزىش ......................... (100)


## ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت پائالىيىتى


ناۋادا مەكتەپ ژۇرنىلىنى مەن ئىشلىسەم.................. (103)


## تۆتىنچى بۆلەك

# پروزا


13 . كۆك يىجى ......................... لۇشۈن (108)

14 . «مۇساپىرلار قاۋىقى» دا ...... مەمتىمىن ھوشۇر (119)

15 . خامېلېئون ................................ چېخوف (139)

16 . ئادەملەر...............  مۇھەممەد باغراش (147)

ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ

ياتۇر ............................................ (170)

قەشقەردە كەچ ................................ (171)

يېزىقچىلىق

ئادەم ۋە ۋەقەلەرنى يازغاندا مەركىزي ئىدىيىنى

گەۋدىلەندۈرۈش ................................ (172)


## ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت پائالىيىتى


بازاردىكى يېڭى تاۋارلارنى تەكشۈرۈش ............. (175)

## مەشھۇر ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئوقۇش

«سۇ بويىدا» ........................................ (177)

### بەشىنچى بۆلەك

# ھايات تەسىراتلىرى

17 . بىلەيچى بوۋاي ........... ئەختەم ئۆمەر (218)
18 . تەنھا قېيىق ........... مۇختار مەخسۇت (224)
19 . دېرىزە................................. تىگېرت (226)
20 . چۈنكى مەن — ئادەم............ تاھىر تالىپ (230)

### ئوقۇپ ھۇزۇرلىنىڭ

بار دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر........................... (233)

### يېزىقچىلىق

تۇرمۇشتىن يېزىقچىلىق خام ماتېرىيالى ئېلىش ...... (235)

### ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت پائالىيىتى

ئىجتىمائىي قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىش ................................ (244)

### ئالتىنچى بۆلەك

# ئۆلگىلىك نۇتۇقلار

(ئىختىيارى ئوقۇش بۆلىكى)

21 . مارى كيۇرىغا تەزىيە ............... ئېينىشتېين(248)

22 . مۇپاسساننىڭ دەپنە مۇراسىمىدا سۆزلىگەن
نۇتۇق ...................... زولا (250)
23 . فېدېراتىپ گېرمانىيە ھايمۇت شەھەرى شەھەر
باشلىقىنىڭ قوبۇل قىلىش مۇراسىمىدىكى جاۋاب
نۇتۇق ...................... گۇڭ ليۇ(254)
24 . بېيجىڭنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى
ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلغانلىقى بايان قىلىنغان
ئىككى پارچە سۆز ...................... (258)
25 . نەۋائىشۇناسلىقنىڭ رېئال ئەھمىيىتى
...................... ئازاد سۇلتان(261)

## يېزىقچىلىق

قىسقا نۇتۇق ئورگىنالى يېزىش ...................... (265)

## ئاغزاكى ئالاقە

(ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى لايىھىلەيدۇ ) ... (266)
ئۇيغۇر تىلى ...................... (267)

## قوشۇمچە I

خەت ـ چەكلەردىن كۆرسەتمە ...................... (272)

## قوشۇمچە II

خەتتاتلىق ...................... (281)



## بىرىنچى بۆلەك

# شەيئىلەرگە مۇھەببەت

تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەۋجۇدات بىزگە ھاياتلىق ئاتا قىلىپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن قايناق ئىلھاملارنى بېغىشلايدۇ. خالىدە ئىسرائىل «نان» دېگەن ئەسىرىدە ناننىڭ تۇرمۇشىمىزدا تۇتقان ئورنى ۋە قىممىتىنى ئىپادىلىگەن. ماۋدۇن «سۇۋادان تېرەك» تىن «جۇڭگو تارىخىنى ئىسسىق قېنى بىلەن يېزىپ چىقىشتەك روھ ۋە ئىرادە» نى تونۇپ يەتكەن. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «قاشتېشى» نىڭ گۈزەل خىسلىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلغان. گوركىي «بورانقۇش» نىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىنقىلاب پېشۋالىرىنىڭ قورقماس، سۇلماس جەڭگىۋار روھىنى كۆرۈۋالغان.



# 1 . نان

## خالىدە ئىسرائىل[1]

مەن نانغا ئامراق ، ئاچچىق دەملەنگەن چايدىن ئاندا - ساندا
ئوتلاپ قويۇپ ، مەززىلىك ، سىڭىپ پىشقان ئاق ناننىڭ ئوتتۇرىسىنى
گۆرۈچلىتىپ چايناپ يېيىش مەن ئۈچۈن ئالەمچە ھۇزۇر . مەن يەنە
ئىسسىق گىردىنىڭ قىپقىزىل يۈزىنى سويۇپ يەۋېلىشنى ياخشى كۆرد-
مەن . كىچىك ۋاقىتلىرىمدا گىردىنىڭ ئۈلىگە ئامراق ئىدىم . ئەتىگەن-
لىك چايدا يۇمشاق يېرىنى يەپ ، ئۈلىنى يانچۇقۇمغا سېلىۋالاتتىم .
تەنەپپۇسلاردا ئۇشتۇپ ئاغزىمغا سېلىپ ، شورلىرى بىلەن قېتىپ
كەمپۈت شورىغاندەك شوراپ يەيتتىم .

ھېيت - بايراملاردا ئۆيىمىزگە تۇغقانلىرىمىز — ئاق رومال
ئارتقان ، ئاق چاچلىق ئاياللار كېلىپ يوغان تونۇرغا ساڭگىلا - بوغۇر-
ساق تىزىدىغان ھارۋا چاقىدەك يوغان ھەمەك نانلارنى ، سەل كىچىك-
رەك ئاق نانلارنى ، توم نان ، قاتلىما ، توقاچلارنى ياقاتتى . تونۇردىن
يېڭىلا سويۇلغان نانلارنى ئىككى - ئۈچتىن دەستىلەپ ، شامال ئۆتۈ-
شىدىغان قىلىپ تىزىپ قويۇشاتتى . ئۆينىڭ ھەممىلا يېرى مەززىلىك
نان بىلەن تولغان شۇنداق كۈنلەردە ئاتا - ئانامنىڭ چىرايىمۇ ئاق
ناندەك ئوچۇق ، يېقىملىق كۆرۈنەتتى .

نان ھىدى ماڭا ھازىرمۇ ئاشۇ ئاق چاچلىق ئانىلارنى ، ئاتا -
ئانامنىڭ ياش ، ئوچۇق چىرايىنى ئەسلىتىدۇ .

يىلدا بىر - ئىككى قېتىم ئۆيىمىزگە ئاتۇشتىن بىر قارىۋاي

---

① خالىدە ئىسرائىل 1952 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان . تونۇلغان يازغۇچى . ئۇنىڭ «تىمتاس شەھەر» ، «ئوربىتا» ، «قۇملۇقنىڭ چۈشى» ، «ھاڭگىرت كۆلى» قاتارلىق ھېكايە - پوۋېستلىرى بار . ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى .

تۇغقىنىمىز كېلەتتى، ئۇنى ئابلىز ئاكا دەيتتۇق. كوچا بېشىدا ئۇنىڭ ئېشەك بىلەن كېلىۋاتقىنىنى كۆرسەكلا يۈگۈرۈشۈپ بېرىپ ئۇنىڭغا ئېسىلاتتۇق، كەپسىزرەكلىرىمىز بويۇن - باشلىرىغا چىقىپمۇ ئالاتتۇق. تاكى ئۇ ئاپئاق چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈپ، ئېشەككە ئارتقان خورجۇنىنىڭ ئاغزىنى ئاچمىغۇچە ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتۇق.

ئۇ ئەكەلگەن ھەمەك نان ئوشتۇلماي، رېزىنكىدەك سوزۇلۇپ تەستە ئۈزۈلەتتى، تەمى بولسا قايماقتەك مەززىلىك بولۇپ، ئادەمنىڭ يېگەنچە يېگۈسى كېلەتتى. خورجۇننىڭ يەنە بىر كۆزىدە ئاق قوناق ئۇنىدا يېقىلغان، قارىماققا شۇ چاغلاردا ئانىلىرىمىز كىر يۇيىدىغان سوپۇنغا ئوخشاپ كېتىدىغان يۇمىلاق زاغرا نانلار بار ئىدى. ئۇنىڭ سىرتى قارامتۇل قىزىل، ئىچى يۇمشاق، ئاپئاق بولاتتى، ئۇۋۇلىپ تۇراتتى، تەمى تاتلىق، سۈت پۇرايتتى. ئۇنى قۇرۇت غاجىغاندەك غاجاپ، تەمىنى تېتىپ تامشىپ يەيتتۇق.

چوڭ بولغانچە بارغان جايلىرىمىزنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ خىلمۇخىل نانلارنى كۆردۈم. خوتەننىڭ يېزىلىرىدا دېھقانلارنىڭ سىرىق قوناق ئۇنىغا لازا، شوخلا، پىننە سېلىپ ياققان، ئۆستەڭگە تاشلاپ قويۇپ ئاياغدىن سۇزۇۋېلىپ يۇمشاتقان نانلىرىنى تالىشىپ يەيتتۇق. ئاشۇ تەم ھېلىمۇ ئاغزىمدا.

ئۈرۈمچىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغاندىن كېيىن كۇچانىڭ تاۋاردەك نېپىز، يۇمشاق، قات - قات بىجاق نانلىرى؛ سىڭىپ پىشقان، سۈتكە چىلىنىشى بىلەنلا ئۆپكىدەك يۇمشاپ كېتىدىغان تۇرپان نانلىرى داستىخىنىمىزدىن ئۈزۈلمەيدىغان بولدى.

ھەرقېتىم ئۈرۈمچىنىڭ بۇلاقبېشى، دۆڭكۆۋرۈك تەرەپلىرىگە ئۆتۈپ قالسام، ھارۋىلارغا دەستىلەنگەن، سۇلياۋ خالتىلارغا قاچىلانغان خىلمۇخىل نانلارنى زوق بىلەن تاماشا قىلىمەن. ئۇنى ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، ھەرمىللەت كىشىلىرىنىڭ تالىشىپ ئەكېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ شادلىنىمەن. ئۇنىڭ بېيجىڭ، شاڭخەي، موسكۋا، ئىستانبۇل، ئالمۇتا، تاشكەنت، بىشكەكلەردىمۇ، دۇنيانىڭ يەنە نۇرغۇن جايلىرىدىمۇ بازار تېپىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ سۆيۈنىمەن.

دىيارىمىزدىكى نەچچە مىڭ يىللىق قەدىمىي خارابىلەردىن تېپىلغان نانلار ناننىڭ تارىخىنىڭ نەقەدەر ئۇزاقلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇزاق تارىخ داۋامىدىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر، دىن، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشلىرى ۋە خىلمۇخىل قىسمەتلەر ناننىڭ قىممىتىنى، ھاياتىي كۈچىنى يوقىتالمىدى. ئۇ، ئاتىلىرىمىزنىڭ ئەجرى، ئانىلىرىمىزنىڭ ھىممىتى بىلەن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆتۈپ ئەتىۋارلىنىپ كەلدى. مانا، تارىخ يېڭى بىر ئېراغا كىرىپ كەلگەن، كىشىلەرنىڭ ماددىي تەلىپى ھەسسىلەپ ئېشىپ، ھەممە نەرسىنىڭ قىممىتى قايتا باھالىنىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە نان يەنە ئۆز قەدرى بىلەن ئەتىۋارلانماقتا.

مەن مەدەنىيەت قارىشى جەھەتتىكى تار مەھكىمىچىلەردىن ئەمەس، ئەمما ناننى دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل يېمەك، دەپ قارايمەن. ياۋروپالىقلارنىڭ تورت ـ بولكىلىرى يېيىشلىك، ئەمما ناندەك سىڭىشلىق ئەمەس. خەنزۇلارنىڭ مومىسى ئىسسىق چېغىدا قورۇما بىلەن يېيىشكىلا مۇۋاپىق.

بىر چاغلاردا قايسىبىر ژۇرنالدىن مىسىرلىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى تونۇرىنى كۆرگەنىدىم. ئۇلارنىڭ تونۇرى بىزنىڭ تونۇرغا ئوخشاپ قالىدىكەن، ئەمما ئۇلار ئوتنى ئىچىگە قالاپ، تونۇر قىزىغاندا ناننى سىرتىغا يېقىپ پىشۇرىدىكەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يەر تونۇرىدا پىشۇرغان تاۋا نانلىرىمۇ ناۋايلىرىمىزنىڭ ھارارىتى تاۋلانغان تونۇر ئىچىگە باش تىقىپ، قىزىق شور ئۈستىگە ياققان نانلىرى ئالدىدا چېنىپ قالىدۇ.

بۇ مېنىڭ قارىغۇلارچە ماختانغىنىم ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۈرۈمچىدىكى مەخسۇس چەت ئەللىكلەرنى كۈتىدىغان ئەڭ ئالىي مېھمانخانىدا ئۇزاق يىل ئىشلىگەن بىر ئاشپەز ئۇستام ئۆز ئاغزى بىلەن بىرنەچچە مىزگە مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەنىدى:

سابىق يۇگوسلاۋىيىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى، مەرھۇم تىتو 1970 ـ يىللاردا جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگىنىدە، ئۈرۈمچىدىكى ئاشۇ مېھمانخانىدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپتۇ. ئۇنى ئۇزىتىش يۇز-

سىدىن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە ئۇ ئاشۇ تاماقلارنى ئەتكەن ئاشپەز
بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ . ئاشپەز ئۇستام چا-
قىرتىلىپتۇ ، ئېتو ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ .
ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ ، شىرە ئۈستىدىكى تونۇر كاۋاپى ،
پولۇ ، چۆچۈرىدەك تۈگۈلگەن ، ئىچىدىكى قىيمىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدى-
غان پېتىر مانتا ، پەرمۇدە ، تىترەپ تۇرىدىغان ھور قاتلىمىسى ،
ئۆپكە ، ياغلىق ئۇچەي ··· قاتارلىقلارنى بىر - بىرلەپ ماختاپتۇ . ئەڭ
ئاخىرىدا يۇزىگە كۈنجۈت بىلەن سىيادان سېپىلگەن ، سىڭىپ پىشقان
ئاق ناننى قولىغا ئېلىپ :

— مانا بۇ ھەممىدىن سىڭىشلىق ، ھەممىدىن ئېسىل تائام ئى-
كەن ، — دەپتۇ···

نان داستىخاننىڭ كۆركى ، سەپەردە ھەمراھ ، ئۇ قۇرۇق يېيىش-
كىمۇ ، قورۇما بىلەن يېيىشكىمۇ ، چايغا ، سۈتكە چىلاپ يېيىشكىمۇ ،
ئىسسىق ، يۇمشاق چېغىدا يېيىشكىمۇ ، ساقلاپ يېيىشكىمۇ ئەپلىك .
ئازراق سۈت بىلەن ماي ئارىلاشتۇرۇپ يېقىلغان توقاچنى بىرنەچچە
ھەپتىدىن كېيىن چايغا چىلىسىڭىزمۇ ھۆپپىدە يۇمشاپ سىزگە ھۇزۇر
بەخش ئېتىدۇ .

نان دائىم كۆز ئالدىمىزدا تۇرسا ، ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەيمىز ،
ئەمما ئۇنى بىرنەچچە كۈن كۆرمىسەكلا ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدى-
غانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز .

بىر قېتىم ، خىزمەت بىلەن ئىچكىرىگە بېرىشىمغا توغرا كەلدى .
بېرىپ - كېلىشىم پەقەت ئون كۈنلا بولغان بولسىمۇ ، شۇنچىلىك
نان سېغىندىمكى ، سېغىنىشىمنى باسالماي قالدىم .

شۇنداق ، نان ئۇلۇغ .

ئۇ ، مىڭ قولدىن ئۆتۈپ ، مىڭ خىل ئارزۇ - ئارمان ۋە ساپ
تەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ پىشقان .

ئۇ ، ساختا بوياقلاردىن ، سۈنئىي كۆپتۈرۈشلەردىن خالىي ، ئۇ ،
چىن ۋە تەبىئىي ، پاك ۋە ھالال . شۇڭا ، ئۇ مەڭگۈ يوقالمايدۇ .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . ئەجدادلىرىمىز نېمىشقا ئەلمىساقتىن بۇيان ناننى ئۇلۇغلاپ كەلگەن ؟ سىز خەلقىمىزنىڭ ناننى ئۇلۇغلاش ئادىتىگە دائىر بىر - ئىككى مىسال كەلتۈرۈپ باقالامسىز ؟

2 . ئاپتور «مەن مەدەنىيەت جەھەتتىكى تار مەھكىمىچىلەردىن ئەمەس ، ئەمما ناننى دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل يېمەك ، دەپ قارايمەن» دەيدۇ . سىز ئاپتورنىڭ بۇ قارىشىغا قوشۇلامسىز ؟ نېمە ئۈچۈن ؟

3 . سىز بۇ تېكىستنى ئوقۇغاندىن كېيىن ، پارچە نانلارنىڭ ، ئاشقان تاماقلارنىڭ ئەخلەت تۆڭلىرىگە تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ .

4 . «تونۇر ۋە نان» دېگەن تېمىدا سىنىپتا كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇڭلار . پائالىيەتكە ئۆزۈڭلار ياسىغان مودېل ، سىزغان رەسىم ، توپلىغان ماقال ـ تەمسىل ، فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى ، يازغان ماقالە ئەسەرلىرىڭلارنى قاتناشتۇرۇڭلار ۋە ياخشىلىرىنى باھالاپ چىقىڭلار . شۇنداقلا ، بۇ پائالىيەت ئارقىلىق ئۆزۈڭلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىلىمىڭلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋېلىڭلار .

5 . مەزكۇر بۆلەكنىڭ « ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ » سەھىپىسىگە بېرىلگەن «نان» ناملىق شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوخشاش تېمىدا يېزىلغان بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى سېلىشتۇرۇپ ھېس قىلغىنىڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار .

# 2 . سۇۋادان تېرەككە مەدھىيە

ماۋدۇن[①]

سۇۋادان تېرەك ھەقىقەتەن خىسلەتلىك ، مەن سۇۋادان تېرەكنى مەدھىيىلەيمەن !

ماشىنا بىپايان ئېگىزلىكتە ئۈچقاندەك كېتىپ بارىدۇ ، نەزەر دائىرىڭىزدە سېرىق ، يېشىل رەڭ گىرەلىشىپ كەتكەن چوڭ گىلەم يېيىلىپ ياتماقتا . سېرىقى — توپا ، ئېچىلمىغان بوز يەر ، نەچچە يۈز مىڭ يىللار ئىلگىرى ئۇلۇغ تەبىئەت كۈچى دۈۋىلەپ ھاسىل قىلغان سېرىق توپىلىق ئېگىزلىكنىڭ سىرتقى پوستى ؛ يېشىلچۇ ، ئىنسانىيەت مېھنىتىنىڭ تەبىئەتنى يېڭىپ ئېرىشكەن نەتىجىسى — بۇغدايلىقلار . ئىللىق شامالدا ئۈركەشلىگەن يېشىل دولقۇنلارنى كۆرگىنىڭىزدە ، ئۆتمۈشتىكى كىشىلەرنىڭ «بۇغداي دولقۇنى» دېگەن تەسۋىرىگە چىن قەلبىڭىزدىن قايىل بولىسىز . ئەگەر بۇ ماھىر قەلەم ئىگىسىنىڭ خىيالىغا تاسادىپىي كېلىپ قالغان تەسۋىر بولمىسا ، ھەقىقەتەن پىششىق يېتىلگەن تىل جەۋھىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بىپايان ، تەكشى ئېگىزلىكتە سېرىق بىلەن يېشىل ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا ، شۇ تاپتا مۆرىلىرىنى مۆرىلىرىگە تىرەپ مىنگىشىپ كەتكەن يىراقتىكى تاغ چوققىلىرى ھوشىڭىزغا كەلتۈرمىسە (بۇ تاغ چوققىلىرىغا ئاددىي كۆز بىلەنلا قارىسىڭىز ، پۈتىڭىزنىڭ تېگىدە تۇرغاندەكلا كۆرۈنىدۇ) ، ماشىنىنىڭ ئېگىزلىكتە كېتىۋاتقانلىقىنى يادىڭىزدىن چىقىرىپ قويۇشىڭىز مۇمكىن . مانا شۇ چاغدا بەلكىم سىزنىڭ تەسە-

---

① ماۋدۇن (1896 — 1981) مەشھۇر يازغۇچى ، ئەسلي ئىسمى شېن يەنبىڭ . جېجياڭلىق . ئۇنىڭ «تۇن يانغاندا» ، «چىرىتىش» ناملىق رومانلىرى مەشھۇر . جۇڭگو ئەدەبىياتى ساھەسىدە ئۇنىڭ نامىدا تەسىس قىلىنغان رومان مۇكاپاتى شۆھرەتلىك .

راتىڭىزدا «ھەيۋەتلىك» ياكى «بۈيۈك» دېگەندەك تەسۋىرىي سۆزلەر پەيدا بولۇشى مۇمكىن؛ ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆزىڭىز بىر ئاز تالغاندەك بولۇپ، ئالدىڭىزدىكى «ھەيۋەتلىك» ياكى «بۈيۈك» تىن كۆزىڭىزنى ئۈزىسىزدە، كۆڭلىڭىزدە ئاستا - ئاستا باشقا بىر تۇيغۇ، يەنى «زېرىكەرلىك» ھېسسىيات پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىر ئاز زېرىكەرلىكقۇ؟

لېكىن، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا بېشىڭىزنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ قارىغىنىڭىزدا، ئالدىڭىزدا يىراقتا بىر قاتار، ياق، تۆت - بەش تۈپ ياكى پەقەت بىر تۈپلا خۇددى پوستتا تۇرغان ئەسكەردەك مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان دەرەخنى كۆرگىنىڭىزدە، سىزنىڭ ھارغىن، ئۇيقۇسىرىغان كەيپىياتىڭىز قانداق بولۇشى مۇمكىن؟ مەن بولسام تەئەججۈپلەنگىنىمدىن ۋارقىرىۋەتكەن بولاتتىم.

مانا شۇ سۇۋادان تېرەك غەربىي شىمالدىكى ئادەتتىكىلا بىر دەرەخ، لېكىن ھەقىقەتەن خىسلەتلىك دەرەختۇر.

ئۇ يۇقىرىغا ئىنتىلىدىغان دەرەخ، ئۇنىڭ غولىمۇ، شېخىمۇ قەلەم دەستىسىدەك تۈپتۈز. ئۇنىڭ غولىنىڭ بىر جاڭ[1] ئېگىزلىكىچە بولغان ئارىلىقىدا، ئادەتتە، بىر كىم ياساپ قويغاندەك، پۇتاقلىرى بولمايدۇ. ئۇنىڭ يان شاخلىرىنىڭ ھەممىسىلا يۇقىرىغا قاراپ ئۆسىدۇ ۋە قول بىلەن ياساپ قويغاندەك غۇچچىدە بولىدۇ. ھەرگىز قىيپاش ئۆسمەيدۇ. ئۇنىڭ كەڭ يوپۇرماقلىرىمۇ تامامەن دېگۈدەك يۇقىرىغا قاراپ تۇرىدۇ، پەسكە ساڭگىلاپ تۇرغانلىرىغۇ ئەسلا يوق. ئۇنىڭ قوۋزىقى سىلىق، قوۋزاقتا كۈمۈش رەڭ خىرە ھالقىلار بولۇپ، قوۋزاق كۆكۈچ كۆرۈنىدۇ. بۇ شىمالنىڭ شۇرغانلىرىغا بويۇن ئەگمەي، قەيسەرلىك بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان بىر دەرەخ بولۇپ، غولى ئادەمنىڭ يوتىسىچە كېلىدىغانلىرىمۇ تىرىشىپ يۇقىرىغا ئىنتىلىپ، بىرەر - ئىككى جاڭ، ھەتتا ئاسمان - پەلەك بوي تارتىپ، غەربىي شىمالنىڭ شامال لىرىغا قارشى قەتئىي ئېگىلمەي

① جاڭ — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى بولۇپ، 1 چى 33.3 سانتىمېتىرغا تەڭ، 10 چى 3 مېتىر 33.3 سانتىمېتىرغا تەڭ.

سۇنماي كۆكرەك كېرىپ تۇرىدۇ.

مانا بۇ سۇۋادان تېرەك. غەربىي شىمالدىكى ئادەتتىكىلا بىر دەرەخ، لېكىن خىسلەتلىك دەرەختۇر.

ئۇنىڭ جىلۋە قىلىپ تۇرىدىغان نازلىق قىياپىتى يوق، ئەجدىھادەك تولغىنىپ تۇرىدىغان شېخىمۇ يوق، بەلكىم سىز ئۇنى گۈزەل ئەمەسكەن دەرسىز. ئەگەر گۈزەللىك «جىلۋە قىلىش» ياكى «يان تەرەپكە قاراپ قىيپاش ئۆسۈش» تىنلا ئىبارەت بولسا، ئۇ ھالدا سۇۋادان تېرەك دەرەخلەر ئىچىدىكى ساھىبجامال ئاياللاردىن بولالمايدۇ. لېكىن، ئۇ قاۋۇل، تۈز، ساددا، سۇرلۇك. ئۇنىڭدا مۇلايىملىقمۇ بار، قەتئىي قەيسەرلىكى ۋە تىك قەددى — قامىتىنى دېمەمسىز تېخى، ئۇنى دەرەخلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ سالاپەتلىك ئەر دېيىشكە بولىدۇ. سىز قار ئېرىشكە باشلىغان مەزگىلدە، ئېگىزلىكتە كېتىۋېتىپ، شۇنداق تەكشى بىپايان دالىدا مەغرۇرانە تىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر تۈپ ياكى بىر قاتار سۇۋادان تېرەكنى كۆرگىنىڭىزدە، ئۇنى پەقەت دەرەخلا دەپ ھېس قىلامسىز؟ سىز ئۇنىڭ ئاددىي - ساددا، سۇرلۇك ھەم قەتئىي قەيسەرلىكىدىن، ھېچبولمىغاندا شىمال دېھقانلىرىنىڭ سىماسىنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرمەسسىزمۇ؟ دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى كەڭ زېمىنىنىڭ ھەممىلا يېرىدە قەتئىي قەيسەر، خۇددى مۇشۇ سۇۋادان تېرەكتەك قەددىنى مەغرۇرانە تىك تۇتۇپ ئۆز يۇرتىنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان جەڭچىلەرنى ئازراقمۇ يادىڭىزغا كەلتۈرمەسسىزمۇ؟ سىز يەنە بىر ئاز يىراققا كۆز سېلىپ، شاخ، يوپۇرماقلىرى مۇشۇنداق ئۆز ئارا زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن، يۇقىرىغا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان سۇۋادان تېرەكنىڭ بۈگۈنكى كۈندە شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكىدە دۈشمەن بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلىپ، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى قېنى بىلەن يېزىۋاتقان كىشىلەرنىڭ روھى ۋە ئىرادىسىنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرمەسسىزمۇ؟

سۇۋادان تېرەك خىسلەتلىك دەرەخ، غەربىي شىمالنىڭ ھەممىلا يېرىدە بار، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئانچە ئېتىبارمۇ قىلمايدۇ، ئۇ خۇددى شىمالنىڭ دېھقانلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ؛ ئۇ ئىنتايىن كۈچلۈك ھايا-

تي كۆچكە ئىگە بولۇپ ، خۇددى شىمال دېھقانلىرىغا ئوخشاش ، ئۇنى
ئۇپرىتىپ سۇندۇرغىلى ۋە زۇلۇم سېلىپ يىقىتقىلى بولمايدۇ .
مېنىڭ سۇۋادان تېرەكنى مەدھىيىلىشىم ئۇنىڭ شىمال دېھقانلىرىنىڭ
سىماسىغا ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس ، بولۇپمۇ بۈگۈنكى
مىللىي ئازادلىق كۈرىشىمىزدە كەم بولسا بولمايدىغان ئاددىي - ساد-
دا ، مۇستەھكەم ، قەيسەر ، ئالغا ئېرىشقا ئىنتىلىدىغان روھىمىزنىڭ
سىمۋولى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر .

ئاۋامنى كۆزگە ئىلمايدىغان ، ئاممىنى سەل چاغلايدىغان جاھىل-
مۇتەئەسسىپ ئادەملەر ئاقسۆڭەكلەرگە ئوخشايدىغان نەنمۇ دەرىخى[①]نى
ماختىسا ماختىشىۋەرسۇن ، كۆزگە كۆپ چېلىقىدىغان ، ئوڭاي ئۆسى-
دىغان سۇۋادان تېرەكنى كەمسىتسە كەمسىتىۋەرسۇن . مەن سۇۋادان
تېرەكنى جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن مەدھىيىلەيمەن !

1939 - يىل

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . ئەسەردە : «سۇۋادان تېرەك غەربىي شىمالدىكى ئادەتتىكىلا
بىر دەرەخ ، لېكىن ھەقىقەتەن خىسلەتلىك دەرەخ» دېگەن جۈملە
قايتا- قايتا تەكىتلەنگەن . سىزچە بۇ يەردىكى «ئادەتتىكى» ، «خىس-
لەتلىك» دېگەن سۆزلەر بىر - بىرىگە زىت بولۇپ قالغانمۇ ؟ سەۋەبىنى
چۈشەندۈرۈڭ .

2 . تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر-
نىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ بېقىڭ :

1 ) سۇۋادان تېرەك ھەقىقەتەن خىسلەتلىك ، مەن سۇۋادان تې-
رەكنى مەدھىيىلەيمەن !

2 ) سىز ئۇنىڭ ئاددىي - ساددا ، سۇرلۇك ھەم قەتئىي قەيسەرلى-
كىدىن ، ھېچبولمىغاندا شىمال دېھقانلىرىنىڭ سىماسىنى خىيالىڭىزغا

① نەنمۇ دەرىخى — تۈز ، ئېگىز ئۆسىدىغان ، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان مەزمۇت ھەم قىممەت
باھالىق دەرەخ .

كەلتۈرمەسسىزمۇ ؟

3 ) مېنىڭ سۇۋادان تېرەكنى مەدھىيىلىشىم ئۇنىڭ شىمال دېھقانلىرىنىڭ سىماسىغا ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بولۇپمۇ بۈگۈنكى مىللىي ئازادلىق كۈرىشىمىزدە كەم بولسا بولمايدىغان ئاددىي ـ ساددا، مۇستەھكەم، قەيسەر، ئالغا بېسىشقا ئىنتىلىدىغان روھىمىزنىڭ سىمۋولى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

3 . تېكىستنى قايتا ـ قايتا ئۈنلۈك ئوقۇش ئارقىلىق، تۆۋەندىكى قايتۇرما سوراق جۈملىلەردىكى سوراقلاردا قانداق ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، مەنىسىنىڭ قانداق چوڭقۇرلىشىپ بارغانلىقىنى بىلىۋېلىڭ:

1 ) ئۇنى پەقەت دەرەخلا دەپ ھېس قىلامسىز ؟

2 ) سىز ئۇنىڭ ئاددىي ـ ساددا، سۈرلۈك ھەم قەتئىي قەيسەرلىكىنى، ھېچبولمىغاندا شىمال دېھقانلىرىنىڭ سىماسىنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرمەسسىزمۇ ؟

3 ) دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى كەڭ زېمىنىنىڭ ھەممىلا يېرىدە قەتئىي قەيسەر، خۇددى مۇشۇ سۇۋادان تېرەكتەك قەددىنى مەغرۇرانە تىك تۇتۇپ ئۆز يۇرتىنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان قاۋۇل جەڭچىلەرنى ئازراقمۇ يادىڭىزغا كەلتۈرمەسسىزمۇ ؟

4 ) سىز يەنە بىر ئاز يىراققا كۆز سېلىپ، شاخ، يوپۇرماقلىرى مۇشۇنداق ئۆز ئارا زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن، يۇقىرىغا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان سۇۋادان تېرەكنىڭ بۈگۈنكى كۈندە شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكىدە دۈشمەن بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلىپ، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى قېنى بىلەن يېزىۋاتقان كىشىلەرنىڭ روھى ۋە ئىرادىسىنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرمەسسىزمۇ ؟

4 . تېكىستنىڭ بەشىنچى ئابزاسىدا سۇۋادان تېرەك ئۇدۇلدىن تەسۋىرلەنگەن. سىز ئاپتورنىڭ تەسۋىرلەش قاتلاملىرىنى ئايرىپ چىقالامسىز ؟ بىرەر دەرەخ ياكى گۈلنى تاللاپ، ئۇدۇلدىن تەسۋىرلەپ يېزىپ بېقىڭ.

# 3 . قاشتېشىغا مەدھىيە

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر[1]

ئەي گۈزەل قاشتېشى : ئېمىشقىدۇر سەندىن كۆزۈمنى ئالالماي-مەن ، قاراپ – قاراپ ھۆسنىڭگە تويمايمەن ، بېقىپ – بېقىپ مېھرىڭ-گە قانمايمەن ، گوياكى سېنىڭ ئىشقىڭ قەلبىمنى چۇلغىۋالغاندەك … ئەلنىڭ ئېيتقىنى بىلەن ئېيتسام : «ھەر بارە كۆزۈم سەندە !»

قىزىق ئىش : سەن بىلەن بىر ئۇرۇقتىن بولغان ياقۇت بىلەن پىروزا ، زۇمرەت بىلەن كەھرىۋا ھۆسن – جامالدا سېنىڭدىن گۈزەل-رەك ، جىلۋە كامالدا سېنىڭدىن ئەۋزەلرەك ئىدىيۇ ، ئېمىشقىدۇر بىلمەيمەن ، «ھەر بارە كۆزۈم سەندە ، ياندۇرۇپ يەنە سەندە !»

كۆزۈم سەندە ، ئويۇم سەندە ، كۈندۈزىمۇ شۇنداق ، تاڭ – تاڭلار ئېتىپ كەتكۈچە ، يەنىلا پىكرىم سەندە ، سېنى ئويلىسام ھەر چاغ ، خىيالىم قانات قېقىپ ، قاپىيىلەر گۈلزارىغا قونىدۇ ، سۆزلەر جىلۋىگە كىرىپ قاتار – قاتار قوشاقلار توقۇلۇپ چىقىدۇ .

قاشتېشىيۇ ، قاشتېشى ،
ماڭا بولدى سۆز بېشى .
تەرىپلىمەي قويارمۇ ،
ئۇنى كۆرگەن ھەر كىشى .

---

[1] ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1923 – يىلى قۇمۇلدا تۇغۇلغان . 20 – ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە ئەسىرى زور يازغۇچى ۋە شائىر . ئۇنىڭ «قەشقەر كېچىسى» ، «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» ناملىق داستانلىرى ، «ئىز» ، «ئويغانغان زېمىن» ناملىق رومانلىرى ، «ئۆمۈر مەنزىللىرى» ناملىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان .

قاشتېشىمۇ ، قاشتېشى ،
ئوخشاش ئەكەن ئىچ ـ تېشى .
سۆزۈكلۈكى — دۇر ، سەدەپ ،
غۇۋالاشماس ياز ـ قىشى .

ياق ، ياق ، سىنى تەرىپلەشكە مۇنداق قوشاقلار قانداقمۇ لايىق بولالىسۇن ، قوشاق قاتىمەن دەپ ، ۋەزىن ۋە قاپىيىلەر بىلەن بوغۇلۇپ قېلىشنىڭ ھاجىتى نېمە؟ ئەڭ ياخشىسى ، سەبىي بالا كۆڭلىگە نېمە كەلسە ، شۇنى ئېيتىۋەرگەندەك ، مەنمۇ سۆزۈمنى ئازادە ئېيتاي ، خىيالىم قۇشلىرى كەڭ سامادا پەرۋاز قىلغان لاچىندەك ئەركىن قانات قاقسۇن :

دۇنيادا تاشنىڭ خىللىرى كۆپ ، قۇم تاش ، شېغىل تاش ، بىلەي تاش ، قورام تاش ··· ساناۋەرسەڭ جىقلا بولۇپ كېتىدۇ . ھەتتا شاھلارنىڭ تاجلىرى بىلەن نازىنىنلارنىڭ ئۈزۈك ـ ھالقىلىرىغا كۆز بولىدىغان ياقۇتمۇ تاش ؛ پىروزىمۇ تاش ؛ تەختلەرگە پايە ، قەسىر ـ ئايۋانلارغا تۈۋرۈك ، مەسچىت ـ چېركاۋلارغا مېھراب بولىدىغان مەرمەرمۇ تاش . بىراق ، نېمىشقىكىن ، ئەي گۈزەل قاشتېشى ، سېنىلا ئويلايمەن ، ساڭىلا قارايمەن ، «ھەر بارە كۆزۈم سەندە ، ياندۇرۇپ يەنە سەندە ! »

خىسلىتىڭ قانچە ، ھۆسنىڭمۇ شۇنچە ؛ ھۆسنىڭگە بېقىپ ، مېھرىڭمۇ شۇنچە ، مەيلى ئاق ياكى قارا ، مەيلى كۆك ياكى يېشىل ، مەيلى سېرىق ياكى ··· قىزىل قايسىلا رەڭدە بولساڭ ، خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن ـ ھۈسەندەك مەپتۇن قىلىسەن مېنى ، قاراپ ـ قاراپ تويمايمەن ، مېھرىڭگە زادى قانمايمەن .

ئاقلىقىڭنى كۆرگەندە سۈزۈلۈپ ئاققان تاغنىڭ پارلاق يۈزى بىلەن باھاردا كېلىدىغان ئاق قۇلارنىڭ قانىتى ، بوغدا چوققىسىدىكى قار ـ مۇزلار بىلەن مومام رەھمىتىنىڭ بېشىدىكى ئاپئاق لېچەكى ، ئانامنىڭ ماڭا بەرگەن سۈتى بىلەن دادامنىڭ ئورمىدا كىيىدىغان ماتا كۆڭلىكى ، ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ بادام دوپپىسىدىكى گۈلى بىلەن

خوتەن شايىسىنىڭ ئاقلىقى ياكى ئايدىڭ كېچىلەردە يەرگە چېچىلغان ئاي شولىسى كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ.

ئاقلىقىڭدۇر پاكلىقىڭ ھەم ساپلىقىڭ،
ھەم ئۇلۇغۋار، ئېزگۈلۈككە بايلىقىڭ.
كىمكى بولسا ئەھلى ۋىجدان، تۈز نىيەت،
ئاڭا ھەم لايىق بولۇر بۇ ئاقلىقىڭ.

قارىلىقىڭنى كۆرگەندە، ئادەمزاتقا مەدەنىيەت تېڭى ئاتقان، يەنە يېزىق تېپىلىپ، ئىنسانىيەت تارىخى يېزىلىشقا باشلىغان چاغلارنى ئەسلەيمەن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مەيلى يۇڭ، مەيلى قومۇش، مەيلى قاناتنى قەلەم قىلسۇن، ئىنسان ئۆز تارىخىنى قارا سىياھ بىلەن پۈتكەن ئەمەسمىدى؟! سېنىڭ قارىلىقىڭنى تارىخنىڭ خېتىگە ئوخشىتالىغىنىم ئۈچۈن خۇشالمەن. ئۇنى دېسەڭ، خوتەن كېيىكىنىڭ كىندىكىدىن چىقىدىغان ئىپارمۇ قارا؛ شەرق گۈزىلىنىڭ كۆزىمۇ قارا، قېشىمۇ قارا، يەلپۈنۈپ تۇرغان چېچىمۇ قارا؛ رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، لوقمان ھېكىممۇ قارا ئىمىش. مەجنۇننىڭ لەيلىسىمۇ قارا؛ كۆكتە پەرۋاز قىلىدىغان بۈركۈت بىلەن سۇدا ئوينايدىغان قۇندۇزمۇ قارا؛ «قارا ئالتۇن» دەپ تەرىپلىنىدىغان كۆمۈرمۇ قارا؛ ۋەتەننىڭ شۆھرىتى — قاراماينىڭ نېفىتىمۇ قارا؛ باھار كۈنلىرى ھاۋانى گۈلدۈرلىتىپ، يامغۇر ياغدۇرۇش بىلەن تەشنا جانلارغا ھاياتبەخش ئەتكۈچى بۇلۇتمۇ قارا.

كۆكلۈكۈڭ — كەڭلىك، بۈيۈكلۈك. چەكسىز ساماغا باقسام، گۈمبەزسىمان ئاسمانمۇ كۆك؛ يىراقتىن كۆرۈنگەن مەغرۇر تىيانشانمۇ كۆك؛ ئىلىمۇ كۆك؛ چاڭجياڭمۇ كۆك، دېنېپرمۇ كۆك، دۇنايمۇ كۆك؛ كىچىككىنە سايراممۇ كۆك، چەكسىز دېڭىز - ئوكيانمۇ كۆك.

مانا گۈزەل ئالتاي يايلىقى. خۇددى يېشىل گىلەمنىڭ ئۆزى، ئۇنى ھەر كۆرسەم، سېنى ئەسلەيمەن؛ سېنى ھەر كۆرسەم، ئۇنى ئەسلەيمەن. تىيانشان باغرىدا قاتار قارىغايلار، چەكسىز قىرلاردا يۇم-

ران مايسىلار ، باغلاردا چىمەن يېشىل بوستانلار ، گۈلشەندە كۆلەر گۈلى رەيھانلار — بۇلارنىڭ ھەممىسى يېشىللىق دېمەك . يېشىللىق دېمەك — ھاياتلىق دېمەك .

ئەي گۈزەل قاشتېشى : ھۆسنىڭ قانچە ، پەزلىڭ شۇنچە ؛ پەزلىڭ بىلەن قەدرىڭمۇ شۇنچە . ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى ، تېشىڭ بىلەن ئىچىڭ بىر ، ھۆسنىڭ بىلەن خۇلقۇڭ بىر . ئىسسىقنى كۆرۈپ ، ئېرىپ كەتمەيسەن ، سوغۇقنى كۆرۈپ ، توڭلاپ قالمايسەن . بوران - چاپقۇندىمۇ ئوخشاش ، يامغۇر - كەلكۈنلەردىمۇ ئوخشاش . قەسىر - ئايۋانلارغا قەندەل بولساڭمۇ بىر خىل ، پايە بولۇپ يەردە ياتساڭمۇ بىر خىل . ھەيكەل ياساپ ، تەكچىدە قويسىمۇ بىر خىل ، كۈرسى ياساپ ، يەردە قويسىمۇ بىر خىل . كۆتۈرگەنگە ئۇچمايسەن ، تاشلىغانغا سۇنمايسەن ، گۈزەللەرنىڭ قۇلىقىدا ھالقا ، بىلىكىدە بىلەزۈك ، بارمىقىدا ئۈزۈك بولغاندا پەخىرلەنمەيسەن ، تالىپقا قەلەمدان ، زاھىتقا تاۋاق بولغانغا قەھىرلەنمەيسەن . قىسقىسى ، ئىنساننىڭ ھاجىتى نېمە بولسا ، سەن شۇنىڭغا تەييارسەن . بۇ نېمىدېگەن ئالىيجانابلىق !

ئەي گۈزەل قاشتېشى : سېنى قانداقمۇ تەرىپلەپ بولاي . ئەڭ ياخشىسى ، سۆزۈمنى ئەمدى قىسقا قىلاي . ئوغۇلنىڭ مەردلىكى ئاتىغا تالىق ، قىزنىڭ ئۈزلۈكى ئانىغا تالىق ، داننىڭ توقلۇقى تۇپراققا باغلىق ، گۈلنىڭ جامالى ياپراققا باغلىق . سېنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن قاراقاش دەرياسى بىلەن يورۇڭقاش دەرياسىغا بارىكاللا ! شۆھرىتىڭنى جاھانغا يايغان ھۈنەرۋەن خوتەن خەلقىگە ھەشقاللا !

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . ئاپتور ياقۇت بىلەن پىروزا ، زۇمرەت بىلەن كەھرىۋانى ھۆسن - جامالدا قاشتېشىدىن گۈزەلرەك دەپ تۇرۇپ ، يەنە نېمىشقا «ھەربارە كۆزۈم سەندە ، ياندۇرۇپ يەنە سەندە !» دەپ يازىدۇ ؟

2 . تېكىستتە ئاپتور قاشتېشىنىڭ ئاقلىقى ، قارىلىقى ، كۆكلۈكى ، يېشىللىقى ھەققىدە ئاجايىپ مول تەسەۋۋۇرلارنى قىلغان . سىزمۇ تەسەۋۋۇرىڭىزنى قاناتلاندۇرۇپ ، قاشتېشىنىڭ خالىغان بىر تۈرى ھەققىدە بىرنەچچە ئوخشىتىش دەپ باقالامسىز ؟

3 . «ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى ، ... بۇ نېمىدېگەن ئالىيجانابلىق !» دېگەن پارچىدىكى قاشتېشىنىڭ يۇقىرىقىدەك خىسلىتىدىن قانداق ئىلھام ئالدىڭىز ؟

4 . بۇ بىر نەسرىي شېئىر ، سىلەر بۇ تېكىستنى ئىلگىرى ئۆگەنگەن «مېنىڭ ئاكام» ، «تەڭرىتاغ مەنزىرىلىرى» دېگەن تېكىست بىلەن سېلىشتۇرۇپ ، نەسرىي شېئىرنىڭ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىڭلار .

# 4 . بورانقۇش ناخشىسى

ماكسىم گوركىي[1]

شامال دېڭىزنىڭ ئاپئاق يۈزى ئۈستىدە قارا بۇلۇتلارنى يىغىدۇ. بۇلۇتلار ھەم دېڭىز ئارىلىقىدا قارا چاقماق چاپسانلىقىدا بورانقۇش مەغرۇر قانات قاقىدۇ.

گاھىدا دولقۇنلارغا قانات ئۇرۇپ، گاھىدا ئاقۇچ بۇلۇتلارنىڭ باغرىغا كىرىپ قىچقىرىدۇ، — بۇلۇتلار ئۇنىڭ تېتىك قىچقىرىشىدىن خۇشاللىق ئاھاڭلىرىنى ئاڭلايدۇ.

شۇ قىچقىرىشتىندۇر بوران چاڭقىغى! غەزەپ شىددىتىنى، ئىنتىلىش يالقۇنىنى ۋە غەلىبە ئىشەنچىسىنى شۇ قىچقىرىشتىن ئاڭلايدۇ بۇلۇتلار.

بېلىقئالغۇچلار[2] چىرقىرىشىدۇ بوران ئالدىدا، — چىرقىرىشىدۇ، ئۇچىدۇ ھولۇقۇشۇپ دېڭىز ئۈستىدە ۋە ئۆزلىرىنىڭ بوراندىن قورققۇشلىرىنى يوشۇرۇشقا ئۇلار تەيياردۇر دېڭىز تېگىگە.

ئوۋ قۇشلىرىمۇ[3] تولغىنىشىدۇ — ئۇلار ئوۋ قۇشلىرى، جەڭگىۋار ھايات خۇشاللىقلىرىدىن لەززەت ئالالمايدۇ؛ گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىشى قورقىتىدۇ ئۇلارنى.

ئەخمەق پىنگۋىن قورقۇپ[4] يوشۇرىدۇ ئۆزىنىڭ سېمىز گەۋدىسى-

---

① گوركىي (1868 — 1936) — ئەسلى ئىسمى ئالېكسېي ماكسىموۋىچ پېشكوف بولۇپ، گوركىي ئۇنىڭ تەخەللۇسى. ئۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ ئەدىبى. ئۇنىڭ «ئانا»، «فوما گوردېيېف» رومانى، «باللىق دەۋر»، «كىشىلەر ئىچىدە»، «مېنىڭ دارىلفۇنۇنلىرىم» دېگەن تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى ترىلوگىيىلىرى ۋە «مېشچانلار» ناملىق دراما ئەسەرلىرى بار. «بورانقۇش ناخشىسى» 1901 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، ئەينى دەۋردە كەڭ روس ئاممىسى تەرىپىدىن سۆيۈپ ئوقۇلغان، دەۋر روھىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرگەن ئىنقىلاب مارشى خاراكتېرىدىكى نادىر ئەسەرگە ئايلانغان.

② بېلىقئالغۇچ — بىر خىل دېڭىز قۇشى، دائىم دېڭىز قىرغىقىدىكى قىيالارغا ئۇۋا سالىدۇ.

③ ئوۋ قۇشى — ئىلمىي نامى شۇڭغۇغۇچ قۇش. شەكلى ئۆردەككە ئوخشايدۇ.

④ پىنگۋىن — سۇ ئاستىدا شۇڭغۇشقا ماھىر بىر خىل دېڭىز قۇشى. لېكىن پەرۋاز قىلالمايدۇ. قۇرۇقلۇقتا چىققاندا ھەمىشە پۇتى ۋە قۇيرۇقى بىلەن بەدىنىنى تىك قىلىپ تۇرىدۇ.

نى ، توگۇلۇپ قىيا تاشلار باغرىغا ! . . . پەقەت قورقماس بورانقۇشلا تېتىك ۋە ئەركىن ئۇچىدۇ ، كۆپۈكلەر بىلەن ئاقارغان دېڭىز ئۈستىدە !



دېڭىز ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار تېخىمۇ قويۇقلاشماقتا ۋە پەسەيمەكتە . دولقۇنلار بولسا ، تۇرۇپ كۈيلەيدۇ ، تۇرۇپ كۆككە ئىنتىلىپ گۈلدۈرمامىنى ئالقىشلايدۇ .

گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەيدۇ . غەزەپ كۆپۈكلىرى ئىچىدە دولقۇنلار توۋلايدۇ كۈرىشىپ شامال بىلەن . ئەنە شامال ئېلىۋاتىدۇ بىر توپ دولقۇنلارنى ئۆزىنىڭ كۈچلۈك قۇچىقىغا ۋە زەربە بىلەن ئېتىۋاتىدۇ ئۇلارنى ۋەھشي غەزەپ بىلەن قىيا تاشلارغا ، تاغدەك دولقۇنلارنى كۇكۇم - تالقان ئېتىپ .

بورانقۇش جارقىراش بىلەن ئۇچىدۇ ، قارا چاقماقتەك بۇلۇتلار باغرىنى تېشىدۇ ، ئوقىيا ئوقىدەك دولقۇن چاچراتقان ئۇنچە - مارجان-

لارغا قانات ئۇرىدۇ . ئەنە ئۇ غۇيۇلداپ ئۇچۇۋاتىدۇ دىۇىدەك — بورانلارنىڭ مەغرۇر (قورقماس) قارا دىۇىسىدەك — ھەم كۈلۈۋاتىدۇ ، ھەم چۇقان سالىدۇ ... ئۇ بۇلۇتلاردىن كۈلىدۇ ، ئۇ خۇشاللىقتىن چۇقان سالىدۇ !

گۈلدۈرماما غەزىپىدە ھارغىنلىق بارلىقىنى سەزگەن قاچانلىرى ئۇ ، — ھوشيار دىۇە ، — ئىشەنگەن : ئۇ قارا بۇلۇتلار قۇياش يۈزىنى توسۇيالمايدۇ ، — ياق ، ياق ، توسۇيالمايدۇ !

شامال گۈركىرەيدۇ ... گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەيدۇ .

كۆكوچ يالقۇنلاردەك لاۋۇلدايدۇ توپ - توپ قارا بۇلۇتلار تېگى يوق دېڭىز ئۈستىدە . چاقماق نەيزىلىرىنى تۇتىدۇ دېڭىز ، كېيىن ئۆچۈرىدۇ ئۆز ئوپقىنىدا ، يىلاندەك تولغىنىدۇ ئۇ چاقماقلارنىڭ ئەكسى ، يوقىلىۋېتىپ دېڭىزدا .

— بوران ! پات ئارىدا گۈركىرەيدۇ بوران !

بۇ — بۇ گۈركىرىگۈچى دېڭىز ئۈستىدىكى چاقماقلار ئارىسىدا مەغرۇر ئۇچۇۋاتقان تېتىك بورانقۇش . ئۇ غەلىبە خەۋەرچىسى ۋارقىراۋاتىدۇ :

— قويۇپ بەر ، يەنىمۇ قاتتىقراق گۈركىرىسۇن بوران...

1901 - يىل ، مارت

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . تېكىستتە بورانقۇشنىڭ جەڭگىۋار قىياپىتى ئۈچ قېتىم تەسۋىرلەنگەن ، بورانقۇشنىڭ چۇقانىمۇ ئۈچ قېتىم تەسۋىرلەنگەن . سىزچە بورانقۇش قانداق ئوبراز ؟

ئۇنى پەقەت بورانقۇش دەپلا چۈشىنىش كۇپايىمۇ ؟ بېلىقئالغۇچ ، ئۇۋ قۇشلىرى ، پىنگۇينلارنى تەسۋىرلەشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار ؟

2 . تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىدىكى ئاستى سىزىلغان ئوخشىتىشلارنىڭ

قانداق رولى بار ؟

1 ) بۇلۇتلار ھەم دېڭىز ئارىلىقىدا قارا چاقماق چاپسانلىقىدا بورانقۇش مەغرۇر قانات قاقىدۇ .

2 ) كۆكۈچ يالقۇنلاردەك لاۋۇلدايدۇ توپ ـ توپ قارا بۇلۇتلار تېگى يوق دېڭىز ئۇستىدە .

3 ) يىلاندەك تولغىنىدۇ ئۇ چاقماقلارنىڭ ئەكسى ، يوقىلىۋېتىپ دېڭىزدا .

* 3 . تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى ئۇندەش بەلگىلىرى قانداق رول ئوينىغان ؟ سىز تېكىستنى ئوقۇغىنىڭىز بويىچە ، مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى تولۇقلاپ يازالامسىز ؟

1 ) ئەخمەق پىنگۋىن قورقۇپ يوشۇرىدۇ ئۆزىنىڭ سېمىز گەۋدىسىنى ، تۈگۈلۈپ قىيا تاشلار باغرىغا ... پەقەت قورقماس بورانقۇش تېتىك ۋە ئەركىن ئۇچىدۇ ، كۆپۈكلەر بىلەن ئاقارغان دېڭىز ئۇستىدە !

2 ) ئۇ كۈلىدۇ ، ئۇ چۇقان سالىدۇ...

3 ) شامال گۈركىرەيدۇ ... گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەيدۇ...




# نان

مۇھەممەتجان سادىق[1]

تالڭ شەپقىدەك توقاچنىڭ
چىشلەپ يېدىم چېتىدىن . . .
ئاھ . . .
سەزگۈلەر ئويغاندى لەززەتنى تېتىپ ،
يالقۇن ئۆرلىدى يۈرەك قېتىدىن .
نان !
نانسىز ئۆتەرمۇ ئالەمدە بىر كۈن ،
كىملەر زېرىككەن تەمىنى تېتىپ ؟ !
ھايات ئۈنىگسىز ساماندەك سېرىق ـ
بولىدۇ
قېنىمۇ كېتىپ . . .
چىشلەپ يېگىنىمدە ئاق ناندىن
قەلبىمدە سۆيگۈدىن سىزىلدى بىر ئىز ،
تەشەككۈر كۆزىدە تىكىلدىم دېھقانغا ،
گۈلشەندەك كۆرۈندى ماڭا شۇ ئېتىز .

[1] مۇھەممەتجان سادىق 1928 ـ يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان . ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى ، تونۇلغان شائىر ۋە يازغۇچى . «بوز ئەر» ، «زۇلپىقار» ناملىق رومانلىرى ، «ئىلى بەرزەنتلىرى» ناملىق داستانى نەشر قىلىنغان .

يېزىقچىلىق

# باغلانما تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئەسەر مەزمۇنىنى بېيىتىش

باغلانما تەسەۋۋۇر بىر شەيئى ئارقىلىق باشقا بىر شەيئىنى ئويلاشتىن ئىبارەت پسىخىكىلىق پائالىيەتتۇر. يېزىقچىلىقتا باغلانما تەسەۋۋۇرنى قوللانغاندا، ئاپتور زامان ۋە ماكانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، ماتېرىياللارنى كەڭ دائىرىدە تاللاپ، جانلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتالايدۇ. بىر كۆرۈپلا ئىلھامى قوزغىلىپ يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى باغلانما تەسەۋۋۇرنىڭ مەھسۇلىدۇر. گوركىي ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ روسىيە چارپادىشاھىغا قارشى نامايىشىغا قاتنىشىپ، چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ قانلىق باستۇرۇشىنى، ئىنقىلاب پېشۋالىرىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، دەرھال بورانلىق يامغۇر يېتىپ كېلىش ئالدىدا، بورانقۇشنىڭ باتۇرانە، مەغرۇرانە ھالدا پەرۋاز قىلىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ھەمدە بۇ ئارقىلىق «بورانقۇش ناخشىسى» ناملىق نەسرىي شېئىرىنى يېزىپ چىققان. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاشتېشىنىڭ ھەربىر تۈرىنى تەسۋىرلىگەندە، ھەربىر رەڭگە ئالاقىدار شەيئىلەرنى باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق باغلانما تەسەۋۋۇرنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقان.

باغلانما تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشتە، تۇرمۇش ۋە كىتابتىن ئۆگىنىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، مول بىلىم ۋە تۇرمۇش

كارتىنىلىرىنى جۇغلاش، كۆپ ئويلىنىپ، تەسەۋۋۇرنى بېيىتىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا پىكىر يولىنى كېڭەيتكىلى، ئەتراپلىق ئويلىنىپ مول باغلانما تەسەۋۋۇرنى قانات يايدۇرغىلى بولىدۇ.

1. تۇرمۇشتىكى ئۆزىڭىزگە تونۇشلۇق بولغان بىرەر شەيئىنى، مەسىلەن، «يىلتىز»، «گىياھ»، «كۆۋرۈك» قاتارلىقلاردىن بىرەرىنى تۇتقا قىلىپ، باغلانما تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ ھەمدە ئىككى - ئۈچ ئورىگىناللىق بىر پارچە لىرىكىلىق ئەسەر يېزىڭ. شۇ خىل شەيئىنىڭ ئوبرازىنى كونكرېت تەسۋىرلەپلا قالماستىن، يەنە ئۆزىڭىزنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكىمۇ كۈچەڭ. ئەسەر ماۋزۇسىنى ئۆزىڭىز قويۇڭ.

2. كىتاب ئوقۇش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش داۋامىدا نۇرغۇن ئىشلاردىن ئىلھام ئېلىپ تۇرىسىز. ئىككى ھەپتە جەريانىدا ئۆزىڭىزگە تەسىر قىلغان مۇشۇنداق ئىشلاردىن ئىككى - ئۈچىنى تاللاپ يېزىپ كېلىڭ ھەمدە سىنىپتا ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭكى بىلەن ئالماشتۇرۇپ كۆرۈڭ.

## ئەسەر تۈزىتىش

بىز سۆز، جۈملە ۋە تىنىش بەلگىلىرىنى قانداق تۈزىتىشنى ئۆگىنىپ بولدۇق ھەمدە تۈزىتىش ئادىتىنىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە يېتىلدۈردۇق. بۇ يەردە ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك نۇقتا: سۆز ۋە جۈملىلەرنى تۈزەتكەندە، ئۇنى ئالدى - ئارقىسىدىكى جۈملىلەرنىڭ تىل مۇھىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويلىشىش كېرەك. بەزىدە مەلۇم بىر سۆز يالغۇز بىر جۈملىدە ئوبدان ئىشلىتىلگەندەك بىلىنىسىمۇ، لېكىن باشقا جۈملىلەردىكى مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مۇۋاپىق بولماي قالغانلىقىنى بىلىۋالىمىز. بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلگەندە، ئومۇمىي ئابزاس ياكى بۆلەكنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، سۆزلەرنى مۇۋاپىق تۈزىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

تۆۋەندە بېرىلگىنى مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسىدىكى بىر ئابزاس بولۇپ، ئالدى ـ ئارقىسىدىكى ئىككى سۆز ماسلاشمىغانلىقى ئۈچۈن، مەزمۇننى توغرا ئىپادىلەشكە تەسىر يەتكەن. سىز بۇنى تېپىپ تۈزىتەلەمسىز؟

باھار مەزگىلىدىكى بىر چۈشتىن كېيىن، سىم ـ سىم يامغۇر توختىماي ياغماقتا ئىدى. ساۋاقداشلار سىنىپتا جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلىشۋاتاتتۇق. تۇيۇقسىز ئۆمەر مۇئەللىم ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەلدى. بۇنى كۆرۈپ ھەممەيلەن ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بولۇشتۇق. ئەسلىدە ئۆمەر مۇئەللىمنىڭ ئاشقازىنى قاتتىق ئاغرىپ كېتىپ، دوختۇر ئۇنى ئۆيدە دەم ئېلىشقا بۇيرۇغانىدى. لېكىن، ئۇ بىزنىڭ ئوقۇشىمىزنى دەپ، كېسەللىي ۋە قاتتىق يامغۇرغا قارىماي، تەكرار قىلىپ بەرگىلى كەلگەنىدى. شۇڭا، بىز قانداقمۇ ھەيران ۋە خۇشال بولماي تۇرالايمىز؟

ئاغزاكى ئالاقە

# ئىدىيىۋى كۆزقاراشنى باغلىنىشلىق ئىپادىلەپ، تېمىدىن يىراقلاشماسلىق

كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش جەريانىدا، ئېغىز تىلى ئارقىلىق مەقسەت، ھېسسىياتنى ئىپادىلەش، ئۇچۇر يەتكۈزۈشكە توغرا كەلگەندە، ئىدىيىۋى كۆزقاراشنى باغلىنىشلىق ئىپادىلەپ، تېمىدىن يىراقلاشماسلىققا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىش تەس.

گەپ ـ سۆزنى چۈشىنىشلىك، باغلىنىشلىق، ئورۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن، سۆزلىگەندە چوقۇم ئېنىق بىر مەركىزىي نۇقتا بولۇش، شۇ نۇقتىنى چۆرىدىگەن ئاساستا سۆزلەش كېرەك. خۇددى مەشھۇر ناتىق كارنىگ «سىز ئۆز سۆزىڭىزنىڭ باش تېمىسىدىن ھەرگىز چەتنىمەسلىكىڭىز كېرەك» دەپ ئېيتقانغا ئوخشاش.

سۆزلىگەندە چوقۇم مەلۇم تەرتىپكە ئەمەل قىلىش كېرەك. ئۇزاق سۆزلەشكە توغرا كەلگەندە، ئاۋۋال ئوبدان ئويلىنىۋېلىش، قانداق باشلاش، قانداق ئاخىرلاشتۇرۇشنى پىلانلىۋېلىش، باش ـ ئاخىرىنىڭ، شۇنداقلا ھەربىر بۆلەك، ئابزاسلارنىڭ زىچ باغلىنىشلىق بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئەركىن پىكىر ئالماشتۇرغان چاغدىمۇ گەپ تېمىسىدىن، سۆھبەتنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىدىن چىقىپ كەتمەسلىككە دىققەت قىلىش، چىقىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ دەرھال تۈزەپ، يەنە ئەسلىدىكى مەقسەت بويىچە داۋاملاشتۇرۇشقا ماھىر بولۇش كېرەك. بىر تېمىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا باشقا تېمىغا ئۆتۈپ كېتىشكە،

گەپ شاخلىتىپ، تاغدىن - باغدىن سۆزلەشكە ھەرگىز بولمايدۇ. دالى كارنىگ بۇ خىل ئەھۋالنى تەنقىد قىلىپ، ئۇنى شەپەرەڭنىڭ كېچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا توختىماي ئۇچۇشىغا ئوخشاتقانىدى.

سۆزلىگەندە سۆز، جۈملىلەر ئۆلچەملىك بولۇشى كېرەك. سۆزلەش ئاغزاكى ئىپادىلەش دېمەكتۇر. شۇڭا، سۆزلىگەندە، ئۆز پىكرىنى ئېنىق ھەم راۋان ئىپادىلەپ، ئاڭلىغۇچىلارغا تولۇق چۈشەندۈرۈش كېرەك.

1 . كىچىك گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، «ئەدەبىيات دەرسلىكىمىز ھەققىدە سۆزلەپ باقايلى» دېگەن تېمىدا ئۆزۈڭلار ئوقۇغان ئەدەبىيات دەرسلىكى توغرىسىدىكى كۆزقارىشىڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار. بۇنىڭدا كۆزقاراشنى ئېنىق ۋە باغلىنىشلىق ئىپادىلەپ بېرىشكە دىققەت قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

2 . «ئىنتېرنېت تورى ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى» دېگەن تېمىدا دىئالوگ شەكلىدىكى سىنىپ يىغىنى ئېچىڭلار. رىياسەتچى بىلەن تەكلىپ قىلىنغۇچىلار سۆھبەتلەشسۇن، قالغان ساۋاقداشلار ئاڭلىغاچ سۆز قىستۇرۇپ تۇرۇڭلار.



## ئىككىنچى بۆلەك

# گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت

شەخسىيەتچىلىك قىلماسلىق، كەسىپنى ھۆرمەتلەش، سەمىمىي، دوستانە بولۇش، كەمتەر، كەڭ قورساق بولۇش ... خەلقىمىز تەشەببۇس قىلىپ ۋە ئىنتىلىپ كېلىۋاتقان ئەخلاق مىزانى ... «دوستلۇق ھەققىدە»، «ئادەمنىڭ ئالىيجانابلىقى ئۇنىڭ روھىيىتىدە» دېگەن تېكىستلەردىكى ئەخلاق تەشەببۇسلىرى كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق، سىزنىڭ قەلبىڭىز ئەخلاق - پەزىلەت ئاپتىپىدا يۇيۇنۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئىنتىلىدۇ.

# 5. ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى

يۇسۇپ خاس ھاجىپ[1]

2518 ئالىم ھەم ھېكىملەر يەنە سۆزلىدى،
ئۆزىن ئۇتمىغان ئەر بېشىنى يەر دېدى.

5403 تىرىش، ئەقلىڭ بىلەن يېڭىلسۇن ھاۋا،
ھەۋەستىن يېڭىلسە، بولۇر ئەر ياۋا.

5389 كۆزى ئاچقا يەتمەس پۈتۈن بۇ جاھان،
قانائەت قىلغانلار بەختلىك ھامان.

2006 ئۇيات كىمدە بولسا، سىلىق خۇيلۇق ئول،
ناچار ئىشقا ھەرگىز ئۇ سۇنمايدۇ قول.

2008 ئۇيات — بارچە يامان ئىشتىن توسقۇچى،
پۈتۈن ياخشى ئىشقا ئۇلاشتۇرغۇچى.

4733 بۇ دۇنيا ئىچى بىر تىرىلغۇ ئېرۇر،
نېمە ئەكسە تاڭغا شۇ نەرسە ئۈنۈر.

---

① بۇ تېكىست قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر، مەشھۇر دۆلەت ئەربابى، سىياسىئون يۇسۇپ خاس ھاجىپ (1019/20—1085/6) نىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىن ئېلىندى. ماۋزۇسى تۈزگۈچىلەر تەرىپىدىن قويۇلدى.

246 كىشى ياخشى ئات بىرلە ئالقىش ئالۇر .
يامان ئاتلىق ئولسا ، ئۇ قارغىش ئالۇر .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . ئادەمدە نېمە ئۈچۈن ئۆز ـ ئۆزىنى تىزگىنلەش ئېڭى بولۇشى كېرەك ؟ سىز بۇ تېكىستنى ئوقۇغاندىن كېيىن بىر ئادەمنىڭ ئادەم بولۇشى ئۈچۈن قايسى جەھەتلەردە ئۆز ـ ئۆزىنى تىزگىنلەش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىڭىز ؟

2 . شائىرنىڭ «قانائەت قىلغانلار بەختلىك ھامان» دېگەن كۆز قارىشىغا قانداق قارايسىز ؟ نېمە ئۈچۈن ؟

# 6 . دوستلۇق ھەققىدە

شەمسۇلمائالى قابۇس[①]

ئەي ئوغۇل ، ئەقىل ئىگىلىرى ئۆزىگە دوست تېپىشقا تىرىشىدۇ ، ھەرخىل ئادەملەر بىلەن دوست بولۇشتىن قاچمايدۇ . دوستسىزلىقتىن قېرىنداشسىزلىق ياخشىراق . بىر پەيلاسوپتىن «دوست ئارتۇقمۇ ، قېرىنداش ئارتۇقمۇ ؟» دەپ سورالغاندا ، پەيلاسوپ : «ئەگەر قېرىنداش ۋاپادار ، شەپقەتلىك ، مېھرىلىك بولسا قېرىنداش ئارتۇق . ئەگەر قېرىنداش كۆيۈملۈك ، ۋاپادار بولمىسا يات ۋاپادار — دوست ئارتۇق» دەپ جاۋاب بەرگەن . دوستلۇققا سوۋغات ، تۆھپە ئەۋەتىش ۋە ئادەمگەرچىلىك بىلەن دوستلۇقنى مۇستەھكەملەش لازىم . دوستلۇق رىشتىسىنى يېڭىلاشقا تىرىشىش لازىم . دوستلىرىغا رىئايە قىلمىغان كىشى دوستسىز قالىدۇ . كىشىنىڭ دوستلىرى كۆپ بولسا ئەيىبلىرى يېپىلىدۇ ، ياخشىلىقلىرى ئاشكارا بولىدۇ . يېڭى دوست تۇتساڭ ، كونا دوستلىرىڭدىن يۈز ئۆرۈمە . ياخشى دوست ئۇلۇغ خەزىنىدۇر . ھەمىشە دوستۇڭ كۆپ بولۇشىنىڭ پىكرىدە بولۇشۇڭ كېرەك . ئەمما ، سەن بىلەن شەكىلدە دوستتەك يۈرۈپ يېرىم دوستلۇق قىلسا ، مۇنداق دوستلارغا ئىچكى سىرىڭنى ئېيتما . لېكىن ، ئۇلارغا مېھرىلىك بولغايسەن . سەندىن ياخشىلىق كۆرسە يېرىم دوستلۇقتىن پۈتۈن دوستلۇققا ئۆزگىرىدۇ . دوستلىرىڭ بىلەن سوغۇقچىلىق پەيدا بولۇشتىن ساقلىنىشىڭ زۆرۈر . مۇبادا دوستلىرىڭ بىلەن ئارىدا يىراقلىشىش - ئاغرىنىش يۈز بەرسە ، تېز ئۆزرە ئېيتىپ ، ئەپۇ سورىغىن .

---

① شەمسۇلمائالى ئەبۇلھەسەن ۋەشمىگىر قابۇس — 11 - ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن پادىشاھ ، ئالىم ، پەيلاسوپ ، شائىر . ئۇنىڭ «قابۇسنامە» ناملىق ئەسىرى دۇنياغا مەشھۇر . ئۇ بۇ ئەسەرنى ئوغلىغا نەسىھەت قىلىش مەقسىتىدە يېزىپ چىققان . بۇ پارچە ئۇنىڭ «قابۇسنامە» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى .

ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن، دوستۇڭنىڭ مىجەزىگە قاراپ ھەرىكەت قىل. دوستلىرىڭنىڭ دوستلىرىغا قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل. چۈنكى، دوستلىرىڭنىڭ دوستلىرىمۇ ساڭا دوستتۇر. ئەمما، دۈشمىنىڭگە دوست بولغان دوستتىن ساقلىنىشىڭ كېرەك، ئۇنىڭغا سىرىڭنى بىلدۈرمە. ئۇنىڭ دۈشمىنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقى ساڭا بولغان دوستلۇقتىن ئارتۇقراق بولۇشى ۋە ئۇ ساڭا خائىنلىق قىلىشى ئېھتىمالغا يېقىن. لېكىن، ئەقىللىق دوست بولۇپ، دۈشمىنىڭ بىلەن سېنىڭ ئاراڭنى ياخشىلاشقا ئىجتىھات قىلسا، زىيىنى يوق، بەلكى پايدىسى بار. يەنە بىلىشىڭ لازىمكى، دوستۇڭغا دۈشمەن بولغان دوستۇڭدىن ئالاھىدە ئېھتىيات قىل. بۇ ئېيتقانلىرىم دۇنيا ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىغا قارىتىلغان. ئەگەر بىر دوستۇڭ ئەرزىمەس ۋە ئازلا بىر نەرسە ئۈچۈن سەندىن باشقىلارغا شىكايەت قىلسا، مۇنداق دوستۇڭدىن خاتىرجەم بولما ۋە دوستلۇق ئۈمىدىنى قىلما. مۇناپىق دوستتىن ھەزەر قىل، مۇناپىق دوست شۇكى، تاشقى كۆرۈنۈشتە دوست بولۇپ، ئىچكى جەھەتتە (قەلبىدە) دۈشمەنلەر بىلەن مۇئامىلە ـ يېقىنچىلىق قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەردىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشىڭ لازىم. ئەقىلسىز دوستتىنمۇ غاپىل بولما، دانالار ئېيتقانكى: «ئەقىلسىز دوستتىن ئەقىللىق دۈشمەن ياخشى». چۈنكى، ئەقىلسىز دوستتىن زىيان يېتىش ئېھتىمالى بار. ئەقىللىق دۈشمەندىن پايدا يېتىش ئېھتىمالى بار. دۇنيادا ھېچ كىشىنى ئەيىبسىز دەپ قىياس قىلما ۋە بىلىمسىز، ھۈنەرسىز كىشىلەرنى دوست تۇتما، چۈنكى ھۈنەرسىز ئادەمدىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ، شاراب مەجلىسىدە ئۆزۈڭ بىلەن شاراب ئىچكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى قارا ـ قويۇق دوست دەپ ھېسابلىما، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھاراق دوستلىرىدۇر. يالغۇزلۇقنى يامان ئادەم بىلەن ھەمسۆھبەت بولغاندىن ئەلا بىلگىن. «يامان ئادەملەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشتىن يالغۇزلۇق ياخشى» دۇر، ياخشى دوستنىڭ ئالامىتى شۇكى، دوستىدىن بىر نەرسىنى ئايىمايدۇ. دوستىنىڭ قولى قىسقا بولۇپ ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۆرمىسىمۇ يۈز ئۆرۈمەيدۇ. دوستى ۋاپات بولغاندا، دوستىنىڭ ئەۋلادىغا،

توغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلىدۇ. قەبرىسىگە بېرىپ خۇدادىن مەغپىرەت ۋە رەھمەت تىلەپ، دوستىنىڭ روھىغا دۇئا قىلىدۇ.

دوستلىرىڭنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ ئۇنىڭدىن بىپەرۋا بولما، مىڭ دوستۇڭ بولسىمۇ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ سۆيگەندىن ئارتۇق سۆيمەيدۇ. راھەت - پاراغەت ۋە مېھنەت، يوقسۇزلۇق ۋاقىتلىرىدا دوستلۇقنى بۇزمىغان دوست چىن دوستتۇر. مۇنداق دوست بەك ئاز تېپىلىدۇ. سېنىڭ بېشىڭغا قاتتىق كۈنلەر كېلىپ بالا ۋە جاپاغا دۇچار بولغاندا، سەندىن قېچىپ دۈشمىنىڭگە دوست بولغان ئادەم سېنىڭ دوستۇڭ ئەمەس. دوستلىرىڭدىن كۆڭلۈڭ ئاغرىغان ۋاقىتلاردىمۇ، بۇرۇنقى خۇشاللىق چاغلاردىكىدەك مۇئامىلە قىل. دوستۇڭغا ھەرگىز سىرىڭنى بىلدۈرمە. چۈنكى، ئاراڭلاردا ئىناقسىزلىق پەيدا بولسا، ساڭا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. بۇ چاغدا پۇشايمان پايدا قىلمايدۇ. يوقسۇل بولساڭ بايلار بىلەن دوست بولما. كەمبەغەل بىلەن ھېچ كىشى دوست بولمايدۇ. خۇسۇسەن بايلار كەمبەغەل بىلەن دوست بولمايدۇ. ھەرقاچان ئۆز دەرىجە، ئۆز مەرتىۋەڭدىكى ئادەملەر بىلەن دوستلۇقتا ئۆتكىن. ئەمما، سەن باي بولساڭ، كەمبەغەل، يوقسۇللار بىلەن دوست بولۇشۇڭ سائادەتتۇر. ئەگەر كىشىلەر بىلەن دوست بولساڭ، دوستلۇققا رىئايە قىل. خەقمۇ سەن بىلەن بولغان دوستلۇق ھەققىنى ئادا قىلىدۇ. دوستلىرىڭغا نىسبەتەن كۆڭلۈڭنى سەممىي تۇت. ئاق كۆڭۈل بول، ھەممە ئىشلىرىڭنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولىدۇ. ئەگەر دوستۇڭ ھەققىدە سەندىن گۇناھ ئۆتمەي ئۇ سەندىن كۆڭۈل ئۈزسە، ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىشقا ئالدىرىما. سەۋەبسىز سەندىن كۆڭۈل ئۈزگەن كىشى دوستلۇققا يارىمايدۇ. سەندىن پايدا ئۈمىد قىلىپ دوست بولغان ئادەم بىلەن دوستلۇق قىلما. ئاداۋەت تۇتىدىغان ئادەم بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەتتە بولما. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ كۆڭلى ئاداۋەت بىلەن تولسا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە دوستلۇق مۇھەببىتى ئورۇن ئالمايدۇ. مۇھەببەت، زوق، دوستلۇق بىر نۇردۇر. ئاداۋەت بىر قاراڭغۇ زۇلمەتتۇر. بۇ ئىككىسى بىر يەردە ئورۇن تۇتمايدۇ. يەنە ھەسەتخور، كۆڭلى تار، بىراۋنىڭ ياخشى كۈنىگە چىدىمايدىغان ئادەم بىلەن دوست

بولما . چۈنكى ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ھەسەت زەھىرى ئۆكسىمەيدۇ . ھەرقاچان ساڭا ئازار يەتكۈزۈش ، زىيان يەتكۈزۈش مەقسىتىدە بولىدۇ . سېنىڭ دوستلۇق قىلغىنىڭ ئۇنىڭ زەھەرلىك كۆڭلىگە تەسىر قىلمايدۇ .

ئەي كۆڭۈل قاچقىن باياۋانلاردا ۋەھشىيلەر كەبى ،
بولمىغىن ئۆلپەت يامانلار بىرلە ياخشىلار كەبى .

تۇتقىچە ئۆلپەت يامانلار بىرلە ، يالغۇزلۇقتا بول ،
لەئىل كانى ئىچرە قىينالغان بەدەخشانلىق كەبى .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . بىز نېمىشقا دوست تۇتىمىز ؟

2 . بۇ ئەسەر مىلادىيە 11 ـ ئەسىردە يېزىلغان بولۇپ ، ئاپتور دوستلۇق ھەققىدىكى نەسىھەتلىرىنى ، قانداق ئادەملەرنى دوست تۇتۇش ، قانداق ئادەملەرنى دوست تۇتماسلىق توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى بايان قىلغان . بىراق ، بۇ ئەسەر بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى يېزىلغان بولغاچقا ، بەزى چەكلىمىلىكلەرمۇ يوق ئەمەس . ئۇنداقتا ، سىز ئاپتورنىڭ دوستلۇق ھەققىدىكى قايسى خىل قاراشلىرىغا قوشۇلىسىز ، قايسى خىل قاراشلىرىغا قوشۇلمايسىز ، نېمە ئۈچۈن ؟

* 3 . سىزنىڭ نۇرغۇن دوستلىرىڭىز بولۇشى مۇمكىن ، ئۇنداقتا ، سىز دوستلۇقنىڭ ھەقىقىي ئۆلچىمى ۋە پرىنسىپىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ، دوستلىرىڭىزغا كۆڭلىڭىزدە قايتىدىن باھا بېرىپ بېقىڭ .

4 . سىز دوستلۇق ھەققىدە قانداق ماقال ـ تەمسىل ، ھېكمەتلىك سۆز ياكى شېئىرىي پارچىلارنى بىلىسىز ؟

# 7 . ئادەمنىڭ ئالىيجانابلىقى ئۇنىڭ روھىيىتىدە

جۇ گوپىڭ

فرانسىيە مۇتەپەككۇرى پاسكالنىڭ[①] «ئادەم پىكىر قىلالايدىغان قومۇش» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بار . ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى ، ئادەم قومۇشقا ئوخشاش ئاجىز كېلىدۇ ، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر نەرسە ئۇنى ھالاك قىلالايدۇ ؛ ئەمما ، شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ ئادەم دۇنيادىكى بارلىق نەرسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ ، چۈنكى ئۇنىڭدا پىكىر قىلالايدىغان قەلب بار ، دېگەنلىكتىن ئىبارەت . ئەلۋەتتە ، بىز ئۆز جىسمىمىزنىڭ بىر پارچە گۆش ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز ، لېكىن ئادەمنىڭ ئالىيجانابلىقى ئۇنىڭ روھىيىتىدە . جىسمىمىزنىڭ گۆشتىن پۈتۈلگەنلىكىنى نەزەرگە ئالغاندا ، ئادەملەرنى ئالىيجاناب ، پەسكەش دەپ ئايرىشنىڭ ھاجىتى يوق . لېكىن ، روھىيىتىدىكى پەرققە ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا زور پەرق مەۋجۇت بولغاچقىلا ، روھىيىتى باي ۋە روھىيىتى قۇرغاق ، ئالىيجاناب ۋە پەسكەش دەپ ئايرىلغان .

2000 يىل ئىلگىرى رىم قوشۇنلىرى گرېتسىيىنىڭ بىر شەھىرىنى ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋالغاندا ، ئۇلار بىر بوۋاينىڭ يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە بىر چەمبەرنى تەتقىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن . ئۇ قەدىمكى داڭلىق فىزىك ئارخىمىد ئىدى . رىم لەشكىرى ئۇنى قىلىچ بىلەن چاپماقچى بولغاندا ، ئۇ : «مېنىڭ چەمبىرىمنى دەسسىۋەتمەڭلار !» دېگەن بىر جۈملە گەپنىلا دېيىشكە ئۈلگۈرەلىگەن . ئۇنىڭ نەزىرىدە

① بلايىس پاسكال (1623 — 1662) — فرانسىيىلىك ماتېماتىك ، فىزىك ، پەيلاسوپ .

بەرگە سىزىپ قويۇلغان چەمبەر ئۆزىنىڭ ھاياتىدىنمۇ قىممەتلىك بىلىنگەن. ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى، ياۋروپا، ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى بويسۇندۇرغان بۈيۈك ئىمپېراتور ئالېكساندىر گرېتسىيىنىڭ بىر شەھەرىنى كۆزدىن كۆچۈرگىلى بېرىپ، بەردە ئاپتاپسىنىپ ياتقان پەيلاسوپ دىئوگېننى[1] ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭدىن: «ساڭا نېمە لازىم؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ماڭا چۈشۈۋاتقان ئاپتاپنى توسۇۋالمىساڭلا بولدى!» دېگەن. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاپتاپسىنىغاچ پىكىر يۈرگۈزۈش بۈيۈك ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ كاتتا تارتۇقىدىنمۇ ئەۋزەل بولغان. 1000 يىللار مابەينىدە ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن بۇ ئىككى ھېكايىدىن قەدىمكى گرېتسىيىلىك دانىشمەنلەرنىڭ مەنىۋىيەتنى قانچىلىك قەدىرلەيدىغانلىقىنى، پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغانلىقىنى، مەنىۋىيەتنى ھەرقانچە ئېسىل تارتۇقتىنمۇ ئەۋزەل بىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئىچكى دۇنياسىدىكى روھىي بايلىقنى تاشقى دۇنياسىدىكى ماددىي بايلىقتىن ئەۋزەل كۆرۈش قەدىمدىن تا ھازىرغىچە ئۆتكەن دانىشمەنلەردىكى ئورتاق ئالاھىدىلىك. ئەنگلىيىلىك يازغۇچى ئوسكار ۋىلد ئامېرىكىغا ساياھەتكە بېرىپ، چېگرىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، تاموژنا خادىمى ئۇنىڭدىن تاموژنىدىن ئۆتكۈزىدىغان نەرسىلىرىڭىز بارمۇ، دەپ سورىغان. ئۇ شۇئان: «مېنىڭ تالانتىمدىن بۆلەك ھېچنېمەم يوق!» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇنىڭ پۇلغا يارىغۇدەك ھېچنەرسىسى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئالتۇنغا بەرگۈسىز تالانتىدىن پەخىرلەنگەن. دەل شۇ مەغرۇر يازغۇچى ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرىدە بىزگە: «دۇنيادا ئادەمنىڭ روھىيىتىدىنمۇ قىممەتلىك بايلىق يوق. ھېچقانداق نەرسىنى روھىيەتكە سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ» دېگەن.

ئەمەلىيەتتە، بۇ مەشھۇر كىشىلەرنى مىسالغا ئالماي، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرگە سەللا ئەستايىدىل نەزەر سالىدىغان بولساقمۇ، ئادەتتە ناھايىتى ئاددىي بىلىنگەن ئىشلار، ئادەتتىكىچە كىشىلەرنىڭ

---

① دىئوگېن (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 404 — 323 - يىللىرى) — قەدىمكى گرېتسىيىلىك پەيلاسوپ. ئەبشەت دۇنياسىغا قايتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

روھىيتىدىنمۇ كىشىنى تەسىرلەندۈرەلىگۈدەك ئالىيجانابلىقلارنى كۆ-
رەلەيمىز .

بىر قېتىم مەن پويىزغا ئولتۇرۇپ ساياھەتكە چىقتىم . پويىز ئۈچقاندەك كېتىۋاتاتتى . ۋاگونلار توختىماي تاراقشىيتتى . يولۇچىلار-نىڭ بەزىلىرى پاراڭلاشسا ، بەزىلىرى قارتا ئوينايتتى ، يەنە بەزىلىرى ئۈنى - بۈنى يېيىشمەكتە ئىدى . بىر قىز ۋاگوننىڭ بىر بۇلۇڭىدا پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب ئوقۇۋاتاتتى . ئۇ كىتابقا شۇنچىلىك بېرى-لىپ كەتكەنكى ، كىچىك بىر خاتىرە دەپتىرىگە پات - پات نېمىلەرنى-دۇر خاتىرىلەيتتى . ئەتراپىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ قۇلىقىغا كىرىپمۇ چىقمايتتى . ئۇنىڭ بۇ خىرامان تۇرقىغا قاراپ ، تەسىرلەنگىنىمدىن ئىختىيارسىز ئۆسمۈرلۈك دەۋرىمنى ئەسلەپ قالدىم . ئۇ چاغلاردا مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ، ھەرقانچە ۋاراڭ - چۇرۇڭ بولسىمۇ ، قولۇم-دا كىتابلا بولىدىغان بولسا ، ھەممىنى ئۇنتۇيتتۇم . مانا ھازىر مەن بىر يازغۇچى بولۇپ قالدىم ، نەچچە كىتابىم چىقتى . لېكىن ، شۇنداق-تىمۇ باش چۆكۈرۈپ كىتاب ئوقۇۋاتقان بۇ قىزغا زوقلىنىپ قارىغى-نىمچە ، پاك ھېسسىياتلار بىلەن قوغلاشقان ھەم كەلمەسكە كەتكەن ئاشۇ گۈزەل ياشلىقىمنى ئەسلەپ ئولتۇرۇپتىمەن .

نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، پويىزدىكى ئاشۇ قىز زادىلا كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى . ئەمما ، ئۇنىڭ ھازىر قانداقلىقىنى بىلمەيمەن . مېنىڭ كۆزىتىشىمچە ، ئادەملەرنىڭ تولىسى ياش مەزگىل-لىرىدە خىيالىي كېلىدۇ ، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئاستا -ئاستا رېئاللىققا قايتىدۇ . ياشاش رىقابىتىنىڭ بېسىمى ۋە ماددىي پايدىنىڭ قىزىقتۇرۇشى سەۋەبىدىن ، ھەممەيلەن نەزىرى ۋە زېھنىنى تاشقى دۇنياغا ئاغدۇرىدۇ - دە ، ئىچكى دۇنيا بىلەن كارى بولمايدۇ . ئاقىۋەتتە روھىيىتى بارغانچە يىگلەپ ۋە قۇرغاقلىشىپ ، كۈن بويى ئالدىراشلا يۈرىدىغان قۇرۇق جىسىملا قالىدۇ . بىر ئادەمگە نىسبەتەن ، بۇنىڭدىنمۇ پاجىئەلىك ئىش بولمىسا كېرەك . شۇلارنى ئويلاۋېتىپ ، ئىچىمدە ھېلىقى قىزنىڭ مەڭگۈ ئاشۇ پاك ئېتىقادى بويىچە ياشىشىنى ، ھەرگىز بۇ پاجىئەلىك يولغا ماڭماسلىقىنى تىلىدىم .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . تېكىستنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئادەمنىڭ روھىيىتىدىكى ئالىيجانابلىقنىڭ قانداق جايلاردا ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىڭىز؟ ناۋادا «ئالىيجاناب» دېگەن سۆزنى «يۈكسەك» دېگەن سۆزگە ئالماشتۇرساق بولامدۇ؟

2 . ئارخىمېد رىم لەشكىرىنىڭ قىلىچى ئاستىدا تۇرۇپ: «مېنىڭ چەمبىرىمنى دەسسىۋەتمەڭلار!» دېگەن. دىئوگېن ئىمپېراتور ئالېكساندىر ئۆزىدىن نېمە لازىم دەپ سورىغاندا، «ماڭا چۈشۈۋاتقان ئاپتاپنى توسىۋالمىساڭلا بولدى!» دېگەن. ھەر ئىككىسىنىڭلا سۆزى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. بۇ ئىككى جۈملە سۆزگە قانداق چوڭقۇر مەنە يوشۇرۇنغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

3 . تېكىستتە: «ئەمەلىيەتتە بۇ مەشھۇر كىشىلەرنى مىسالغا ئالماي، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرگە سەللا ئەستايىدىل نەزەر سالىدىغان بولساقمۇ، ئادەتتە ناھايىتى ئاددىي بىلىنگەن ئىشلار، ئادەتتىكىچە كىشىلەرنىڭ روھىيىتىدىنمۇ كىشىنى تەسىرلەندۈرەلىگۈدەك ئالىيجانابلىقلارنى كۆرەلەيمىز» دېيىلگەن. سىزمۇ كۈندىلىك تۇرمۇشتا مۇشۇنداق «ئالىيجاناب كىشىلەر»نى ئۇچراتقانمۇ؟ سۆزلەپ بېقىڭ ھەمدە ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇڭ.

4 . تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ چىقىڭ.

# 8 . پەزىلەتلىك شەھەر باشلىقىنىڭ سۈپەتلىرى

فارابى[1]

بۇ ، ئۈستىدە ھېچقانداق ئادەم بولمايدىغان رەئىستۇر (باشلىقتۇر) . ئۇ پەزىلەتلىك شەھەرنىڭ رەھبىرى ۋە رەئىسىدۇر . ئۇ ھەم پەزىلەتلىك مىللەتنىڭ رەئىسى ، ھەم ماكان بولغان يەر يۈزىنىڭ رەئىسىدۇر . بۇ ھال پەقەت تۇغۇلۇشىدىن 12 خىل سۈپەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان كىشىگە نېسىپ بولىدۇ .

ئالدى بىلەن بەدىنى ساغلام ھەم ھەممە ئەزالىرى تولۇق ۋە ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئورۇندىيالايدىغان بولۇشى لازىم .

ئاندىن ئۆزىگە سۆزلەنگەن ھەربىر نەرسىنى تەبىئىتى بىلەن ياخشى ئاڭقىرىپ چۈشىنىش كېرەككى ، ھەم سۆزلىگۈچىنىڭ مەقسىتىنى ، ھەم سۆز تېمىسى نېمە ھەققىدە بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىكى لازىمدۇر .

ئاندىن خاتىرىسى قۇۋۋەتلىك بولۇشى كېرەككى ، چۈشەنگەن ، كۆرگەن ، ئاڭلىغان ۋە ھېس قىلغان ھەربىر نەرسىنى ئېنىق ئېسىدە ساقلىشى ۋە ئۇنتۇماسلىقى كېرەك .

سەگەك ۋە ھوشيار بولۇشى كېرەككى ، ئۇچراتقان ھەربىر ئۇششاق دەلىللەرنىمۇ ئوبدان پەرقلەندۈرۈپ ، ئۆز ئورنىدا قوللىنىشنى بىلىشى لازىم .

---

① فارابى — تولۇق ئىسمى ئەبۇ نەسىر ئەل فارابى (870 – 950) . ئۇيغۇر – قارلۇق ئالىمى ، دۇنياغا مەشھۇر ئۇلۇغ پەيلاسوپ . دۇنيادا ئارىستوتىلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ تەرىپلىنىدۇ . بۇ تېكىست ئەل فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى . «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى» ناملىق بۇ كىتاب «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2002 – يىللىق 3 – ، 4 – ، 5 – سانلىرىدا تۇراق تىلىدىن تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان .

چىرايلىق سۆھبەتلىشىشنى بىلىش لازىمدۇركى، ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىدىكى ھەربىر نەرسىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئىزاھلىيالايدىغان بولۇشى كېرەك.

ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىشنى سۆيۈشى، بۇنىڭغا ئۆزىنى بېغىشلىغان بولۇشى ۋە ھەربىر نەرسىنى تېز ئۆگىتىشى لازىمدۇركى، ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىش ئىشلىرىدىن نە ئىزتىراپ چېكىدىغان، نە ھېرىپ - چارچاپ قالىدىغان بولماسلىقى كېرەك.

يېمەك - ئىچمەككە ۋە ئاياللارغا بېرىلگەن بولماسلىقى ۋە تەبىئىتى بىلەن ئويۇن - تاماشىدىن ئۆزىنى تارتقان بولۇشى لازىم.

راستچىللىقنى ۋە سەمىمىي، راستچىل ئادەملەرنى سۆيۈشى، يالغانچىلىقتىن ۋە يالغانچىلاردىن نەپرەتلىنىدىغان بولۇشى لازىم.

ئۇلۇغ بولۇشى ۋە ئۇلۇغلۇقنى سۆيۈشى لازىمدۇركى، خىجالەتتە قالىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالماسلىقى، تەبىئىتى بىلەن يۈكسەك نەرسەلەرگە ئىنتىلىدىغان بولۇشى، ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىقلار ۋە باشقا دەپىن - دۇنيالارغا ئۆزىنى ئۇرماسلىقى لازىم.

ئادالەتنى ۋە ئادالەتپەرۋەر كىشىلەرنى سۆيۈشى، ئىستىبداتتىن، زۇلۇمدىن، زالىملاردىن نەپرەتلىنىشى لازىمدۇركى، ئۆز قوۋم - قېرىنداشلىرىدىنمۇ، باشقىلاردىنمۇ ھەقىقەت ئىزدىشى ۋە ئۇلارنى ھەققانىيەتكە دەۋەت قىلىشى، ئىستىبدات قۇربانلىرىنىڭ دەرد - ھالىغا يېتىشى، گۈزەل ۋە ياخشى دەپ قارىغان نەرسىلەرنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك.

ئوتتۇراھال (مۆتىدىل) مىجەزدە بولۇشى كېرەككى، ئۆزىدىن ئادالەت تەلەپ قىلىنغان ۋاقىتتا قەھر - غەزەپ كۆرسەتمەسلىكى، ئىتتىكلىك ۋە تەتۈرلۈك قىلماسلىقى، لېكىن ئىستىبداتقا ۋە يامانلىققا دەۋەت قىلىنغان ھامان قەھر - غەزەپ، تەتۈرلۈك كۆرسىتىشى لازىم.

ئاجايىپ مۇستەھكەم ۋە ئۇلۇغ بىر ئىرادە ئىگىسى بولۇشى كېرەككى، زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جاسارەت كۆرسىتىشى، ھەرگىزمۇ قورقۇنچاق ياكى يۇمشاق قول بولماسلىقى لازىم.

بۇ سۇپەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر كىشىدە توپلانغان بولۇشى قىيىن بولغاچقا ، بۇنداق يارىتىلغان كىشىلەر ئىنسانلار ئارىسىدا ئاز ئۇچرايدۇ . ئەگەر پەزىلەتلىك شەھەردە مۇشۇنداق بىر كىشى بولۇپ ۋە چوڭ بولغان ھامان يۇقىرىدا بايان قىلغان رىياسەت (باشلىقلىق ) شەرتلىرىنىڭ دەسلەپكى ئالتىسىنى ياكى بەشىنى ھازىرلىغان بولسا ، بۇلاردىن تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىگە ئائىت بولغان باشقا خىلدىكى سۇپەتلەر ئۇنىڭدا ھازىرلانمىغان بولسىمۇ ، رەئىس بولسا بولىدۇ .

* * *

پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى بىلىدىغان ۋە قىلىدىغان ئورتاق نەرسىلەر بولغىنىغا ئوخشاش ، بىلىم ۋە ئىشتا ھەر تەبىقىنىڭ ۋە ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس نەرسىلىرىمۇ باردۇر . ئۇلار بەخت باسقۇچىغا مۇنۇ ئىككى نەرسە بىلەن يېتەلەيدۇ . بىرى ، ھەربىر ئادەم-نى باشقىسىغا باغلاپ تۇرغان باراۋەرلىك بىلەن ، يەنە بىرى ، شۇ ئادەمنى ئۆزى مەنسۇپ بولغان تۈركۈمگە باغلاپ تۇرغان باراۋەرلىك بىلەن ، ھەربىر كىشى بۇ بەختكە ئۇلاشماق ئۈچۈن ئەجىر قىلسا ، روھىي جەھەتتىن تېخىمۇ ئۈستۈن سەۋىيىگە بارىدۇ . مۇشۇ يولدا تىرىشقانسېرى روھىي ئۈستۈنلۈكى ئارتىپ ، كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بى-لەن پەزىلەت قۇۋۋىتىگە ئېرىشىدۇ . ئەمەلىيەتتىمۇ چىرايلىق خەت يېزىش ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت مەشىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . چىرايلىق خەت يېزىش ماھارىتىنى ئىگىلىگىنىمىزدىن كېيىن يازغانسېرى ماھا-رىتىمىزدە بالاغەت ۋە ئۈستۈنلۈك كۆرۈلىدۇ . روھنىڭ بۇ ئۈستۈنلۈك-تىن ھېس قىلغان زوقى ئارتقانسېرى خەتتاتلىققا بولغان ئىشقىمۇ ئارتىپ بارىدۇ .

بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان ئىشلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ماھىيەتتە بولۇپ ، ئىنسان ئۇلار بىلەن قانچىلىك كۆپ مەشغۇل بولسا ۋە قانچە كۆپ تەكرارلىسا ، شۇنچە قۇۋۋەتلىك ۋە شۇقەدەر ئۈستۈن ھەم مۇكەم-مەل بىر بەخت مەرتىۋىسىگە يېتىدۇ . ئەڭ ئاخىرىدا ماددىدىن تامامەن

بىزار بولۇپ ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ ـ دە، ماددىنىڭ يوق بولۇشى بىلەن ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇش، نە ماددىنىڭ باقىي قىلىشى بىلەن ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتاپ، ئۇنىڭغا موھتاج بولۇشى دېگەندەك ھالەتلەر بولمايدۇ.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. فارابى دۇنياۋى ئابرۇيغا ئىگە پەيلاسوپ، ئۇنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى» ناملىق كىتابىمۇ 1000 يىللاردىن بۇيان قىممىتىنى يوقاتماي كېلىۋاتقان كاتتا ئەسەر.

1) فارابى 1000 يىل ئىلگىرى پەزىلەتلىك شەھەر باشلىقىنىڭ، يەنى دۆلەت رەھبىرىنىڭ 12 خىل سۈپىتىنى بايان قىلغان. سىلەرچە بۈگۈنكى كۈندە شەھەر باشلىقى بولغان كىشىدە قانداق سۈپەتلەر بولۇشى كېرەك؟

2. تېكىستتىن ئېلىنغان تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

1) ئادالەت ۋە ئادالەتپەرۋەر كىشىلەرنى سۆيۈشى، ئىستىبداتتىن، زۇلۇمدىن، زالىملاردىن نەپرەتلىنىشى لازىمدۇركى، ئۆز قوۋم ـ قېرىنداشلىرىدىنمۇ، باشقىلاردىنمۇ ھەقىقەت ئىزدىشى ۋە ئۇلارنى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلىشى، ئىستىبدات قۇربانلىرىنىڭ دەرد ـ ھالىغا يېتىشى، گۈزەل ۋە ياخشى دەپ قارىغان نەرسىلەرنى چىڭ تۇتۇشى لازىم.

2) ئۆگىنىش ۋە ئۆگىنىشنى سۆيۈش، بۇنىڭغا ئۆزىنى بېغىشلىغان بولۇشى ۋە ھەربىر نەرسىنى تېز ئۆگىنىشى لازىمدۇركى، ئۆگىنىش ۋە ئۆگىنىش ئىشلىرىدىن نە ئىزتىراپ چېكىدىغان، نە ھېرىپ ـ چارچاپ قالىدىغان بولماسلىقى كېرەك.

ئوقۇپ ھۇزۇرلىنىڭ

# ئالقاندىكى قۇياش

1878 - يىلى قىشتا كالپۇكلىرى توڭلاپ كۆكىرىپ كەتكەن بىر تىلەمچى كوچىدا ئالدىراش كېتىۋاتقان تۇرگېنېفنىڭ ئالدىنى توستى-دە، قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن پاسكىنا قولىنى سۇنۇپ، ئۇنىڭدىن سەدىقە تىلىدى. يانچۇقىنى خېلىغىچە ئاختۇرۇپمۇ ھېچنەرسە تاپالمىغان تۇرگېنېف ناھايىتى ئوڭايسىزلانغان ھالدا تىلەمچىنىڭ تىترەپ تۇرغان قولىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىقىپ:

— ناھايىتى خىجىللەمەن قېرىندىشىم، يېنىمدا ھېچنېمە يوقكەن، — دېدى. بۇ چاغدا تىلەمچىمۇ يازغۇچىنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى ۋە:

— نەدىكىنى ئەزىز قېرىندىشىم، ئەكسىچە مەن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن. چۈنكى، مۇشۇنىڭ ئۆزى مەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى سەدىقە بولدى، — دېدى.

تۇرگېنېف كېيىنچە بىر پارچە ماقالىسىدە بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق يازدى. «مەن چۈشەندىم، ئەسلىدە مەنمۇ ئۇ قېرىندىشىم بەرگەن سەدىقىگە ئېرىشىپتىكەنمەن».

بۇ بىزگە گويا «سەدىقە بېرەلمەي سەدىقىگە ئېرىشكەندەك» بىمەنە تۇيۇلۇشى مۇمكىن، چۈنكى تۇرگېنېف تىلەمچىگە ھېچقانداق نەرسە بەرمىگەن، بىراق تىلەمچى ئۇنىڭغا «سىز ماڭا ئەڭ ياخشى سەدىقىنى بەردىڭىز» دەيدۇ؛ گەرچە تىلەمچىمۇ يازغۇچىغا ھېچنەرسە بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يازغۇچى خۇددى تىلەمچىگە ئوخشاشلا بىر خىل

«سەدىقە» گە ئېرىشكەندەك تەسىراتقا كەلگەن . ھەقىقەتەن ھەرقانچە سېخىيلىق بىلەن قىلىنغان سەدىقىمۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق بولمىسا كېرەك .

بۇ ھېكايە بىزگە باشقىلارغا قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىشىمىزنى ، بۇنىڭ ئۈچۈن قىلچە ئىككىلەنمەسلىكىمىزنى تەۋسىيە قىلىدۇ . ئىككى قولىڭىز قۇرۇق بولسىمۇ ، كۆڭلىڭىز مەرد ۋە سەمىمىي بولسىلا ھېچنېمەم يوق ، دەپ غەم قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق . ئالقىنىڭىزدىكى ئاق كۆڭۈللۈك قۇياشىنىڭ نۇرى قەلبىڭىزنى مەڭگۈ ئىللىتىپ تۇرسۇن ، شۇ چاغدىلا سىز ئاددىيغىنا قول ئېلىشىش ئارقىلىقمۇ باشقىلارغا بەرگەن ئىللىقلىقتىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىللىقلىققا ئېرىشەلەيسىز .

# ئون سەككىزىنچى سۆز

ئاباي[1]

ئادەم بالىسى ئۇچۇن كىيىمنى ساق ، پاك ، سىلىق كىيىش ھەم كىيىمنى پاسكىنا قىلىپ ، يىرتىپ ، ساڭگىل ـ سۇڭگۇل كىيىپ ، لابدۇر يۈرمەي ، رەتلىك ، پاكىز كىيىپ يۈرۈش ياخشى ئىش . لېكىن ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىن ئارتۇق كىيىنىش ياكى كىيىمى كۆپ بولمىسىمۇ ، ئۆز كۆڭلىدە ئۇنى چوڭ بىلىپ ، داغبازلىق قىلىپ ماختىنىش تەكەببۇر ، مەنمەنچىنىڭ ئىشى .

تەكەببۇر ، مەنمەنچىنىڭ ئىككى تۈرلۈك قىلىقى بولىدۇ :

بىرى ، تىنماي يۈز ـ كۆزىنى ، ساقال ـ بۇرۇتىنى قولىدا تۈزەپ ، قاش ـ قاپىقىنى سۈزۈپ ، پۈتۈن ئەزالىرى ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشىنى ئۆزگەرتىپ ، قولنى تارغاق قىلىپ چېچىنى تاراپ ئاۋارە بولۇش . يەنە بىرى ، ئېتى ، كىيىمىنى تەكەببۇرلۇقىنىڭ دەسمايىسى قىلىپ ، ئاشۇلارنىڭ باھانىسىدە سىپايە ، يېقىملىق يىگىت بولۇپ ئاتىلىش . ئۆزىدىن يۇقىرىلارغا ئالاھىدە كۆرۈنۈپ ، ئۆز قاتارىدىكىلەرنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرۈپ ، ئۆزىدىن تۆۋەنلەرگە : «ھەي ، دۇنيادا ، مۇشۇلارنىڭ ئېتىدەك ئات مىنىپ ، مۇشۇلارنىڭ كىيىمىدەك كىيىم كىيىپ يۈرگەن كىشىنىڭ نېمە ئارمىنى بولسۇن ؟ !» دېگۈزۈشكە باش قاتۇرۇش .

بۇنىڭ ھەممىسى ئەخمەقلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس . بۇنى ئادەم ھەرگىز ئويلىمىسۇن ، ئەگەر بۇنىڭ كويىغا بىر كىرىپ كەتسە قايتا

---

① ئاباي — 1845 ـ يىلى قازاقىستاننىڭ شەمەي دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان . قازاق يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى شائىر ، پەيلاسوپ ، كومپوزىتور . قازاق خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى . ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئاباي (ئىبراھىم) قونانباي ، ئۇ 1904 ـ يىلى 59 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن . بۇ تېكىست ئۇنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئاباي ھېكمەتلىك سۆزلىرى» دىن ئېلىندى .

ئادەم بولمىقى تەس ئىش . تەكەببۇرلۇق ، مەنمەنچىلىك قىلغاننى كۆر-
گەندە ، مانا مۇشۇنداق تەكەببۇرلۇق ، شاللاقلىق دېگەن نېمىگە يول-
ماڭلار دېگەن سۆزنى قىلىمەن . تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ، ئادەم
بالىسى بىر - بىرىدىن پەقەت ئەقىل ، ئىلىم ، ئار - نومۇس ، مىجەز -
خاراكتېر دېگەن نەرسىلەر ئارقىلىق ئۈستۈن تۇرىدۇ ، ئۇنىڭدىن باشقا
نەرسىلەر بىلەن ئېشىپ كەتمىگۈ ، دېيىشنىڭ ھەممىسى ئەخمەقلىق .

*بۇ پارچىدا تەكەببۇرلۇق ، مەنمەنچىلىك ئىللىتىنى يوقىتۇرۇۋالغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كىيىنىش ، ياسىنىش ، يۈرۈش - تۇرۇش ۋە تەقى - تۇرقىنى كۆز - قىلىپ ماختىنىپ ، ئۆستۈنلۈك تالىشىشتەك ئەخمىقانە قىلىقلىرى كۈچلۈك تەنقىد قىلىنغان ھەمدە كىشىلەرگە بۇنداق شاللاق ، داغبازلىق قىلمىشلىرىغا يېقىن يولىماسلىق ھەققىدە سەمىمىي نەسىھەت قىلىنغان .*

*پارچىنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ ، ئاپتور تەنقىد قىلغان ناچار قىلىقلارنىڭ ئۆزۈڭلاردا بار - يوقلۇقى ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرۈڭلار ھەمدە پارچىدىكى «تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ، ئادەم بالىسى بىر - بىرىدىن پەقەت ئەقىل ، ئىلىم ، ئار - نومۇس ، مىجەز - خاراكتېر دېگەن نەرسىلەر ئارقىلىق ئۈستۈن تۇرىدۇ ، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەر بىلەن ئېشىپ كەتمىگۈ ، دېيىشنىڭ ھەممىسى ئەخمەقلىق» دې-گەن جۈملىلەرنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار .*

**يېزىقچىلىق**

# ئاددىي مۇھاكىمىلىك ئەسەرلەرنى يېزىش

ئاددىي مۇھاكىمىلىك ئەسەرلەرنى يېزىش ئارقىلىق ئۆز نۇقتىئىنەزىرىڭىزنى شەرھلەشتە، بۇ خىل نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى سەۋەب ۋە دەلىل (ئاساس)نى يەكۈنلەش كېرەك. نۇقتىئىنەزەرنىڭ سەۋەب ۋە ئاساسىنى شەرھلەشنىڭ ئادەتتە ئىككى خىل ئۇسۇلى بار: بىرى، پاكىت سۆزلەش؛ يەنە بىرى، قائىدە سۆزلەش.

پاكىت سۆزلەش رېئال تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي ئىشلار، تارىخىي رېئاللىق، ستاتىستىكىلىق سان ـ سىپىرلار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پاكىت ئارقىلىق نۇقتىئىنەزەرنى شەرھلىگەندە، پاكىت توغرا، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. پاكىت ئادەتتە بىر بولۇشىمۇ ياكى بىرنەچچە بولۇشىمۇ مۇمكىن. مۇھاكىمىلىك ئەسەرلەر بايانىي ئەسەرلەرگە ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭدا پاكىتلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئاددىي يېزىلىدۇ. شەرھلىنىدىغان نۇقتىئىنەزەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، دائىم پاكىتنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھەممە تەرىپىنى تەڭ گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ ياكى زىغىرلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

قائىدە سۆزلەشتە، ئۆز تۇرمۇشىدا ھېس قىلغانلىرىنى ئاساس قىلىشقىمۇ، ئۇستاز، پېشۋالارنىڭ توغرا مۇلاھىزىلىرى، مەشھۇر

كىشىلەرنىڭ ھېكمەتلىرى ۋە تەبىئىي پەندىكى قانۇن ، تېئورېما ، فور-
مۇلالارغا تايىنىشقىمۇ بولىدۇ . «ئادەمنىڭ ئالىيجانابلىقى ئۇنىڭ رو-
ھىيىتىدە» دېگەن ئەسەردە فرانسىيە مۇتەپەككۇرى پاسكال بىلەن ئەنگ-
لىيە يازغۇچىسى ئوسكار ۋىلدنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈ-
رۈلگەن . قائىدە سۆزلەشنى ئاساس قىلغاندا ، بولۇپمۇ ئىنقىلابىي يول
باشلىغۇچىلار ، پېشۋالار ۋە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك مۇلا-
ھىزىلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەندە ، قەتئىي ئىلمىي پوزىتسىيىدە تۇ-
رۇپ ، خاتا كۆچۈرۈۋېلىشقا ، چۈشۈرۈپ قويماسلىققا قاتتىق دىققەت
قىلىش لازىم .

نۇقتىئىنەزەرنى شەرھلەشنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى خىل
ئۇسۇلى دائىم بىرلەشتۈرۈلۈپ قوللىنىلىدۇ . پاكىت ئارقىلىق نۇقتى-
ئىنەزەر شەرھلەنگەندە ، قائىدە قوشۇپ سۆزلىنىپ ، مىسال كەلتۈ-
رۈش ئاساسىدا يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىشى لازىم .
قائىدە ئارقىلىق نۇقتىئىنەزەرنى شەرھلەشتە ، ئەمەلىيەتكە باغلاشقا
ئەھمىيەت بېرىپ ، قۇرۇق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشتىن ساقلىنىش
كېرەك .

1 . مىللىتىمىز نۇرغۇن ئېسىل ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاق -
پەزىلەتكە ئىگە . دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، بۇ خىل
گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇنتۇلۇپ قېلىۋاتىدۇ .
بىر قىسمىغا سەل قارىلىۋاتىدۇ ، يەنە بىر قىسمىنىڭ مەزمۇنى بارغاز-
چە بېيىپ ، بەزىلىرىگە يېڭى - يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلىۋاتىدۇ . سىز-
چە ھازىر ئەڭ تەشۋىق ۋە تەرغىب قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى قايسىلار ؟
مۇشۇ ھەقتە ئۆزىڭىز ماۋزۇ قويۇپ ، بىر پارچە ئاددىي مۇھاكىمىلىك
ئەسەر يېزىپ ، ئۆز نۇقتىئىنەزىرىڭىزنى شەرھلەڭ . ئەسەردە ئوتتۇر-
غا قويۇلغان نۇقتىئىنەزەر توغرا ، ئۆز پىكرىڭىز ئەكس ئەتكەن ،
قايىل قىلارلىق مىساللار ئىشلىتىلگەن ھەمدە ئادەتتە تولىنغان ھېك-
مەتلىك سۆز ، ئىبرەتلىك سۆزلەر ئىشلىتىلگەن بولۇشى كېرەك .

2 . تۆۋەندىكى ماتېرىيالنى ئوقۇپ ، تەلەپ بويىچە تاپشۇرۇق ئىشلەڭ :

بىر بالا باغقا بېرىپ ، بوۋىسىنىڭ مېۋىلىك دەرەخكە قويۇلغان شوتىغا چىقىۋېلىپ ، دەرەخنىڭ بەزى شاخلىرىنى كېسىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە ، بىر تال شاخنى ئېلىپ :
— بوۋا ، بۇ شاخلار شۇنداق ئوبدان ئۆسۈۋاتسا ، نېمىشقا كېسە-ۋېتىسىز ؟ — دەپ سورىدى .
— بىلمەيسەندە بالام ، بۇ هارام شاخلارنى كېسىۋەتمىسەك ، دە-رەخ مېۋە بەرمەيدۇ !

بوۋاينىڭ هارام شاخلارنى كېسىۋەتكەنلىكىدىن ئىلهام ئېلىپ ، مۇشۇ ئىشنى مەركىزىي نۇقتا قىلغان ئاساستا بىر پارچە مۇهاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەر يېزىڭ . بۇنىڭدا رېئال تۇرمۇشتىكى مەلۇم شەخس ياكى ئىشلارغا باغلاشقا دىققەت قىلىڭ . ماۋزۇسىنى ئۆزىڭىز قويۇڭ .
3 . دەرستىن سىرتقى يېزىقچىلىق : «دەرستىن سىرتقى يېزىق-چىلىق دەپتىرىڭىز »گە «ماتېرىياللاردىن تەرمىلەر » دېگەن مەخسۇس سەهىپە بېكىتىڭ . ئاندىن ئوقۇغان كىتاب ، گېزىت ـ ژۇرناللاردىن بايقىغان تېپىك مىسال ، يېڭىچە ئوي ـ پىكىر ، ئىشەنچلىك سان ـ سىپىر قاتارلىقلارنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا كۆچۈرۈپ مېڭىڭ . بىر مەزگىل توپلىغاندىن كېيىن ، مەزمۇنى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىپ ، قىممىتى بارلىرىنى كارتىلاشتۇرۇڭ .

## ئەسەر تۈزىتىش

مۇهاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنى يازغاندا ، دائىم مەركىزىي جۈملىنى چۆرىدىگەن هالدا ، ئەسەرنىڭ مۇهىم سۆز بۆلەكلىرى قۇ-راشتۇرۇلۇپ ، مۇهاكىمە قىلىنىدىغان ئاساسىي كۆزقاراش روشەنلەش-

تۇرۇلىدۇ ، پۈتكۈل سۆز بۆلەكلىرى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ
ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەر ئاسانلا ئوقۇپ چۈشىنەلەيدۇ . مەركە-
زىي جۈملە ئوبدان تاۋلانمايدىكەن ، سۆز بۆلەكلىرىنىڭ ئىپادىلەش
كۈچىگە تەسىر يېتىدۇ . تۆۋەندىكى پارچە بىر مۇھاكىمە خاراكتېرلىك
ئەسەردىكى بىر سۆز بۆلىكى بولۇپ ، ئاستى سىزىلغان جۈملە ئوبدان
تاۋلانمىغان . مۇھاكىمىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن بۇ جۈملىنى ئۆز-
گەرتىپ بېقىڭ :

«ئاجايىپ ھايات» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېگەن :
«ئادەم ئۆچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ھاياتتۇر ، لېكىن ھاياتنى ئەستا-
يىدىل تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغان بولساق ، ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنىڭ
ۋاقىت ئىكەنلىكىنى ، چۈنكى ھاياتنىڭ ۋاقىتتىن تەركىب تاپىدىغانلى-
قىنى ، سائەت ۋە مىنۇتلارنىڭ جۇغلىنىشىدىن ھاسىل بولىدىغانلىقىنى
بىلىپ ئالالايمىز .» ، «مەلۇم بىر كىتاب» تا ۋاقىتقا مۇنداق باھا
بېرىلگەن : «دانىشمەنلەر ۋاقىتنى گۆھەردىنمۇ ئەتىۋار بىلىدۇ . چۈن-
كى ، ۋاقىت قايتىلانمايدۇ .» لى بەي ئاسماندىكى كۈننى ئارغامچا
بىلەن باغلاپ توختىتىۋېلىشنى ئارزۇ قىلغان بولسا ، خەنيۈي : «ۋا-
قىتنى تۇتۇۋالغىلى بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى» دېگەن .
ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى دېمەكچى .

ئاغزاكى ئالاقە

# مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، قاراتمىلىق پىكىر قىلىش

مۇنازىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن، ئاۋۋال توغرا پوزىتسىيىدە بولۇپ، قارشى تەرەپنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا، تەھلىل قىلىپ بېقىشقا تېگىشلىك دەپ قاراش كېرەك. فرانكلىن: «كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىپ ئۇتۇق قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى كۆپ تىڭشاشتا» دېگەنىدى. پوزىتسىيە توغرىلانغاندىن كېيىن، چوقۇم زېھنىنى يىغىپ، ئەستايىدىللىق، سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىغىلى بولىدۇ.

تىڭشاش جەريانىدا، باشقىلارنىڭ سۆزىنى تەھلىل قىلغاچ تىڭشاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ، مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. شۇڭا، بىر تەرەپتىن تىڭشاپ، بىر تەرەپتىن كاللا ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ مۇلاھىزە قىلىش ئىقتىدارىنى تەڭشەش ئارقىلىق، سۆز بايان قىلغۇچى نېمىلەرنى سۆزلەۋاتىدۇ؟ نۇقتىئىنەزەرنى ئىسپاتلاشتىكى سەۋەبى نېمە؟ دېگەنلەرگە ھۆكۈم قىلىپ، سۆز بايان قىلغۇچىنىڭ سۆزىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يەكۈنلەپ چىقىش ھەمدە قاراتمىلىقى بار ھالدا ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك.

تىڭشاش جەريانىدا، شۇ ۋاقىتتىكى تىل مۇھىتىغا، سۆزلىگۈچىنىڭ قىياپەت، ئىنتوناتسىيىسىگە دىققەت قىلىپ، تېخىمۇ مۇكەممەل، توغرا ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشكە ماھىر بولۇش كېرەك. ئەگەر سىز مۇھاكىمە قىلغۇچى ئۈچىنچى تەرەپ بولسىڭىز، تىڭشاش جەريانىدا قالغان ئىككى تەرەپنىڭ كۆزقاراشتىكى پەرقى ۋە ئوخشاشلىقىنى تېپىپ چىقىپ، مۇھىم نۇقتىنى مۇقىملاشتۇرۇشىڭىز كېرەك.

1 . «سەممىيەت» ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ ئاساسلىق ئۆلچىمى . لېكىن ، بەزىلەر بازار ئىگىلىكى رىقابىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئاساسلىق شەرتى ، رىقابەتلەشكەن ئىكەن ، يەنە سەممىيلىك قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ، دەپ قارايدۇ . مۇشۇ مەزمۇننى تېما قىلىپ ، سىنىپتا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىڭلار . مۇھاكىمە جەريانىدا ، باشقىلارنىڭ كۆزقارىشىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تىڭشاپ ، ئوخشىمىغان ۋە ئورتاق كۆزقاراشلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ ، قاراتمىلىقى بار ھالدا ئۆز ئوي - پىكرىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، تولۇقلاشقا تېگىشلىك يېرىنى تولۇقلاڭ ، تۈزىتىشكە تېگىشلىك يېرىنى تۈزىتىڭ ، قارشى تۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىگە قارشى تۇرۇڭ .

2 . سىنىپ بويىچە «مودا ناخشىلار» ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈڭلار . ساۋاقداشلار ئەركىن - ئازادە پىكىر بايان قىلسۇن . باشقىلارنىڭ سۆزىدىكى ئورتاقلىق ۋە پەرقنى ئەستايىدىل تېپىپ چىقىپ ، ئۆز ئوي - پىكرىڭلارنى سۆزلەڭلار .




## قۇشلارنى كۆزىتىش

سىز قۇشلارنى يېقىندىن كۆرۈپ، كۆزىتىپ باققانمۇ؟ قۇشلارنى كۆزىتىش ئارقىلىق، سىز گۈزەل تۇيغۇلارغا ئىگە بولالايسىز ھەمدە تەسەۋۋۇرىڭىز قاناتلىنىپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىيالايسىز. شۇڭا، دەرستىن سىرتقى ۋاقتىڭىزدا قۇشلارغا قاراپ، ئورماندىكى، قەپەستىكى، دانلاۋاتقان، سايراۋاتقان، كۆكتە ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان، بوران، يامغۇرلاردا شۇمشىيىپ تۇرغان ... قۇشلارنى كۆزىتىپ بېقىڭ. بۇ چوقۇم سىزگە نۇرغۇن زوق ۋە پىكىر ئاتا قىلىدۇ.

## قۇشلارنىڭ ئەركىنلىكى

تۆۋەندىكى ئۈچ پارچە شېئىردا تەبىئەتنىڭ ئەركىسى بولغان قۇشلارنىڭ ئەركىنلىكىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزمەسلىك، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سالماسلىق ھەققىدىكى ئارزۇ - ئىستەكلەر ئىپادىلەنگەن. بۇ شېئىرلاردا يەنە شائىرلىرىمىزنىڭ تەبىئەتنى ھۆرمەت قىلىشتەك ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئىزھار قىلىنغان، ئوقۇرمەنلەرگە

ئۆزگىچە تەسىرات، كۈچلۈك ئېستېتىكىلىق زوق ئاتا قىلىدۇ .



# رۇبائىي

سەيپىدىن ئەزىزى

ئالتۇن قەپەس، كۈمۈش قەپەس بەرىبىر قەپەس،
قەپەس ئىچرە ئالالماس بۇلبۇل شاد نەپەس.
قويۇۋەتسە ئۆز ئەركىگە قىلغاي ئۇ پەرۋاز،
بۇلبۇل ئۈچۈن يوق بۇنىڭدىن باشقىچە ھەۋەس.

**قىسقىچە باھا**

*بۇ سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئامانىنىساخان» ناملىق تارىخىي ئوپېراسىدىكى رۇبائىي بولۇپ، بۇ رۇبائىيدا قەپەس بىلەن بۇلبۇلدىن ئىبارەت كونكرېت ئوبرازلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق، مەڭگۈلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئەركىنلىك تەشەببۇسى ئالغا سۈرۈلگەن.*

# قۇش ۋە دۇنيا

قۇربان بارات

چۈشەنكى، دۇنيانىڭ تولۇق ئوبرازى،
تولمايدۇ يالغۇز سەن ئىنسان بىلەنلا.
بولىدۇ ئۇنىڭدا تاغلار، دېڭىزلار،
دەريالار، ئورمانلار، چۆللەر ۋە دالا.

قۇشلارنىڭ ساداسى ھاياتقا ھەمراھ،
ئۇلارمۇ ھەۋەسمەن، جۇشقۇن ۋە ئويغاق.

ئۆلارسىز تەسەۋۋۇر قىلىنسا دۇنيا ،
بولاتتى قانچىلىك غېرىب ۋە سوغۇق .

**قىسقىچە باھا**

*شائىر قۇربان باراتنىڭ «قۇش مىلتىقى كۆتۈرگەن بالا» ناملىق شېئىرىدىن ئۈزۈپ ئېلىنغان بۇ ئىككى كۇپلېت شېئىردا قۇشلارنىڭ دۇنيانىڭ ھەقىقىي ئوبرازىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئىنتايىن مۇھىم تۈر ئىكەنلىكى ، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى مول مەنىگە ئىگە قىلىدىغان دوست ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن . شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ھوقۇقىنىڭ دەخلى - تەرۇزسىزلىكى تىلغا ئېلىنغان .*

## بۇلبۇلنى سولىما ، قەپەسكە !

بوغدا ئابدۇللا

بۇلبۇلنى سولىما قەپەسكە ،
بۇلبۇلغا باغ ياخشى ، بىلەمسەن ؟ !
سايرىسۇن ، قانغۇچە سايرىسۇن ،
باقمىساڭ خۇماردا ئۆلەمسەن ؟ !

بۇلبۇلنى سولىما قەپەسكە ،
قانىتى يۇلۇنۇپ كەتمىسۇن .
ئۆزى ھەم كۆڭلى ھەم بەك نازۇك ،
ئۇنىڭغا ھېچ ئازار يەتمىسۇن .

بۇلبۇلنى سولىما قەپەسكە ،
ئايرىما ، جەننەتتۇر گۈلشىنى .

قەپەسنى ئاسمىنى ساتىراش ،
بولىسەن ئەركىنلىك دۈشمىنى .

**قىسقىچە باھا**

*1980 ـ يىللىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتـ قۇچى ، ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇن ئېچىلغان بىر ساتىراشخانا بولۇپ ، بۇ ساتىراشخانىدا يېشى 50 تىن ئاشقان ئىككى ساتىراش ئىشلەيتتى . بىرىنىڭ بۇلبۇل بېقىش خۇمارى بولغاچقا ، ھەركۈنى ئىشقا ماڭغاندا ياكى ئىشتىن يانغاندا بۇلبۇل سولانغان قەپىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭاتتى . شائىر بۇغـ دا ئابدۇللانىڭ ئائىلىسى ئۇنىۋېرسىتېت ئىچىدە بولغاچقا ، كۈندە دېگۈدەك ھېلىقى ساتىراشنى ئۇچرىتىپ تۇرغان . بۇ ئىش شائىرنىڭ قىممەت قارىشىدا توقۇنۇش پەيدا قىلىپ ، شېئىرىي ئىلھامىنى قوزغاتقان . نەتىجىدە ، بۇ ياخشى شېـ ئىر بارلىققا كەلگەن .*

*بۇ شېئىر شائىرنىڭ شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1983 ـ يىلى نەشر قىلغان «يەلكەن» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن .*

## قۇشلار ھەققىدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇش

قۇشلار ھەققىدە يېزىلغان تۆۋەندىكى ئىككى پارچە ئەسەر بىلەن قۇشلار تونۇشتۇرۇلغان ماتېرىيالنى ئوقۇش ئارقىلىق ، قۇشلار بىلەن ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە قۇش مەدەنىيىتىنىڭ قانداق مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسىز .

# 1 . كەپتەر

## تورگېنېۋ

مەن تۈز بىر دۆڭدە تۇراتتىم . كۆز ئالدىمدا پىشىپ قالغان قارا بۇغدايزارلىق . ئۇ بىر تۈرۈپ ئالتۇن رەڭدە ، بىر تۈرۈپ كۈمۈش رەڭدە چاقناۋاتقان دېڭىزدەك رەڭدار تۈس ئالغانىدى .

بىراق ، بۇ دېڭىز مەۋج ئۇرمايتتى . ھاۋا دىمىق ، شامالدىن ئەسەرمۇ يوق ، قاتتىق بوران - چاپقۇن شەپىسى بار ئىدى .

قۇياش ئوتتەك قىزىق ، ئەمما سۇس نۇر چېچىپ تۇراتتى . لېكىن ، بۇغدايزارلىقنىڭ كەينىدىكى سەللا نېرى جايدا كۆكۈچ بۇلۇتلار پۈتكۈل ئۇپۇقنىڭ يېرىمىنى دېڭىزدەك قاپساپ تۇراتتى .

جان - جانىۋارلار نەگىدۇر مۆكۈنۈۋېلىشقان ... ئۇلار قۇياشنىڭ شۇملۇقتىن بېشارەت بېرىپ تۇرغان نۇرلىرىدا قاتتىق ئازابلانماقتا ئىدى . قۇشلارنىڭ سايراشلىرى توختىغان ھەم سايىسىمۇ يوق ، ھەتتا قۇشقاچلارمۇ مۆكۈنۈۋالغان . پەقەت يېقىن بىر جايدا يېگانە تۇرغان يوغان بىر توپ قېرىقىزنىڭ يوپۇرماقلىرىلا شىلدىرلاپ تۇراتتى .

ئېتىز قىرلىرىدىن ئاچچىق ئەمەن ھىدى گۇپۇلدەيتتى . ھېلىقى كۆكۈچ بۇلۇتقا تىكىلىپ ... كۆڭلۈم بىردىنلا ئەنسىزلىككە تولدى . «ھە ، قېنى كېلە ، تېز كەلمەمسەن ! — دەپ ئويلىدىم مەن ، — ھە ئالتۇن يىلان ، ئوتۇڭنى چاچ ، ھە گۈلدۈر دۇمباق ، راسا گۈلدۈرلە ! ھەي ياۋۇز بۇلۇت ، تېز ئۇچقىن ، يامغۇرۇڭنى شارقىرات ! يۈرەكنى سىقىدىغان بۇ دىمىقچىلىقنى تېز تۈگەت ! »

ئەمما ، قارا بۇلۇت قىمىرلاپمۇ قويمىدى . ئۇ تېخىچىلا تىمتاسلىقتا چۆمگەن زېمىننىڭ يەلكىسىنى بېسىپ تۇراتتى ... پەقەتلا تېخىمۇ ئۇلغىيىۋاتقاندەك بارغانسېرى قارىداپ كېتىۋاتتى .

تۇيۇقسىز بۇلۇتنىڭ كۆرۈمسىز ، كۆكۈچ گەۋدىسىنىڭ كەينىدە

ئاپئاق قولياغلىق ياكى كاللەك قارغا ئوخشايدىغان قانداقتۇر بىر نەرسە تەكشى ۋە بىمالال قىمىرلاشقا باشلىدى . سىنچىلاپ قارىغىنىمدا ، ئۇ مەھەللە ياقتىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بىر ئاق كەپتەر ئىكەن .

ئۇ ئۇچا ، ئۇچا ، تۇپتۈز ئۇچقانچە ئاخىر ئورمانلىقنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كۆزدىن غايىب بولدى .

قانچىلىك قاراپ تۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن ، ئەتراپ يەنىلا گۆر- دەك تىمتاس ئىدى ... تۇيۇقسىز ئىككى ئاق قولياغلىق ، يەنى ئىككى كاللەك قار پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇلار قايتقان ئىككى ئاق كەپتەر بولۇپ ، ئۆز ئۇۋىسىغا ئۇچۇپ مېڭىشقانىدى .

ئاخىر بوران - چاپقۇن يېتىپ كەلدى . دە ، سۇر - ھەيۋىسىنى كۆرسەتكىلى تۇردى !



مەن مىڭ تەستە ئۆيگە ئاران قايتىپ كېلىۋالدىم . بوران غالجىر- لىقى تۇتقاندەك ھەدەپ ھۇۋلىماقتا ، پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن ئوتقاش رەڭ بۇلۇتلار پەس ئۇچۇشماقتا ، ھەممە نەرسە پىرقىراپ ، غۇيۇلداپ ئارىلاشماقتا ، شارىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇرلار يەرگە سانسىز نەيزىلەردەك سانجىلماقتا ، يېشىل چاقماقلار كۆزنى قاماشتۇرۇپ ۋال-

ۋۇل چىقىلماقتا، گۈلدۈرمامىلار ھىلىدىن - ھىلىغا زەمىنرەكتەك گۈمبۈرلىمەكتە، ھاۋا گۈڭگۈرت ھىدى بىلەن قاپلانماقتا...

بىراق، ئۆينىڭ لەمپىسىدە، تۈگۈلۈكنىڭ قىشىدا، بىر تۇپ ئاق كەپتەر قاتارلىشىپ تۇراتتى. بىرى جۈپتىنى ئىزدەپ چىققان كەپتەر، يەنە بىرى ئۇ قايتۇرۇپ ئەكەلگەن، بەلكىم قۇتقۇزۇپ ئەكەلگەن كەپتەر ئىدى.

ئۇلار پەيلىرىنى ھۆرپەيتىشكەن، قاناتلىرىنىڭ بىر - بىرىگە تېگىشىپ تۇرغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى...

ئۇلار نېمىدېگەن خاتىرجەم - ھە! ئۇلارنىڭ تۇرقىغا قاراپ مېنىڭ كۆڭلۈممۇ ئارامىغا چۈشتى... گەرچە مەن يەككە - يېگانە... مەڭگۈ مۇشۇنداق تەنها بولسامۇ.

## 2. قاناتلىقلار ساداسى[①]

ئابدۇرېھىم ئىمىر دېھقانى

### كەپتەر:

توپ - توپ بولۇپ كۆكتە پەرۋاز قىلغىنىڭلارنى كۆرمەك تەس بولۇپ كەتتى، دەمسەن؟

بالىلىرىم «ئەتىۋارلىق» مېھمانلارنىڭ مەززىلىك غىزاسىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتسا، مۇسىبەت ئازابىدا پەرۋاز قىلىشقا قانداقمۇ كۆڭلۈم ئۇنايدۇ!

### ئاق قۇشقاچ:

مېڭەم دورىلىق يارىلىپ قالغىنى ئۇچۇن قار ياغقاندا تاتلىق

---

① بۇ تېكىست «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 5 - سانىدىن ئېلىندى.

جېنىمدىن ئايرىلىش پېشانەمگە پۈتۈلگەن بولسا كېرەك .

## قارا قۇشقاچ :

ئەي ئىنسانلار ! ماڭا قاپاقتىن ئۇۋا ياساپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالدىڭلار . بوپتۇلا ، قاپاقتىن ئۇۋا ياساپ بەرمىسەڭلارمۇ ئۆزۈم ياسىغان ئىسسىق ئۇۋامنى بۇزۇۋەتمەڭلار !

## هۆپۈپ :

كونا تامغا قونۇۋېلىپ سايراۋېرىدىكەنسەن ، دەمسەن ؟
مېنىڭ بالىلىقىمنى مۇشۇ ئەزىز ماكان يېتىلدۈرگەن تۇرسا ، بۇ ماكاندىن يۈز ئۆرۈش مەن ئۈچۈن نومۇس ئەمەسمۇ !

## قارچىغا :

مېنىڭ مەقسىتىم هەرگىزمۇ توشقانلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇۋېتىش ئەمەس ! ئىنسانلار مېنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتسا ، مەندە نە چارە !

## خوراز :

ئويغىتىش پېشانەمگە پۈتۈلگەن كاتتا ۋەزىپە . ئويغانماسلىق ئەقلى كەم كىشىلەرنىڭ روهىي ئالىمىگە سىڭىپ كەتكەن بەختسىزلىكنىڭ بېشارىتى ...
مەيلىلا ، چىللاۋېرەي !

## كەكلىك :

مەن ئەسلىدە «كەلگۈلۈك» دەپ ئىنسانلارغا بەخت تىلەپ ئەركىن

ياشايتتىم .
ئىنسانلار قاچاندىن باشلاپ مېنى قەپەسكە سولىۋالدى ، شۇنىڭدىن بېرى «كەتكۈلۈك» دەپ سايرايدىغان بولۇپ قالدىم .

## تۇمۇچۇق :

ئىنسانلارنىڭ ئەقلىگە ھەيرانمەن ، مېنى قەپەسكە سولىۋېلىپ سايراشلىرىمدىن ئۆزلىرى ھۇزۇرلىنىدۇ . سىرتتا قالغان قېرىنداشلىرىم ئۇلارنىڭ تۆت تال دېنىنى يەپ قويغىنىغا تاس قالىدۇ جېنىغا زامىن بولغىلى . ئىنسانلارنىڭ بۇزۇپ چاچقىنىنى كىم بىلمەيدۇ . ئىنسان كۆڭلەرنىڭ بىرىدە شۇ ئىسراپچىلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ قالمىسا بولاتتىغۇ .

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى

### 1 . قەدىمكى تاشقا ئايلانغان قۇشلار

1861 - يىلى گېرمانىيىدە يەتتە پارچە تاشقا ئايلانغان ئىپتىدائىي قۇش قېزىپ چىقىلدى ھەمدە بۇ ئىنسانىيەتنىڭ قۇشلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئۇچۇشنىڭ مەنبەسىنى تەتقىق قىلىشىدىكى پۈتكۈل ماتېرىيال بولۇپ قالدى . كۆپ سانلىق قۇششۇناسلار چىشى ۋە قۇيرۇق سۆڭىكى قاتارلىقلارغا ئاساسەن ، ئىپتىدائىي قۇشنى كىچىك دىنوزاۋردىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دەپ قاراشتى . مەن بۇ خىل قىزىقارلىق ئارخېئولوگىيىلىك يەكۈنگە مەپتۇن بولۇپ قالدىم . ئەسلىدە خۇددى پەرشتىلەر ئادەمدىن ئۆزگىرىپ ئاسمانغا چىقىپ كەتكەندەك ، قۇشلارمۇ قورۇقلۇقتا ياشىغۇچى ھايۋانلاردىن ئايرىلىپ چىققانىكەن .

1994 - يىلىدىن باشلاپ لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ ئادەتتە كىشىلەر ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدىغان بېيپياۋ شەھىرىدىن خېلى قىممەتكە ئىگە بىر تۈركۈم قەدىمكى تاشقا ئايلانغان قۇشلار تېپىلىپ ، بۇ يەر پۈتكۈل دۇنيا نەزەر سالىدىغان جايغا ئايلاندى . بولۇپمۇ كۆڭۈزىقۇش

قاتمىسىنىڭ تېپىلىشى يۇرا دەۋرىدە پەقەت گېرمانىيىدىلا ئېپتىدائىي قۇش بولغان دېگەن قاراشنى رەت قىلىپ ، دۆلەت سىرتىدىكى ئىلىم ساھەسى ۋە مۇھاكىمىچىلەرنى ھەيران قالدۇردى . مانا شۇ تاپتا مەن سىرتىدىن تاشقا ئايلانغان بىباھا كۆڭۈلقۇشقا ئەينەك سىرتىدىن قاراپ تۇرماقتىمەن . ئۇ شۇنچىلىك سىپتا ، شۇنچىلىك چىرايلىق بولۇپ ، ھەرقانچە ئۇستا ھەيكەلتىراشمۇ ئۇنچىلىك نادىر ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ .

دۇنيانى ھەيران قالدۇرغان قەدىمكى تاشقا ئايلانغان قۇشنىڭ تېپىلغانلىقىنى دۆلىتىمىز ئىچىدە پايدىنى كۆزلەپ ھاياكەشلىك قىلـ. غان سودىگەرلەر بىلەن ئۇلارنى بىلمەي سېتىۋەتكەن نادان دېھقانلاردىن بۆلەك بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز دېيەرلىك . ئەمەلىيەتتە ، بېيپياۋ شەھىرىدىن تېپىلغان تاشقا ئايلانغان تېپىلمىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن . بولۇپمۇ ياپونىيىگە چىقىپ كەتكەنلىرى ئەڭ كۆپ . تاشقا ئايلانغان مۇشۇنچىۋالا گۈزەل ، بىباھا بايلىقلىرىمىز. نى قوغداپ قالالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ، قانچىلىك نومۇس قىلساقمۇ ئەرزىيدۇ . كۆرگەزمىخانىدىكى ياپونىيىلىك ساياھەتچىلەر ئۇنىڭغا قىـ. زىقسىنىپ يېنىش ـ يېنىشلاپ قاراشماقتا ئىدى . بۇ گۈزەللىك ۋە مەدەنىيەتكە ئېتىبار بېرىدىغان مىللەت بولۇپ ، مۇشۇ ئىشىدىنلا ئۇلار. نىڭ ئۇمۇمىيۈزلۈك زوقلىنىشنى بىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتىم ـ دە ، ئىختىيارسىز ھەسەت قىلىپ قالدىم . لېكىن ، ئۇلارنىڭ گۈزەللىكتىن زوق ئېلىشىغا گۇناھ ئارتسام بولمايدۇ . بۇمۇ ئۇلاردىكى بىر خىل قىزغىنلىق .

(«جۇڭگودىكى 1999 ـ يىللىق ئەڭ نادىر نەسرلەر» ناملىق كىتابتىكى «قۇشلار» دېگەن ئەسەردىن ئېلىندى . ئاپتورى : جۇ شياۋ. فېڭ )

## 2 . قۇش ۋە ئايروپىلان

تەبىئەت دۇنياسىدىكى ماھىر ئۇچقۇچى — قۇش ئىنسانىيەتنىڭ ئاسماندا ئۇچۇپ ، ئاۋىئاتسىيە تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا

تۇرتكە بولغان. ئاسماندا ئايلىنىپ ئۇچۇۋاتقان كەپتەرلەر، زۇمرەت
دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدە شۇڭغۇپ يۈرگەن چايكىلار ۋە شوخ پەرۋاز
قىلىۋاتقان قارلىغاچلارنى كۆرگەن كىشىلەر شۇلاردەك ئۇچۇپ بېقىش-
نى ئارزۇ قىلماي تۇرالمايدۇ.

كۆز پەسلىنىڭ ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى سىرتقا چىقىپ ئايلانسى-
ڭىز، بەزىدە ھوسۇلى يىغىپ بولۇنغان ئېتىزنىڭ ئاسمىنىدا سالارنىڭ
قاناتلىرىنى يېيىپ ھېچبىر مىدىرلاتماي ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرگەنلىكى-
نى كۆرىسىز. بۇ خىل ئۇچۇشنى «شۇڭغۇش» دەپ ئاتايمىز. يەنە
چايكىغا ئوخشاش نۇرغۇن قۇشلارمۇ شۇڭغۇپ ئۇچالايدۇ. قۇشلارنىڭ
شۇڭغۇشى بىلەن پلانېرنىڭ ئۇچۇشىنى ئوپمۇئوخشاش دېسىمۇ بولىدۇ.

كىشىلەر قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىنى كۆپ قېتىم كۆزىتىش ھەم تەت-
قىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ، تالاي قېتىملىق
تەجرىبە ۋە مەغلۇبىيەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھەتتا نۇرغۇن قۇربان
بېرىش بەدىلىگە، ئاخىر پلانېرنى ياساپ چىققان. ئادەملەر پلانېرنى
ئاسماندا ئۇچۇرالىغان يەردە، ئۆزلىرىمۇ ئاسمانغا چىقىپ ئۇچالارمۇ؟





پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەق-
قىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشى-
لەر پلانېرنى ئۇچۇرۇش تەجرىبە-
لىرىگە ئاساسەن، جاپالىق تىرى-
شىش ئارقىلىق، ئاخىر 1903 -
يىل 12 - ئايدا ماتوردا ھەرىكەت-
لىنىدىغان تۇنجى ئايروپىلاننى
ئاسمانغا ھەيدەپ چىقىپ مۇۋەپپەق-
قىيەت قازاندى.

لېكىن، ھازىرقى ئايروپى-
لانلارنى يەنىلا مۇكەممەل دېگىلى
بولمايدۇ. قۇشلارنىڭ ئۇچۇشى
بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇلار يەنىلا «مۇتلەق چېمپىيون» ئەمەس.

ئۇچۇشتىكى جانلىقلىق ۋە چاققانلىقتا ھېچقانداق ئايروپىلان قۇشلارغا يېتەلمەيدۇ. كۆتۈرۈلۈش ۋە قونۇش جەھەتتىمۇ قۇشلار مۇتلەق ئۇستۇنلۈككە ئىگە. ئىشەنمىسىڭىز بىرەر قۇشقاچنى كۆزىتىپ بېقىڭ. ئۇ ئۇركىگەن چاغدا يوگورمەي تۇرۇپمۇ دەرھال كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، يىراققا ئۇچۇپ كېتەلەيدۇ. لېكىن، ھازىرقى ھەرقانداق تىك ئۇچار ئايروپىلاندىمۇ بۇنداق ئىقتىدار يوق. ئەڭ چاققان ئايروپىلانمۇ 20 گرادۇستىن تېز ئايلىنىدىغان بولسا، كۆتۈرۈلۈش كۈچىنى يوقىتىپ قويىدۇ. لېكىن، قۇشلار ھەرۋاقىت ئۇچۇش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، ھەرخىل ئۇچالايدۇ: ئايلىنىپ ئۇچالايدۇ، تېز بۇرۇلالايدۇ، موللاق ئاتالايدۇ. ئۇلار ھەتتا ئاسماندا تىك تۇرۇپ، ئولجىغا دەل ئېتىلىپ چۈشەلەيدۇ. ھەرە قۇشتا باشقا قۇشلاردا يوق بولغان ئالاھىدە ئۇچۇش ماھارىتى بار بولۇپ، كەينىچىلەپ ئۇچالايدۇ. ئۇ گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ شىرنىسىنى سۈمۈرگەندە، ھېلى ئالدىغا، ھېلى ئارقىسىغا ئۇچۇپ تۇرىدۇ ھەم شۇنداق چاققان. بۇ ھازىرقى ئۇچۇش تېخنىكىسىدىكى بىر گۈزەل چۈشتىنلا ئىبارەت، خالاس. ھازىر ئاۋازدىن تېز ئۇچىدىغان قىرغۇچى ئايروپىلاننىڭ 12 مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتە ئايلىنىشى ئۈچۈن، دىئامېتىرى 10 مىڭ مېتىر كېلىدىغان دائىرە بولۇشى كېرەك!

### 3. بۈركۈت كۆزىنىڭ ئىلھامى (پارچە)

كۆرۈش دائىرىسى ۋە سەزگۈرلۈكىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئۇچقۇچىلارنىڭ ئۆز كۆزىگە تايىنىپ، يەر يۈزىدىكى نىشاننى بايقىيالىشى ۋە پەرق ئېتەلىشى ناھايىتى تەس. مەسىلەن، 6000 مېتىر ئېگىزلىكتە گورىزونتال ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا، ئۇچقۇچى پەقەت ئىككى ياندىكى 8 — 9 مىڭ مېتىرلىق، ئالدىدىكى 10 — 20 مىڭ مېتىرلىق تار دائىرىدىكى يەر يۈزىنىلا كۆرەلەيدۇ. يەنە كېلىپ شۇنچىلىك دائىرىدىمۇ سەل چوڭ نىشانلارنى بايقاش ۋە پەرق ئېتىشمۇ ئاسانغا توختىمايدۇ. لېكىن، بۈركۈتنىڭ كۆرۈش دائىرىسى ئادەمنىڭكىدىن كۆپ كەڭ. 2 — 3 مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى بۈركۈت شۇنچىۋالا

كەڭ يەر يۈزىدىكى بىرەر توشقاننى بىر قاراپلا پەرق ئېتەلەيدۇ . ئەگەر بىزمۇ بۈركۈتنىڭ كۆزىنى تەتقىق قىلىپ نەتىجە قازىنالىساق ، ئۇچقۇ-چىلارنىڭ كۆرۈش دائىرىسى ۋە سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرالىغان بولاتتۇق . بۈركۈتنىڭ كۆرۈش پرىنسىپى لازېر نۇرلۇق قۇراللارنى باشقۇ-رۇشقا ياردىمى بولۇشى مۇمكىن . ئەگەر باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا «بۈركۈت كۆز سىستېمىسى» نى ئورناتقىلى بولىدىغان بولسا ، خۇددى بۈركۈتكە ئوخشاش ، ئۇ نىشاننى ئۆزى تېپىپ ، توغرا تەگكەن بولاتتى .

(ۋاڭ جۈنرېننىڭ «بىئولوگىيىلىك ئىلهاملار» ، «بىئولوگىيە-لىك تەقلىد ھەققىدە مۇلاھىزىلەر» ناملىق ماقالىلىرىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ يېزىلدى . )

## 4 . پېيى تۇزۇغان قۇشقاچ

1969 ـ يىلى ئىيۇلنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى كۆكخوتقۇردىن ئىلقا ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ئاتنى تاقىلىتىپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىۋاتاتتىم .

ئۇ ۋاقىتلاردا ئاھالە شالاڭ بولغاننىڭ ئۈستىگە ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنى ئاساسەن كۆرگىلى بولمايتتى . يامغۇر كۆپ ياغاتتى ، ۋاقتىدا ياغاتتى . بىنەم بۇغدايلىرى ، ئوت ـ چۆپلەر ئېگىز ، بولۇق ، پاكىز ئۆسەتتى .

ھاۋامۇ بەزىدە چىدىغۇسىز ئىسسىپ قالاتتى . يەرلىك خەلق ھەممە ئىشنى ئات ھەم ئۆكۈزدىن پايدىلىنىپ پۈتتۈرەتتى .

چېكقى چۈشنىڭ تىنجىق ئاپتىپى مېنى ۋە ئاتنى قىينىماقتا . يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئوت ـ چۆپلەر ، قورايلار ، گۈللەرمۇ پېژ-غىرىم ئاپتاپتىن سولاشقان بولۇپ ، قۇشلارنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى . ماڭا ئاتلىق ياكى ئۆكۈزلۈك ماڭغان بىرەر يولۇچىمۇ ئۇچرىمى-دى . شۇ تاپتا مېنىڭ ئەس ـ يادىم زېرىكىشلىك تىم سۈكۈناتتىن تېز قۇتۇلۇپ ، كۆكخوتقۇرغا تېز يېتىۋېلىش ئىدى .

تۇيۇقسىز قۇشقاچنىڭ چۇرۇقلىشى ، چۇرۇقلىغاندىمۇ ئەنسىز چۇرۇقلىشى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى .

مۇئەللەقتە ئەيتاۋۇر پۇرقىراپ پەي توزۇۋاتاتتى . باشتا مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمىدىم . تازا قادىلىپ قارىغاندىن كېيىن ، توزۇۋاتقان پەي ئىچىدىن توختىماي پىلدىرلاپ قانات قېقىپ تۇرغان قۇشقاچنى كۆردۈم .

بىچارە قۇشقاچنىڭ چۇرۇقلىشىنىڭ رىتىمى تېزلىشىپ پەريادقا ئۆرۈلدى .

شۇ لەھزىدە ئاتقا كۆزۈم چۈشتى .

ئات ئىككى قۇلىقىنى شىڭگايتىپ ئالتە چامدامچە نېرىدىكى يول ئىچىگىرەك ئۆسۈپ قۇرۇپ قالغان ياش ، شېپىتىراڭغۇ ئاچا سۆگەتنىڭ تۈۋىگە قارايتتى .

ئات مېڭىشتىن توختىغانىدى . مېنى سۈر باستى .

يىلان !

يىلاننىڭ بېشىدىن تۆۋەن قىسمى قاپاق چۆمۈچنىڭ نوگىيىدەك كۆپۈپ كەتكەن بولۇپ ، سۆگەت ئاچىسىغا يۆلەنگەن هالدا قۇيرۇقى بىلەن يەر بېسىپ چىڭقىلىشتىن گەۋدىسى تىك هالەتتە سەل - پەل تەۋرىنىپ تۇراتتى .

قۇرۇغان سۆگەتنىڭ ئۈستىدە — بوشلۇقتا كۆزگە كۆرۈنمەس جەھەننەم تورى ئاشۇ تەرىقىدە داۋاملىق يېيىلماقتا ئىدى . ئات خارتىلدا-داپ ، مېڭىشتىن توختىدى .

پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتكەن بۇ يىلان ئاتنىڭ خارتىلدىشىنىمۇ سەزمىدى !

مېنى بىر هەيرانلىق ۋەسۋەسىسى قىينىماقتا ئىدى . ئاخىر تۆ-مۈرچى ئۇستام بەرگەن ئىككى تال ئالمىنىڭ بىرىنى يانچۇقۇمدىن ئالمان - تالمان ئالدىم - دە ، يىلانغا قارىتىپ ئاتتىم ...

«شالدىر» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قۇشقاچنىڭ پەريادى توختى-دى ، تېخى هېلىلا جان قايغۇسى بولۇۋاتقان ئاسماندا لەيلەپ چۈشىۋات-قان ئۇششاق پەيدىن ئۆزگە هېچنېمە كۆرۈنمەيتتى .

دېمەك ، قۇشقاچ خەتەردىن قۇتۇلغانىدى . لېكىن ، مەن يىلاننىڭ نەگە مۆكۈنگەنلىكى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتىم .

بۇ ئىش قانچە دەقىقىلەردە يۈز بېرىپ تاماملاندى، ماڭا بۇ ھازىرغىچە بىر سىر.

ئات بىردىن بايا ماڭغىلى ئۇنىمىغان قۇرۇق سۆگەت تەرەپكە ئۆركۈپ داجىۋىدى، تۇيىقى ئاستىدىن چاڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئەمدىلىكتە سۆگەتكە يېقىنلاپ يولغا كۆندىلەڭ ھالەتتە تۇرۇپ قالدۇق. بۇ ئىشنى كۆرۈڭ.

بايىقى يىلان يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا بېشىنى كۆتۈرگەن پېتى بىرگە قارىغىنىچە سىنۇس ئەگرى سىزىقىدەك تولغىنىپ يولنىڭ ئۇ قېتىغا ـ قۇشقاچ ئۇچقان تەرەپتىكى چۆپلۈكنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ مېڭىشى كەينىچە قاراپ قېچىۋاتقان ئادەمگە ئوخشاپ قالاتتى.

كۆكخوتقۇرغا بېرىۋالغاندىن كېيىن، يولدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى دادامغا ئالدىراپ سۆزلەپ بەردىم.

— ئاتتىن چۈشمەي توغرا قىپسەن، — دېدى دادام، — ئۇنداق ۋاقىتتا يىلان ئاچچىقىدا ئادەم ياكى ھايۋانغا ئېتىلىشتىن يانمايدۇ. تۇرغان ئورنىڭلارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىش سەۋەبىمۇ شۇنىڭدىن. سەن يىلاننىڭ قۇشقاچنى دەم تارتقىنىنى كۆرۈپسەن، بالام. ئەگەر بىر ئاز سەۋر قىلىپ يىلانغا شەپە بەرمىگەن بولساڭ، قۇشقاچ پەيلىرى توزۇپ كۆتۈرۈلۈش كۈچىدىن بىراقلا ئايرىلاتتى ـ دە، يىلاننىڭ ئاغزىغا قىپقىزىل گۆش بولۇپ چۈشەتتى.

(ئابلىكىم ئوبۇلھەسەنھاجىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق 2 ـ، 3 ـ (قوشما) سانىدا ئېلان قىلىنغان «ھايۋانلارنىڭ پاراستى ۋە تەڭ كېچىدىكى ناخشا» ناملىق چاتما ئوچېركىدىن ئېلىندى)

## قۇشلار ھەققىدە سۆزلەش

تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا قۇشلار توغرۇلۇق سۆزلەپ بېقىڭلار:

1 . تەپسىلىي كۆزىتىدىغان بولساق ، ھەرقانداق قۇش ئۆزىگە خاس گۈزەللىككە ئىگە . ئەگەر سىز بىرەر قۇشنىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەللىكىنى ، يەنى ئۇنىڭ تەن شەكلىنىڭ ، رەڭگىنىڭ ، ئاۋازىنىڭ ، پەرۋازىنىڭ گۈزەللىكىنى ··· تەسۋىرلەپ يازماقچى بولسىڭىز ئىشنى قەيەردىن باشلاش كېرەك دەپ قارايسىز ھەم قايسى جەھەتتىن كۆچەش زۆرۈر دەپ بىلىسىز ؟

2 . قۇش باققۇچىلارنىڭ قۇشنى ئەتىۋارلاپ بېقىشى قۇشقا بولغان بىر خىل ئالاھىدە مۇھەببەت . شۇبھىسىزكى ، بىزنىڭ قۇشلارنى ياخ- شى كۆرۈشىمىزمۇ ئۇلارنىڭكىگە يەتمەيدۇ . ئۇنداقتا ، ئۇلارنىڭ قۇش- لارغا بولغان مۇھەببىتىنى ئالىيجاناب مۇھەببەت ، دەپ ئېيتىشقا بولامدۇ ؟

3 . قۇشلارنى قوغداش ، تەبىئەتكە قويۇۋېتىش بۈگۈنكى ئىنسان- يەتنىڭ يۈكسەك گۇمانىتار تەشەببۇسى . قارايدىغان بولساق دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدىكى ھايۋانات باغچىلىرىدا مىليونلىغان قۇشلار يەنىلا غايەت زور قەپەسلەردە ھايات كەچۈرمەكتە ، ھەتتا بۇ قانۇن تەرىپىدىنمۇ چەكلەنمەيدۇ . بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك ؟

4 . تۇرگېنېۋ بوران ــ چاپقۇندىكى ئاق كەپتەرلەرنى يېزىش ئارقىلىق قانداق ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەن ؟

5 . بۇ مەخسۇس تېمىدا بېرىلگەن ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرىنى چەت ئەللىك ئاپتورلار ، بەزىلىرىنى جۇڭگولۇق ئاپتورلار يازغان . ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ئوخشاش بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇلار ئادەملەرنىڭ قۇشلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق قانداق ئوخشاش تونۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان ؟

## قۇشلارنى يېزىش

تۆۋەندىكى بەش مەسىلىدىن بىر ياكى ئىككىنى تاللاڭ :

1 . ئۆزۈڭلار ياخشى كۆرىدىغان بىرەر قۇشنى تاللاپ ، باغلانما تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئۇنىڭ بىر خىل ئېسىل پەزىلىتى ياكى روھىنى

مەدھىيىلەپ بىرەر پارچە شېئىر ياكى نەسىر يېزىڭلار . رەسىم قىلىپ سىزساڭلارمۇ بولىدۇ . ئاندىن سىنىپ بويىچە قۇشلار ھەققىدە شېئىر ، نەسىر ئوقۇش ، رەسىم كۆرگەزمە قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈڭلار .

2 . بەزى ساۋاقداشلىرىڭلارغا «ئادەم ۋە قۇش» دېگەن تېمىدا ئەسەر يېزىپ بېقىش تەكلىپىنى بېرىڭلار (ژانىر چەكلەنمەيدۇ) . يېزىپ بولغاندىن كېيىن ، ئەسەرلەر توپلىمى تۈزۈڭلار . مۇقاۋىلاپ ، تۈپلىگەندىن كېيىن ، سىنىپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسىتىڭلار .

3 . بىئولوگىيىلىك تەقلىد نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، قۇشلاردىن ئىبارەت بۇ ئۇچقۇچىلار ئادەملەرنىڭ ئاسماندا ئۇچۇپ ، ئاۋىئاتسىيە تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا تۈرتكە بولغان . ئالەم كېمىسى قويۇپ بېرىلگەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ ، قۇشلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ، بىز يەنىلا نۇرغۇن بىلىمگە ئىگە بولالايمىز . «قۇش ۋە ئايروپىلان» دېگەن تېمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتتا بىئولوگىيىلىك تەقلىدشۇناسلىق ھەققىدىكى باشقا ماتېرىياللارنىمۇ ئىزدەپ تېپىپ ، ھەربىرىڭلار بىر پارچىدىن قىسقا ماقالە يېزىڭلار . ئاندىن سىنىپ بويىچە «قۇشلارنى تەتقىق قىلىش ۋە ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى» دېگەن تېمىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ پىكىر ئالماشتۇرۇڭلار .

4 . سىز دەرسنىڭ ئىچى - سىرتىدا قۇشلار ھەققىدە يېزىلغان شېئىر ، نەسىر ، قۇشلارنىڭ ياشاش ئەھۋالى ، قۇشلارنى ئاسراش ھەققىدىكى ماقالىلەرنى ئوقۇغانمۇ ؟ سىنىپ بويىچە «قۇشلار ئىنسانلارنىڭ دوستى» دېگەن تېمىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىڭلار ھەمدە ئۆزۈڭلارنىڭ مۇشۇ ھەقتە يازغان ئەسىرىڭلارنى ئوقۇڭلار .

5 . ئالىملار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىلەرنى بايقىغان : قۇشلار تويۇپ ئېغىرلىقى ئاشقاندا ، تېخىمۇ تېز ھەم يىراققا ئۇچالايدۇ . ئۇچۇش سۈرئىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، «V» شەكلىدە قاتارلىشىپ ئۇچقان قۇشلار يالغۇز ئۇچقان قۇشلارغا قارىغاندا ئېنېرگىيىنى ئاز سەرپ قىلىدۇ . سىز كىتاب ، گېزىت ، ژۇرناللاردىن بۇلارنىڭ

سىرنى يېشىپ بېرەلەيدىغان ماتېرىياللارنى ئىزدەپ تاپالامسىز؟

بىئولوگىيىلىك تەقلىدشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل بايقاش ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىدا قانداق قىممەتكە ئىگە؟ سىز ئۇنىڭدىكى بىرەر ھادىسىنى تۇتقا قىلىپ، يۈرەكلىك ھالدا تەسەۋۋۇر قىلىپ، بىر ـ ئىككى بەتلىك فانتازىيىلىك ھېكايە يازالامسىز؟



## ئۇچىنچى بۆلەك

# سىرلىق ئالەم

كىشىلەرنىڭ ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىپ، خۇراپىيلىقنى يوقىتايلى، دېگىنىنى پات - پات ئاڭلاپ تۇرىمىز. بۇ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرىنى ئېچىش داۋامىدا ئىلىم - پەن روھىنى، ئىلمىي ئۇسۇل ۋە ئىلمىي ئىدىيە ئۇسۇلىنى تەكىتلەش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ بۆلەكتە بېرىلگەن تېكىستلەردە ھەر خىل شەيئىلەر ۋە ئىشلار سۆزلەنگەن بولۇپ، ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىلمىي روھ ۋە ئىلمىي ئىدىيە ئۇسۇلى بىر دەكلىككە ئىگە.

بۇ تېكىستلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق، كۆزىتىشكە، ئەمەلىي پاكىتنى تەكىتلەشكە ئەھمىيەت بېرىشتەك ئىلمىي روھنى يېتىلدۈرگىلى بولۇپلا قالماي، توغرا، ئىلمىي ئۇسۇلنى ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ.

# 9 . بىئولوگىيىلىك تاجاۋۇزچىلار

مىبى تاۋ

سىز يول بويىدىكى چىملىقتا ياكى ھويلىڭىزدا بىر - ئىككى تال قوڭغۇزنى كۆرۈپ قالغىنىڭىزدا، كارىڭىز بولماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، بىئولوگلار بىلەن ئېكولوگلار بۇنى ئادەتتىكى ئىش دەپ قارىمايدۇ. مۇتەخەسسىسلەر ئەسلىدە باشقا جايلاردا ياشاپ، غەيرىي تەبىئىي يوللار ئارقىلىق يېڭى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا كۆچۈپ كەلگەن بۇ خىل «كۆچمەنلەر»نى «بىئولوگىيىلىك تاجاۋۇزچىلار» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار ئەسلىدىكى ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپلا قالماستىن، يەنە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە مۆلچەرلىگۈسىز ئىقتىسادىي زىيان سالىدۇ.

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، قۇرۇقلۇق قاتنىشى ۋە دېڭىز قاتنىشى تېخنىكىسى تېخى تەرەققىي قىلمىغان، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ئانچە چوڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغانىدى. تەبىئىي شارائىتتا بىر تال ماماكاپ ئۇرۇقى شامال - بوراندا نەچچە ئون مىڭ مېتىرغىچە ئۇچۇپ بارالىشى مۇمكىن. ئەگەر ھەر خىل شارائىتلار ماس كەلسە، ئۇ يەردە يىلتىز تارتىپ، بىخ چىقىرىپ، ئۆسۈپ يېتىلەلەيدۇ. ئېقىنلاردىكى بېلىجانلار ئېقىننى بويلاپ ئۈزۈپ دەريا - كۆللەرگە بېرىپ ماكانلىشىپ قېلىشى مۇمكىن . . . ئومۇمەن، تۈرلۈك - تۈمەن شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ئادەملەرنىڭ دەخلى - تەرۇزىغا ئۇچرىمىغان ئەھۋالدا ناھايىتى ئاستا بولىدۇ، زامان ۋە ماكاندىن ھالقىپ كېتىشى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ ئېغىر تەڭپۇڭسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ.

ئەگەر بىر خىل تۈر[1] يېڭى ياشاش مۇھىتىدا ئوخشاش ئوزۇقلان-
غۇچىلار رىقابىتى ۋە كۈشەندىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكى قاتارلىق ئامىللار-
نىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىسا، ئۇنىڭ ئەركىن - ئازادە كۆپىيەلىشىدە
گەپ يوق. 1988 - يىلى ئەسلىدە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ياشاپ
كەلگەن چىپار قۇلۇلە (دەريا سەدەپ قۇلۇلىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان
بىر خىل يۇمشاق تەنلىك ھايۋان) بىر يۈك پاراخوتى بىلەن بىللە
شىمالىي ئامېرىكىغا بېرىپ قالغان. ئۇ چاغدا كىشىلەر يۈكلەرگە
ئارىلىشىپ قالغان بۇ «ئوغرىلىقچە ئۆتكۈچىلەر»گە دىققەت قىلماي،
ئۇلارنى بەش چوڭ كۆل ئەتراپىدىكى بىر ئېقىنغا تاشلىۋەتكەن. ئەمما،
ئويلىمىغان يەردىن بۇ يەر چىپار قۇلۇلىنىڭ «جەننىتى»گە ئايلىنىپ
قالغان ھەمدە ھېچقانداق كۈشەندىسى بولمىغانلىقتىن، شىددەت بىلەن
كۆپىيىپ، بەش چوڭ كۆلدىكى بارلىق سۇ تۇرۇبىلىرىنى «ئىگىلىۋال-
غان». ھازىرغا قەدەر كىشىلەر چىپار قۇلۇلىنى ئادالاش ۋە تۇرۇبىلا-
رنى ئالماشتۇرۇش ئىشىغا نەچچە 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرى سەرپ
قىلىپ بولغان. ئاسىيادىن كەلگەن ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز بىلەن
لاتىن ئامېرىكىسىدىن كەلگەن قىزىل چۈمۈلە ئامېرىكىلىقلارغا چىپار
قۇلۇلىدىن باشقا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىۋاتقان يەنە ئىككى «تاجاۋۇز-
چى»دۇر. ئالدىنقىسى چىكاگو بىلەن نيۇ يوركنىڭ دەل - دەرەخلىرى-
نى ئەسەبىيلەرچە بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچراتسا، كېيىنكىسى مەخسۇس
ئادەم ۋە مال - ۋارانلارنى چېقىپ كېسەللىك تارقىتىدۇ.

«بىئولوگىيىلىك تاجاۋۇزچىلار» ئىنسانىيەتكە مۆلچەرلىگۈسىز
ئىقتىسادىي زىيان يەتكۈزۈش بىلەن بىللە، تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغان
باشقا تۈرلەر ۋە تۈرلەرنىڭ كۆپ خىللىقىغا ناھايىتى زور تەھدىت پەيدا
قىلىدۇ. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، پالما دەرىخى يىلىنى بىر
ھەربىي يۈك پاراخوتى بىلەن بىللە گۇئام ئارىلىغا بېرىپ ماكانلىشىپ
قالغان. دەرەخكە چىقىۋېلىپ ئارام ئالىدىغان بۇ خىل ئۆمىلىگۈچى
ھايۋان مەخسۇس قۇش ۋە ئۇنىڭ ئۇۋىسىدىكى چۈجە - تۇخۇملىرىنى

[1] بىئولوگىيىلىك ئايرىشتىكى ئاساسىي بىرلىك. ئوخشىمىغان تۈردىكى جانلىقلار ئېكولوگىيىلىك ۋە شەكىل جەھەتتە ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ.

يۇتىدۇ . 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن تا ھازىرغىچە گۇئام ئارىلىدىكى 11
خىل يەرلىك قۇشنىڭ توققۇز خىلىنى پالما دەرىخى يىلىنى قۇرۇتۇپ
بولغان . قالغان ئىككى خىل قۇشمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىپ ، نەسلى
قۇرۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە . بەزى بىئولوگلار گۇئام
ئارىلىدىن گاۋايغا ئۇچىدىغان ئايروپىلاندىن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ
ئالتە قېتىم پالما دەرىخى يىلىنىنى كۆرۈپ قالغان ھەمدە : گاۋايدا
پالما دەرىخى يىلىنىنىڭ ھېچقانداق كۈشەندىسى يوق ، ناۋادا بۇ خىل
يىلان گاۋايغا ماكانلىشىپ قالىدىغان بولسا ، بۇ ئارالدىكى قۇشلارنىڭ
ھەممىسى تۈگەپ كېتىدۇ ، دەپ ئاگاھلاندۇرغان .

نۇرغۇن بىئولوگ ۋە ئېكولوگلار «بىئولوگىيىلىك تاجاۋۇزچى-
لار»نىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى كۈنسېرى گۈللىنىۋاتقان خەلقئارالىق
سودىدىن كۆرۈشمەكتە . ئەمەلىيەتتىمۇ نۇرغۇن «بىئولوگىيىلىك تا-
جاۋۇزچىلار» دۆلەت ھالقىپ سودا قىلىدىغان «ئەپلىك ماشىنىلار»
ئارقىلىق «ئوغرىلىقچە ئۆتۈش» پۇرسىتىگە ئېرىشمەكتە . ھازىرقى
پۈتكۈل يەر شارى خاراكتېرلىك مېۋە ـ چېۋە ، كۆكتات سودىسىنى
مىسالغا ئالىدىغان بولساق ، نۇرغۇن ھاشارات ۋە ھاشارات لېچىنكىلى-
رى شۇ ئارقىلىق تارقالماقتا . بۇنىڭ ئىچىدە ناھايىتى كۆپ زىيانداش
ھاشاراتلارمۇ بار . ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى مېۋە شەپەرىڭى بۇنىڭ بىر
مىسالى . گەرچە ھەرقايسى دۆلەت تاموژنىلىرىنىڭ ھايۋانات ـ ئۆسۈم-
لۈك يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەركەزلىرى بۇ
خىل زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىۋاتقان بولسىمۇ ،
لېكىن ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماللارنىڭ زور دەرىجىدە
كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ، يەنىلا بەزىلىرى ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ . ئۇنىڭ-
دىن باشقا ، دۆلەت ھالقىغان ئەرمەك ھايۋانلار سودىسى «بىئولوگىيە-
لىك تاجاۋۇزچىلار»غا قولايلىق يارىتىپ بېرىۋاتىدۇ . يېقىنقى يىللار-
دىن بېرى ، رەڭگارەڭ ، چىرايلىق بېلىقلارنىڭ ئېكسپورت قىلىنغان
رايونلارغا خولېرانى ئېلىپ كىرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرلەر كۆپى-
يىپ قالدى . باشقا جايدا تۇغۇلغان بەزى ھايۋانلار ، مەسىلەن ، يىلان ،
كەسلەنچۈك ، مولۇن قاتارلىقلار ئىگىسى سەللا بىخەستەلىك قىلسا ،

بوشىنىپ قېچىپ كېتىدۇ ياكى چۈشۈپ قالىدۇ ـ دە ، يامان ئاقىۋەت-
لەرنى كەلتۈرىدۇ .

بەزى بىئولوگلار مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن : ناۋادا مەلۇم بىر خىل
«بىئولوگىيىلىك تاجاۋۇزچى» يېڭىچە مۇھىتقا كۆنۈپ ھەسسىلەپ
كۆپىيىدىغان بولسا ، ئۇنىڭ سانىنى توسۇش ناھايىتى تەسكە چۈشىدۇ .
پەن ـ تېخنىكا يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ ،
ماسلىشىشچانلىقى ۋە كۆپىيىشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ھاي-
ۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە نىسبەتەن ، ئادەملەر ئامالسىزدۇر .

بىئولوگىيە ۋە ئېكولوگىيە ساھەسىدىكى بەزى ئالىملار ئىنسانلارنىڭ
جانلىقلار تۈرىنىڭ كۆچۈشىگە بەك كۆپ ئارىلىشىۋالماسلىقىنى ، چۈن-
كى تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى ، بىر تۈرنىڭ يېڭى
شارائىتتا چوقۇم تەبىئىي تاللىنىش قانۇنىيىتىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى
تەشەببۇس قىلىدۇ . «بىئولوگىيىلىك تاجاۋۇزچىلار»نىڭ ھەممىسى-
نىڭلا ھايات تۇرالىشى ناتايىن . ھايات قالغانلىرى كۈچلۈكلەر ھېساب-
لىنىدۇ . لېكىن ، كۈچلۈكلەرمۇ ئېكولوگىيىلىك سىستېمىدا ئوخ-
شاشلا مۇشۇ سىستېمىنىڭ ھەر خىل چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ ،
ھەرگىزمۇ ئۆز مەيلىچە ياشىيالمايدۇ . شۇڭا ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى
تەڭپۇڭلۇق ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ . ئەمما ، نۇرغۇن
ئالىملار بۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى تەڭشىلىش
جەريانى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ ، ئەگەر «بىئولوگىيىلىك تاجاۋۇزچى-
لار»نى ئۆز مەيلىچە كۆپىيىشكە قويۇپ بەرسەك ، نۇرغۇن يەرلىك
تۈرلەرنىڭ نەسلى قۇرۇپ ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلەرنىڭ كۆپ
خىللىقى مىسلىسىز بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ ، دەپ قاراشماقتا . ئۇ-
نىڭدىن باشقا ، «بىئولوگىيىلىك تاجاۋۇزچىلار»نىڭ ئىنسانىيەت جەم-
ئىيىتىگە كەلتۈرگەن ئىقتىسادىي زىيىنى كىشىنى چۆچۈتىدۇ . يالغۇز
ئامېرىكىدىلا ھەر يىلى «بىئولوگىيىلىك تاجاۋۇزچىلار» كەلتۈرگەن
ئىقتىسادىي زىيان 200 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كېتى-
دۇ . مۇنچىۋالا كۆپ سانلىق مەلۇمات ئالدىدا كىشىلەر قانداقسىگە ئاھ
ئۇرماي تۇرالىسۇن .

ئەتىسى ئۇ بىر كەپىنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يەنە بىر خىل ئاۋازنى ئاڭلاپ قاپتۇ ـ دە، نەيىنىڭ ئاۋازىمىدۇ ياكى قاغىنىڭ قاقىلدىشىمىدۇ دەپ ئويلاپ، بىلىپ باقماقچى بولۇپ كەپىگە كىرىپتۇ. كەپىدە بىر بالا ياغاچقا چېلىڭ تارتىلغان ئىنچىكە سىمىلارنى بارماقلىرى بىلەن چېكىپ ئويناۋاتقان، پۇۋلىمەي، بارمىقىنى تەگكۈزۈپ قويسىلا، ئۇ سىمىلاردىن ھەر خىل يېقىملىق ئاۋازلار چىقىۋاتقانىكەن. بۇنى كۆرۈپ ئۇ ھەيرانۇھەس بوپتۇ. بۇنى دېمىسەممۇ، پەقەت ئۇنىڭغا ئوخشاش ئەقىللىق ۋە قىزىققاق ئادەملەر بۇنى بىلەلەيدۇ. ئاۋاز پەيدا قىلىدىغان بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنى تاسادىپىي بايقاپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ، دۇنيادا ئاۋاز پەيدا قىلىدىغان باشقا ئۇسۇللارمۇ بار دېگەنگە ئىشىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش يۈز بېرىپتۇ. ئۇ بىر ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يەنە بىر خىل ئاۋازنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئاۋاز چىقىرىۋاتقان كىمدۇر دەپ ئويلاپ ئىتتىك قارىغانىكەن، دەرۋازا ئېچىلغان چاغدىكى غىچىرلاش ۋە تۆمۈر شانىرىنىڭ شاراقلىشى ئىكەن. يەنە بىر كۈنى ئۇ ناھايىتى زىل بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئىسكىرىپكا چېلىۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ خۇشال بولۇپ قاۋاقخانىغا كىرىپتۇ. ئەسلىدە بۇ بىرەيلەننىڭ ئىستاكاننى چېكىشىدىن چىققان ئاۋاز ئىكەن. كېيىنچە ئۇ ھەرە، پاشا ۋە چىۋىنلارنىڭمۇ نەپىسىگە تايانمايلا غوڭۇلداپ ھەر خىل ئاۋاز چىقىرالايدىغانلىقىنى بىلىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قىزىقىشى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىپتۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئاۋاز چىقىرىش ئىلمى جەھەتتە تېخى كۆپ نەرسە بىلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆز ئۆمرىدە قارا چېكەتكىنىڭ قاناتلىرىنى تىترىتىپلا ناھايىتى زىل ئاۋاز چىقىرالايدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. ئۇ بۇ خىل ئاۋاز چىقىرىدىغان نەرسىلەر مۇشۇلارلا بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ يۈرگەنىكەن، ئويلىمىغان يەردىن، ھەر خىل گارمون، كاناي، نەي ۋە تارلىق چالغۇ قاتارلىق تۈرلۈك ـ تۈمەن چالغۇ ئەسۋابلارنى ئۇچرىتىپ تېخىمۇ ھەيران بوپتۇ. ئۇ ئەمدى مەن بىلمەيدىغان نەرسە قالمىغان بولسا كېرەك، دەپ يۈرگەنىكەن، ئەمما بىر تومۇزغىنى

تۇتۇۋېلىپ، يەنە ھەيران قاپتۇ. چۈنكى، تومۇزغىنىڭ ئاغزى بىلەن قاناتلىرىنى تۇتۇۋالسىمۇ، چىرقىراق ئاۋازى توختىماپتۇ. ئۇ تومۇزغىنى ئۆرۈپ قارىغانىكەن، كۆكرىكىدە بىرنەچچە تال قاسىرقىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ھەم ئاۋاز شۇ يەردىن چىقىۋاتقان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئۇنى كېسىۋېتىپ ئاۋازنى توختاتماقچى بوپتۇ. لېكىن، ئاۋاز يەنىلا توختىماپتۇ. ئۇ ھەتتا تومۇزغىغا يىڭنە سانجىپمۇ ئاۋازنى توختىتالماپتۇ ھەمدە ئاخىر، بۇ ئاۋازنىڭ زادى نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىمىنىڭ نەقەدەر چولتا ئىكەنلىكىگە، ئادەملەر تېخى بايقىمىغان، ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدىغان يەنە نۇرغۇن ئاۋاز چىقىرىش ئۇسۇللىرىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىپتۇ.

مەن يەنە نۇرغۇن باشقا مىساللارنى كەلتۈرۈپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك - تۈمەن ئىشلارنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرمەي، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ئۇلار ھەققىدە توغرا تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيمەن. تەجرىبىگە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا بەزىلىرىنىڭ ئالدىدا ئامالسىز قالىمىز. شۇڭا، ناۋادا مەن قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلارنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبىگە توغرا ھۆكۈم قىلالمىغان تەقدىردىمۇ، بۇنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئەزەلدىن بۇنى چوقۇم قىلالايمەن دەپ باقمىغان. چۈنكى، مەن ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئىرادىمىز بويىچە شەكىللەنمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئالىقىنىمدا سىقىمداپ تۇرغان بىر تال تومۇزغىنى ئېلىپ ئېيتسام، ئۇنىڭ قانداق ئاۋاز چىقىرىدىغانلىقىغا بىر نېمە دېمەك تەس، شۇڭا ناھايىتى يىراق كۆكتىكى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكىنى دەپ بېرەلمەسلىكىمنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . ئىلگىرى بىر كىشى بىر كىچىك ، بىر چوڭ ئىككى چەمبەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىلىمىنىڭ ئازلىقىنى كۆپەيگەنلىكىنى ئىپادىلىگەن . چەمبەرنىڭ سىرتى تېخى بىلمەيدىغان نەرسىلىرى بولۇپ ، ئۇ مۇشۇ ئارقىلىق بىر يەكۈن چىقارغان . تۆۋەندە بېرىلگەن سخېمىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ، تېكىستكە بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ، ئۇنىڭدا قانداق يەكۈن چىقىرىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىڭ .




بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى : ________________

________________________________________

2 . تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇپ ، ئۇلاردا قوللىنىلغان «ئىكەن» دېگەن ياردەمچى پېئىلنىڭ رولىنى چۈشەندۈرۈپ بېقىڭ :

1 ) يەنە بىر كۈنى ئۇ خۇشال هالدا بىر قاۋاقخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا ، ئىسكىرىپكىنىڭ تارىنى چىرتقاندەك زىل ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ . ئەسلىدە بۇ بىرەيلەننىڭ ئىستاكاننى چېكىشىدىن چىققان ئاۋاز ئىكەن .

2 ) ئۇ ئەمدى مەن بىلمەيدىغان نەرسە قالمىدىغۇ دەپ يۈرگەندە-
كەن، بىر تومۇزغىنى تۇتۇۋېلىپ، يەنە ھەيران قاپتۇ.

3 ) ئۇ تومۇزغىنى ئۆرۈپ قارىغانىكەن، كۆكرىكىدە بىر نەچچە تال قاسىرىقىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ھەم ئاۋاز شۇ يەردىن چىقىۋاتقان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئۇنى كېسىۋېتىپ ئاۋازنى توختاتماقچى بوپتۇ. لېكىن، ئاۋاز يەنىلا توختىماپتۇ.

سىز بۇ تېكىستتىن يۇقىرىقىغا ئوخشاش جۈملە شەكلىنى تېپىپ بېقىڭ.

3 . كۇتۇپخانا ياكى ئىنتېرنېت توربېتىدىن مۇناسىۋەتلىك ماتېريال-لارنى ئىزدەپ تېپىپ، كىشىلەرنىڭ ھازىر تومۇزغىنىڭ ئاۋازنى نەدىن چىقىرىدىغانلىقىنى، تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكىنى بىلىپ بولغان-بولمىغانلىقىغا جاۋاب تېپىپ بېقىڭ. ئەگەر بىلىپ بولغان بولسا، ئاۋازشۇناسلىق ۋە ئاسترونومىيە ساھەسىدە قانداق يېڭى مەسىلىلەرنىڭ بايقالغانلىقى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىڭىزنى كۆپچىلىككە سۆزلەپ بېرىڭ. باشقا ئىلىملەرنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە ھازىرقى بەزى يېڭى مەسىلىلەر ھەققىدە سۆزلىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

# 11 . ئاسىموۋ ئەسەرلىرىدىن ئىككى پارچە[1]

## دىنوزاۋۇر ھەممىلا يەردە بار

ئوخشاش بولمىغان ئىلىم ساھەلىرى ئۆزئارا زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ . بىر ئىلىم ساھەسىدىكى يېڭى بايقاش چوقۇم باشقا ئىلىم ساھەلىرىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ .

مەسىلەن ، 1986 ـ يىل 1 ـ ئايدا ، ئارگېنتىنانىڭ جەنۇبىي قۇتۇپنى تەتقىق قىلىش ئورنى جامېسروس ئارىلىدا تاشقا ئايلانغان سۆڭەكلەرنى بايقىغانلىقىنى ئېلان قىلدى . بۇ ئارال جەنۇبىي قۇتۇپ دېڭىز ساھىلىدىكى مۇز قاپلىغان كىچىككىنە بىر قۇرۇقلۇقتىن ئازراقلا ئايرىلىپ تۇرىدىغان بولۇپ ، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ جەنۇبىي ئۇچىغا ناھايىتى يېقىن . شەك ـ شۈبھىسىزكى ، بۇ سۆڭەكلەرنىڭ قۇشسىمان دىنوزاۋۇرلارنىڭ[2] سۆڭەكلىرى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق .

يەر شارىدىكى باشقا قۇرۇقلۇقلاردىمۇ تاشقا ئايلانغان دىنوزاۋۇرلار تېپىلغان . بۇ قەدىمكى ئۆمىلىگۈچى ھايۋاننىڭ جەنۇبىي قۇتۇپتا بايقىلىشى دىنوزاۋۇرلارنىڭ دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىگە تارقالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

ئەگەر بۇ بايقاشلارنى ئانتاركتىدا قۇرۇقلۇقى بىلەن باغلاپ كۆرىدىغان بولساق ، بۇ دىنوزاۋۇرلار ھەققىدە ئويلىنىشىمىزغا قارىغاندا ئىنتايىن مۇھىمدۇر . دىنوزاۋۇر قانداق قىلىپ جەنۇبىي قۇتۇپتا ياشىيا-

[1] شائىخەي يەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشر قىلغان «يېڭى ياسىل» ناملىق كىتابتىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى . ئاسىموۋ — ئىساك ئاسىموۋ (1920 — 1992) — ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئىلمىي فانتازىيە ۋە يەنىي ئومۇملاشتۇرۇش يازغۇچىسى .

[2] دىنوزاۋۇرلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ، بەدەن قۇرۇلمىسى قۇشقا ئوخشاپ كېتىدۇ . كۆپىنچە ئوتخور ياكى ئوزۇق تاللىمايدىغان كېلىدۇ .

لىغان ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇ سوغۇق هاۋا كىلىماتىغا ماس كەلمەيدىغان تۇرسا . هازىرقى زاماندىكى قوش ماكانلىق هايۋانلار (يېشىل پاقا بىلەن چارپاقا هازىرقى ھەممىلا كىشى بىلىدىغان قوش ماكانلىق هايۋانلاردۇر ) جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ سوغۇق كىلىماتىغا تېخىمۇ ماس كەلمەيدۇ . لېكىن ، 1986 - يىلى جەنۇبىي قۇتۇپتا راستتىنلا بۇ خىل قەدىمكى قوش ماكانلىق هايۋاننىڭ تاشقا ئايلانغان جىسمى تېپىلغان .

دىنوزاۋۇرنىڭ ھەممىلا قۇرۇقلۇقتا مۇستەقىل ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس . ئۇنداق بولسا ئۇ قانداقسىگە تىنچ ئوكياندىن ئۆتۈپ يەنە بىر قۇرۇقلۇققا چىقالايدۇ ؟

بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابى مۇنداق : دىنوزاۋۇر كۆچكەن بولماستىن ، بەلكى قۇرۇقلۇقلار بىر - بىرىدىن ئاجراپ كەتكەن . بىرنەچچە ئون يىل ئىلگىرى كىشىلەر يەر پوستىنىڭ زىچ بىرىكىپ تۇرغان ، ئەمما يەنە ئاستا ھەرىكەت قىلىپ تۇرغان چوڭ بۆلەكلەردىن تەركىب تاپقانلىقىنى بايقىغان . بەزى بۆلەكلەر ئاجرىسا ، بەزى بۆلەكلەر سىغدىلىپ بىرىكىپ ، يەنە بەزى بۆلەكلەرنى باشقا بۆلەكلەر تەرەپكە قاڭقىتىپ چىقىرىۋېتىشى مۇمكىن ئىكەن . «بۆلەكلەر قۇرۇلمىسى» نەزەرىيىسى ناھايىتى تېزلا گېئولوگىيە ساھەسىدىكى ھەممە مەسىلىلەرگە دېگۈدەك جاۋاب تېپىپ بەردى . مەسىلەن ، يانار تاغ ، يەر تەۋرەش ، زەنجىرسىمان ئاراللار ، دېڭىز چۆكمىسى قاتارلىقلار . ئىلگىرى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېچىلمىغان سىر بولۇپ كەلگەنىدى .

مۇنداق ئوخشىتىشقىمۇ بولىدۇ : بۆلەكلەرنىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن قۇرۇقلۇقلار بار دېسەك ، مەلۇم بىر بۆلەك يەنە بىر بۆلەك ياكى مەلۇم بىر تەرەپكە قاراپ سۈرۈلگەندە ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قۇرۇقلۇقلارمۇ تەڭ سۈرۈلىدۇ . ھەر قېتىم بىر باسقۇچ ئۆتكەندە ، بۆلەكلەر بارلىق قۇرۇقلۇقلارنى بىرىكتۈرۈپ ، يەر شارىدىكى ئاساسلىق قۇرۇقلۇقنى ھاسىل قىلىدۇ . بۇ «دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ قۇرۇقلۇق» دەپ ئاتىلىدۇ . بۆلەكلەر ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغاندا ، قۇرۇقلۇقلارمۇ قايتىدىن ئاجراشقا باشلايدۇ .

يەر شارىنىڭ 4 مىليارد يىللىق تەرەققىيات تارىخى جەريانىدا ،

دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئاجرىشى
كۆپ قېتىم تەكرارلانغان . ئاخىرى مۇكەممەل بىر دەرىجىدىن تاشقىرى
چوڭ قۇرۇقلۇق تەخمىنەن 225 مىليون يىل ئىلگىرى شەكىللەنگەن .
دەرىجىدىن تاشقىرى بۇ چوڭ قۇرۇقلۇق بىرنەچچە مىليون يىل تۇرغان-
دىن كېيىن ، يەنە ئاجراش ھادىسىسى يۈز بەرگەن .
دەسلەپكى دىنوزاۋرلار ئۇ مەزگىلدە پەيدا بولۇپ بولغان ھەمدە
دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىغا تارقى-
لىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن . بۇ چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ھەممىلا يېرى
ئىسسىق بەلۋاغ ياكى مۆتىدىل بەلۋاغ شارائىتىدا بولغاچقا ، دىنوزاۋر-
لار ئۇنىڭ ھەممىلا يېرىدە كەڭ - كۇشادە ياشىغان .
تەخمىنەن 200 مىليون يىل ئىلگىرى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ
قۇرۇقلۇق تۆت بۆلەككە پارچىلانغان . شىمالىي بۆلىكى دەل ھازىرقى
شىمالىي ئامېرىكا ، ياۋروپا ۋە ئاسىيا ، جەنۇبىي بۆلىكى ھازىرقى لاتىن
ئامېرىكىسى بىلەن ئافرىقا ، ئەڭ جەنۇبىي بۆلىكى ھازىرقى ئانتاركتىدا
بىلەن ئاۋستىرالىيە ، قالغان بۆلىكى ھىندىستاننىڭ ئاز بىر قىسمى
ئىدى .
ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ شىمالىي ئامېرىكا ئاسىيا بىلەن
ياۋروپادىن ئاجراپ چىقىپ كەتكەن ، لاتىن ئامېرىكىسىمۇ ئافرىقىدىن
ئاجرىغان (خەرىتىگە قارىسىڭىز ئافرىقا بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىنى
بىر - بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇپ باقىدىغان بولسىڭىز ، دەلمۇدەل كەل-
گەنلىكىنى بىلەلەيسىز ) . ھىندىستان شىمال تەرەپكە سىلجىپ ، تەخ-
مىنەن 50 مىليون يىل ئىلگىرى ئاسىيا بىلەن سوقۇلغان ھەمدە
ھەيۋەتلىك ھىمالايا تاغ تىزمىسىنى شەكىللەندۈرگەن . ئىككى قۇرۇق-
لۇق بۇ يەردە ئاستا - ئاستا بىرىكىپ كەتكەن . ئانتاركتىدا بىلەن
ئاۋستىرالىيە بولسا بىر - بىرىدىن ئاجراپ كەتكەن .
قۇرۇقلۇقلار بىر - بىرىدىن ئاجرىغاندا ، ئۆزىدىكى دىنوزاۋرلار-
نىمۇ بىللە ئېلىپ كەتكەن . 65 مىليون يىل ئىلگىرى ھەر خىل
سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دىنوزاۋرلارنىڭ ھەممىسى ھالاك بولغان . قۇ-
رۇقلۇقلارمۇ پۈتۈنلەي بىر - بىرىدىن ئاجراپ كەتكەن . شۇڭا ، ھازىر-

قى ھەممىلا قۇرۇقلۇقتىن تاشقا ئايلانغان دىنوزاۋرلار تېپىلماقتا .

جەنۇبىي قۇتۇپتىمۇ دىنوزاۋر ، قوش ماكانلىق ھايۋان ۋە دىنوزاۋر دەۋرىدە راسا كۆپەيگەن ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلار بار ئىدى . لېكىن ، بۇ جانلىقلارنىڭ تەقدىرى ئۆزگە ئوخشاش باشقا جانلىقلارنىڭكىدىنمۇ ئېچىنىشلىق بولغان . چۈنكى ، بۇ بۆلەك ئۇلارنى جەنۇبتىكى ئەڭ يىراق جايغا ئېلىپ كەتكەن . تەخمىنەن 100 مىليون يىلدىن كېيىن ، ھاۋا كىلىماتى تەدرىجىي سوۋۇپ ، ئۆسۈملۈكلەر ئاستا - ئاستا شالاڭ-لاشقا باشلىغان ، ھايۋانلارنىڭ تۈرى ۋە سانىمۇ زور دەرىجىدە ئازلاپ كەتكەن . ھاۋا كىلىماتىنىڭ بارغانچە سوۋۇشى ، يازنىڭ قىسقا ھەم سوغۇق بولۇشى نەتىجىسىدە ، ئاخىر بۇ يەر پۈتۈنلەي قار - مۇزغا ئايلىنىپ كەتكەن .

جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى ئانتاركتىدا يەر شارى-نىڭ ئەڭ چوڭ توڭلاتقۇسى بولۇپ ، يەر شارىدىكى بارلىق مۇزلارنىڭ ئوندىن توققۇز قىسمى شۇ يەردە . ئۇ يەردىكى مۇزلار نەچچە ئون ئىنگلىز مىلى قېلىنلىقتا ، تاشقا ئايلانغان سان - ساناقسىز جىسىملار-نى ئوراپ تۇرىدۇ . ناۋادا جەنۇبىي قۇتۇپتىكى مۇزلار يەنە ئازراق نېپىزلىسە ، ئۇلارنى ئىزدەپ تاپقىلى بولىدۇ .

شۇڭا ، ئانتاركتىدا تاشقا ئايلانغان دىنوزاۋرلارنىڭ تېپىلىشى يەر پوستىنىڭ ئاستا ، ئەمما قارشى تۇرۇش مۇمكىن بولمىغان ھەرىكىتى ھەققىدىكى نەزەرىيە ئۈچۈن يەنە بىر كۈچلۈك ئىسپات بولالايدۇ .

## سىغدالغان قۇم

ئۆتكەن 9 يىلدا ئالىملار 65 مىليون يىل ئىلگىرى دىنوزاۋرلار-نىڭ ھالاك بولۇشى ھەققىدىكى يېڭى قاراش ھەققىدە ئۇزۇن تالاش - تارتىشلارنى قىلىشتى ھەمدە بۇ مەسىلە ئاخىرقى ھېسابتا ھەل بولغانمۇ بولدى .

1980 - يىلى 65 مىليون يىل ئىلگىرى شەكىللەنگەن چۆكىندى-لەرنىڭ نېپىز قەۋىتىدىن ناھايىتى ئاز تېپىلىدىغان بىر خىل

مىسال — ئىرىدىيىنىڭ[①] تېپىلغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ مىقدارىنىڭ ناھايى-
تى مول ئىكەنلىكى خەۋەر قىلىنغانىدى. بەزىلەر بۇنىڭغا بىرەر سەييا-
رە ياكى ناھايىتى زور بىر ئاقار جىسىمنىڭ يەر شارىغا سوقۇلۇشى
سەۋەبچى بولغان دەپ قاراشماقتا. بۇ خىل سوقۇلۇش يەر پوستىغا
كىرىپ كېتىپ يانار تاغلارنىڭ پارتلىشىنى، مىسلىسىز زور ئوت
ئاپىتى ۋە مىسلىسىز زور دېڭىز تاشقىنىنى پەيدا قىلغان بولۇشى
مۇمكىن. نۇرغۇن چاڭ - توزانلار ستراتوسفېرا[②] غا كىرىۋېرىپ،
ئاقىۋەتتە ناھايىتى ئۇزاق مەزگىلگىچە كۈن نۇرى يەر شارىغا يېتىپ
كېلەلمىگەن. بۇ بەلكىم يەر شارىدىكى دىنوزاۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
نۇرغۇن جانلىقلارنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا كېرەك.

شەك - شۈبھىسىزكى، 65 مىليون يىل ئىلگىرى يەر شارىدا
بىر قېتىملىق «زور ھالاكەت»، يەنى «زور بالايىئاپەت» يۈز بەرگەن.
ئەمما، ئالىملارنىڭ ھەممىسىلا بۇنى غايەت كۈچلۈك سوقۇلۇش كەلتۈ-
رۈپ چىقارغان، دەپ قارىمايدۇ. مەسىلەن، 1987 - يىلى بەزىلەر،
ئەگەر يەر شارىدا تۇيۇقسىز يانار تاغلار پارتلاش باسقۇچىغا بېرىپ،
نۇرغۇن يانار تاغ تەڭلا پارتلايدىغان بولسىمۇ، جانلىقلارنى كۆپلەپ
ھالاك قىلىشتەك زور بالايىئاپەت يۈز بېرىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن.

شۇڭا، ھازىر قارىمۇقارشى ئىككى خىل نەزەرىيە، يەنى «سوقۇ-
لۇش تەلىماتى» بىلەن «يانار تاغ تەلىماتى» مەۋجۇت.

بۇ يالغۇز بىر ئىلىم مەسىلىسىلا ئەمەس، چۈنكى بىز كەلگۈسىدە
ئۇنداق ياكى مۇنداق زور بالايىئاپەتكە يولۇقۇشىمىز مۇمكىن (ئالىما-
دىن بىرەر سەييارە يەر شارىغا سوقۇلماقچى بولسا، بىز بۇ ئارقىلىق
قانداق قىلغاندا سوقۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋا-
لالايمىز). بىز بۇ خىل ئىشلارنىڭ قانداق تەسىر پەيدا قىلىدىغانلىقى-
نى كۆپرەك چۈشىنىشكە موھتاج. بۇ ئارقىلىق كېلەچەكتە ناۋادا

---

① ناھايىتى ئاز تېپىلىدىغان بىر خىل مېتال بولۇپ، كۈمۈش رەڭلىك، قاتتىق ھەم چورۇك،
خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق. ئىلىم - پەن ئەسۋابلىرىنى ياساشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ.
② ستراتوسفېرا — «ئادىئابىكىلىق چەمبىرىكى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاقما قاتلامنىڭ ئۈستىدىن يەر
يۈزىگە تەخمىنەن 50 مىڭ مېتىر قالغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى چوڭ گاز قاتلىمىنىڭ تولىسى تەكشى ئېقىن
شەكلىدە ھەرىكەت قىلىدۇ.

شۇنداق ئىشقا دۇچار بولۇپ قالساق ، مەلۇم جىددىي تەدبىرلەرنى قوللىنالىساق ئەجەب ئەمەس .

شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار پاكىت تېپىپ ، بۇ ئىككى خىل نەزەرىيىنى ئىسپاتلاشقا بار كۈچى بىلەن تىرىشماقتا .

1961 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ س .م .ستىشوۋ ئىسىملىك ئالىمى ئەگەر سىلىكا (ناھايىتى ساپ قۇم )غا ناھايىتى زور بېسىم بەرسە ، ئۇنىڭ ئاتوملىرىنىڭ ئارىلىقى قىسقىراپ ، قۇمنىڭمۇ سىغدىلىدىغانلىقىنى بايقىغان . بىر كۇب ئىنگلىز سۇڭگى ھەجىمدىكى سىغدالغان قۇم بىر كۇب ئىنگلىز سۇڭگى ھەجىمدىكى ئادەتتىكى قۇمدىن كۆپ ئېغىر چىققان . بۇ خىل سىغدالغان قۇم شۇ سەۋەبتىن «ستىشوۋىت» دەپ ئاتالغان .

ستىشوۋىت بەك مۇقىم بولمىغاچقا ، ئاتوملارنىڭ ناھايىتى قىسىلىشىپ كېتىشى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى چەتكە قېقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ ، ئاخىر ئۇ يەنە ئادەتتىكى قۇمغا ئايلىنىپ قالىدۇ . ئەمما ، ئاتوملار ئۆزئارا ناھايىتى زىچ جايلاشقانلىقتىن ، بۇ خىل تەتۈر قايتىش ئۆزگىرىشى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ . شۇڭا ، ستىشوۋىت نەچچە مىليون يىل ساقلىنىپ تۇرالايدۇ .

ئالماسنىڭ ھاسىل بولۇشىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ . ئالماستىكى كاربون ئاتوملىرى ناھايىتى زىچ سىغدالغاچقا ، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا سىرتقا كېڭىيىپ ، ئادەتتىكى كاربونغا ئايلىنىشقا ئىنتىلىدۇ . ئادەتتىكى شارائىتتا ، بۇنىڭغا نەچچە مىليون يىل كېتىدۇ .

ئەگەر سىز تېمپېراتۇرىنى يېتەرلىك يۇقىرى كۆتۈرسىڭىز ، بۇ خىل ئۆزگىرىشنى تېزلەتكىلى بولىدۇ . تېمپېراتۇرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئاتوملارنىڭ ئېنېرگىيىسىنى ئاشۇرۇپ ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئاجرىتىپ ، ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتۇرىدۇ . شۇڭا ، ستىشوۋىتنى 850 سېلسىي گرادۇستا 30 مىنۇت قىزدۇرساق ، ئۇ ئادەتتىكى قۇمغا ئايلىنىدۇ (سىزمۇ ۋاكۇئۇم بوشلۇقتا ئالماسنى قىزىتىپ ، ئۇنى ئەسلىدىكى كۆمۈر ھالىتىگە ياندۇرۇپ باقسىڭىز بولىدۇ . لېكىن ، مۇنداق قىلىشنى كىممۇ خالار ؟ ) .

ستىشوۋىتىنى تەجرىبىخانىدا ياساشقا بولىدۇ . ئەمما ، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدا بارمۇ ؟ بۇنىڭ جاۋابى : بار . لېكىن ، ئۇ پەقەت قۇم قاتتىق چىڭدىلىپ كەتكەن جايلاردىلا ئۇچرايدۇ .

بەزى جايلاردىن ستىشوۋىت تېپىلغان ، يەنە كېلىپ پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى ، بۇ جايلارغا زور مېتېئورىتلار سوقۇلغان . سوقۇلۇشتىن ھاسىل بولغان زور بېسىم ستىشوۋىتىنى ھاسىل قىلغان . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئاتوم بومبىسىنى پارتلىتىپ سىناق قىلىش مەيدانىدىنمۇ ستىشوۋىت بايقالغان . ئۇ ئوت شارى پەيدا قىلغان غايەت زور بېسىمنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولغان .

شۇنداق كېسىپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇكى ، ستىشوۋىت بېسىم ناھايىتى كۈچلۈك بولغان جايلاردىلا ئۇچرايدۇ . شۇڭا ، ئۇ يەر پوستىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا بولۇشى كېرەك . بۇ خىل ئەھۋالدا ، ئۇ يانار تاغ ئارقىلىق يەر يۈزىگە ئېتىلىپ چىقىدۇ . بىراق ، ماگمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغاچقا ، تاغ جىنسلىرى ئېرىپ كېتىدۇ . شۇڭلاشقا ، يانار تاغدىن ئېتىلىپ چىققان ھەرقانداق ستىشوۋىتمۇ ئادەتتىكى سىلىكاغا ئايلىنىپ قالىدۇ . ئەمەلىيەتتىمۇ يانار تاغ ئەتراپىدىن تا ھازىرغىچە ستىشوۋىت تېپىلغىنى يوق .

ئۇنداقتا سىز ستىشوۋىت تېپىلغان جايدا چوقۇم سوقۇلۇش بولغان ھەمدە يانار تاغ پارتلاپ باقمىغان دېيىشىڭىز مۇمكىن .

ئالېكساننا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ماكخوئېن ئۆزىنىڭ بىرنەچچە ھەمكارلاشقۇچىسى بىلەن يېڭى مېكسىكا شتاتىدا راتون رايونىدىكى تاش قاتلىمىنى تەتقىق قىلىپ ، تاش قاتلىمىنىڭ 65 مىليون ياشقا كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان . شۇڭا ، ئۇنى دىنوزاۋرلار ھالاك بولغان مەزگىل دەپ قاراشقا بولىدۇ . ئۇلار 1989 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قاتتىق ماددىلاردىكى ئاتوملارنىڭ تەرتىپىنى ئۆلچەشتىن ئىبارەت ھازىرقى زامان تېخنىكىسىدىن ، يەنى يادرو ماگنىتلىق رېزونانسى[1]

① ئاتوم يادروسى رادىئو چاستوتا مەيدانىنىڭ قوزغىتىشىغا ئۇچراپ ، ماگنىت ئېنېرگىيە دەرىجىلىرى ئارا رېزونانسلىق سىلجىش ھادىسىسى پەيدا بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ . يادرو ماگنىتلىق رېزونانس ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ، ماددىلارنىڭ مىكرو قۇرۇلمىلىرىنى ئۆلچىگىلى بولىدۇ .

بىلەن رېنتگېن نۇرى دىفراكسىيىسى[1] ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، سىتشو- ۋىتتىكى ئاتوملارنىڭ تەرتىپىنى ئۆلچەپ چىققان.

بۇ خىل ئەھۋال شۇنى ئۇقتۇردۇكى، 65 مىليون يىل ئىلگىرى- كى غايەت زور سوقۇلۇش نەچچە تونىنا ئېغىرلىقتىكى سىتشوۋىتنى ھاسىل قىلغان. بۇ سىتشوۋىتلار چۆكۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى ستىدا- توسفېرا قاتلىمىغا چاچراپ كەتكەن. شۇڭا، دىنوزاۋرلارنىڭ ھالاكىتى- نى يانار تاغ ئەمەس، بەلكى سوقۇلۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان دېيىشكە بولىدۇ.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. بۇ ئىككى پارچە ئەسەرنىڭ ھەر ئىككىسىدىلا دىنوزاۋرنىڭ ھالاكىتى سۆزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن قوللىنىلغان ماتېرىياللار ئوخ- شاش ئەمەس، چۈشەندۈرۈلگەن ئاساسلىق مەسىلىلەرمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇنى تېكىست بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كونكرېت تەھلىل قىلىڭ.

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئاپتور تىرناق ئىچىگە ئېلىپ، قو- شۇمچە چۈشەندۈرۈش ئورنىدا بەرگەن. ئۇلارنى باش - ئاخىرىدىكى جۈملىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ رولىنى سۆزلەپ بېرىڭ:

1) يېشىل پاقا بىلەن چارپاقا ھازىرقى ھەممىلا كىشى بىلىدىغان قوش ماكانلىق ھايۋانلاردۇر.

2) خەرىتىگە قاراپ ئافرىقا بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىنى بىر - بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇپ باقىدىغان بولسىڭىز، دەلمۇدەل كەلگەنلى- كىنى بىلەلەيسىز.

3) ئالىمادىس بىرەر سەييارە يەر شارىغا سوقۇلماقچى بولسا، بىز بۇ ئارقىلىق قانداق قىلغاندا سوقۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولى-

[1] رېنتگېن نۇرى كرىستالدىن ئۆتكەندە ھاسىل بولىدىغان دىفراكسىيە ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق كرىستالنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى ئۆلچىگىلى بولىدۇ.

دىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز .

4 ) ناھايىتى ساپ قۇم .

5 ) سىزمۇ ۋاكوئۇم بوشلۇقتا ئالماسنى قىزىتىپ ، ئۇنى ئەسلىدىكى كۆمۈر ھالىتىگە ياندۇرۇپ باقسىڭىز بولىدۇ . لېكىن مۇنداق قىلىشنى كىممۇ خالار ؟

3 . «ئوخشاش بولمىغان ئىلىم ساھەلىرى زىچ باغلىنىشلىق . بىر ئىلىم ساھەسىدىكى يېڭى بايقاش چوقۇم باشقا ئىلىم ساھەلىرىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ .» بۇ بىر ئابزاس سۆز سىزدە قانداق ئوي پەيدا قىلدى؟ سىز ئۆگىنىش ياكى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىڭىزدىن بىر - ئىككى مىسال كەلتۈرۈپ بۇ كۆزقاراشنى بايان قىلىپ بېرەلەمسىز ؟

# 12. گۈل نېمىشقا قىزىل

جىيا زۇجاڭ

گۈل پورەكلىرىدىكى قىزىل رەڭدىن بىر خىل قىزغىنلىق بالقىپ تۇرىدۇ. ئۇ كۈچلۈك، قايناق ھېسسىياتقا باي بولۇپ، قارىسا كىشىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدۇ. قىزغۇچ سۆسۈن رەڭ بىلەن قاپلانغان باھار پەسلى ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، تولىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. ئۇنداقتا، گۈل نېمە ئۈچۈن قىزىل؟ كىشىلەر بىر تەرەپتىن بۇنىڭدىن زوقلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كۆڭلىدە سوئال تۇغۇلۇپ، بۇ ھەقتە ئىلمىي چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بارماقچى بولۇشىدۇ.

گۈل زادى نېمە ئۈچۈن قىزىل؟ ئالدى بىلەن بۇ ئۇنىڭ ماددىي ئاساسىدىن بولغان. مەيلى قىزىل بەرگ ياكى قىزىل يوپۇرماق بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھۈجەيرە سۇيۇقلۇقىدا گلۇكوزىدىن ئۆزگەرگەن سىئانىن[1] ئېلېمېنتى بار. ھۈجەيرە سۇيۇقلۇقى كىسلاتالىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاندا، سىئانىن ئېلېمېنتى قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. كىسلاتالىقى قانچە كۈچەيگەنسېرى شۇنچە قىزىللىشىدۇ. ھۈجەيرە سۇيۇقلۇقى ئىشقارلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاندا، سىئانىن ئېلېمېنتى كۆك رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ئىشقارلىقى قانچە ئاشقانسېرى كۆك رەڭ شۇنچە قېنىقلىشىدۇ. مەسىلەن، قارا جۇخارگۈل بىلەن قارا مودەنگۈل مۇشۇ تىپقا كىرىدۇ. ھۈجەيرە سۇيۇقلۇقى نېيترال بولغاندا بىنەپشە رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. گۈللەرنىڭ قىزىل، كۆك، بىنەپشە قاتارلىق ھەر خىل رەڭلىك بولۇشى ئۇنىڭدىكى سىئانىن ئېلېمېنتىنىڭ

[1] ئۆسۈملۈكلەر تېنىدىكى بىر خىل ماددا بولۇپ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھۈجەيرىسىدە تېرىيدۇ. ئىشقارغا ئۇچراشسا كۆككە، كىسلاتاغا ئۇچراشسا قىزىلغا ئۆزگىرىدۇ.

ئىشقار ۋە كىسلاتا بىلەن تەسىرلىشىشىدىن بولغان.

قىزىل رەڭلىك گۈللەردىن باشقا يەنە سېرىق، توخۇم سېرىقى رەڭلىك گۈللەرمۇ بار. توخۇم سېرىقى ئاپپىلسىن، قوغۇن قاتارلىق مېۋە-چېۋىلەرنىڭ رەڭگىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سېرىق سەۋزىنىڭ رەڭگى ئەڭ تىپىكلىككە ئىگە. شۇڭا، بۇ ئادەتتە كاروتىن دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاق رەڭلىك گۈلگە كەلسەك، ئۇنىڭ ھۈجەيرە سۇيۇقلۇقىدا پىگمېنت (بوياق ماددىسى) يوق. بەزى ئاق رەڭلىك گۈللەر، مەسىلەن، جۇخار گۈلى خازان بولغاندا سەل قىزىرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئازراق سىئانىن ئېلېمېنتىغا ئېرىشكەنلىكىنىڭ بەلگىسى. رەڭ ئۆزگەرتىشكە ئۆزگىرىشچان پەرەڭگۈلنى ئالاھىدە مىسال قىلىشقا بولىدۇ. ئۇ ئەتىگەندە ئېچىلغاندا ئاق، چۈشتە سۇس قىزىل، كەچتە قېنىق قىزىل، يەنى كۈنگە ئۈچ خىل رەڭگە ئۆزگىرىپ، ئېچىلغانچە چىرايلىقلىشىپ كېتىدۇ. ئەمما، ئادەتتىكى گۈللەر يېڭى ئېچىلغاندا قېنىق رەڭلىك بولۇپ، بارغانچە ئۆڭۈشكە باشلايدۇ.

گۈل نېمە ئۈچۈن قىزىل بولىدۇ؟ بۇنىڭغا يەنە فىزىكا ئاساسلىرىغا تايىنىپ جاۋاب تېپىشقا توغرا كېلىدۇ. كۈن نۇرى ئۈچ قىرلىق پرىزما ياكى سۇ تامچىسىدا سۇنغاندا، قىزىل، توخۇم سېرىقى، سېرىق، يېشىل، كۆك، نىل رەڭ، بىنەپشە قاتارلىق يەتتە رەڭگە بۆلۈنىدۇ. بۇ يەتتە خىل رەڭنىڭ نۇر دولقۇنلىرىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى ئوخشىمايدۇ. قىزىل رەڭنىڭ نۇر دولقۇنى ئۇزۇن، بىنەپشە رەڭنىڭ نۇر دولقۇنى قىسقا بولىدۇ. سىئانىن ئېلېمېنتى كىسلاتالىق ئېرىتمىدە قىزىل رەڭلىك نۇر دولقۇنىنى تارقىتىدۇ، شۇڭا ئۇ بىزنىڭ كۆزىمىزگە قىزىل كۆرۈنىدۇ. ئوخشاشلا، سىئانىن ئېلېمېنتى نېيترال ئېرىتمىدە بىنەپشە رەڭلىك نۇر دولقۇنى تارقاتسا، ئىشقارلىق ئېرىتمىدە كۆك رەڭلىك نۇر دولقۇنى تارقىتىدۇ. توخۇم سېرىقى رەڭدىكى ئېلېمېنتتا ئوخشاش بولمىغان تەركىب بولغانلىقى ئۈچۈن، ئايرىم-ئايرىم ھالدا سېرىق ۋە توخۇم سېرىقى رەڭلىك نۇر دولقۇنى تارقىتىدۇ. ئاق رەڭلىك گۈللەردە پىگمېنت بولمىغان

بىلەن توقۇلمىسىنىڭ ئىچىدە ھاۋا بولغانلىقتىن، نۇر دولقۇنىنى قايتۇرۇپ، ئاق رەڭلىك كۆرۈنىدۇ.

گۈل نىمە ئۈچۈن قىزىل؟ بۇ يەنە ئۇنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئىھتىياجى تۈپەيلىدىن بولغان. نۇر دولقۇنلىرىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ھاسىل قىلىدىغان ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. قىزىل، توخۇم سېرىقى، سېرىق رەڭلەرنىڭ نۇر دولقۇنى ئۇزۇن بولغاچقا، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى چوڭ، كۆك، بىنەپشە رەڭلەرنىڭ نۇر دولقۇنلىرى قىسقا بولغاچقا، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى كىچىك بولىدۇ. گۈلنىڭ توقۇلمىسى، بولۇپمۇ بەرگى ئاسانلا يۇمران بولىدۇ. دالىدىكى كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدىغان جايلاردا ئېچىلغان قىزىل، توخۇم سېرىقى، سېرىق رەڭلىك گۈللەر ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى چوڭ بولغان ئۇزۇن دولقۇنلارنى قايتۇرغانلىقتىن، بۇ كۆيۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، قوغداش رولىنى ئۆتەيدۇ. قىلىن ئورماندىكى ۋە ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىكى كۈن نۇرى ئاز چۈشىدىغان جايدا ئېچىلغان كۆك رەڭلىك گۈللەر قىسقا نۇر دولقۇنلىرىنى ئارقىتىپ، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى چوڭ بولغان ئاجىز، ئۇزۇن نۇر دولقۇنلىرىنى سۈمۈرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق.

گۈل نىمە ئۈچۈن قىزىل؟ تەدرىجىي تەرەققىيات كۆزقارىشى بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، بۇنىڭ مەلۇم تەرەققىيات باسقۇچى بار. يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ[1] گۈل ـ چېچىكى ئىپتىدائىي ھالەتتە، يەنى يېشىل رەڭدە بولىدۇ. ئەمما، چاڭدىنى بىلەن گۈل چېچىكى سېرىق كېلىدۇ. سپېكترنىڭ ئىچىدىكى يېشىل بىلەن يېقىن بولغان ئۇزۇن دولقۇن تەرىپىدە سېرىق، توخۇم سېرىقى، قىزىل قاتارلىق رەڭلەر؛ قىسقا دولقۇن تەرىپىدە كۆك، نىل رەڭ، بىنەپشە قاتارلىق رەڭلەر تۇرىدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، گۈللەر يېشىل رەڭنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ئۇزۇن دولقۇن تەرەپكە تەرەققىي قىلسا، سېرىقتىن توخۇم سېرىقى رەڭگە، توخۇم سېرىقى

---

[1] ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چوڭ بىر تۈرى بولۇپ، بىخ ۋە ئۇرۇقى يالىڭاچ بولىدۇ. قارىغاي، شەمشاد، گىنكو دەرىخى قاتارلىقلار يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرگە كىرىدۇ.

رەڭدىن قىزىلغا ئۆزگىرىدۇ. قىسقا دولقۇن تەرەپكە تەرەققىي قىلسا، كۆك ۋە بىنەپشە رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. قىزىل رەڭلىك گۈل ئەڭ جۇلا-لىق، يەنى ئەڭ كۆركەم بولۇپ، بۇنى ئەڭ ئۇتۇقلۇق بولغان تەدرىجىي تەرەققىيات دېيىشكە بولىدۇ.

گۈل نېمىشقا قىزىل؟ دارۋىننىڭ[1] تەبىئىي تاللىنىش تەلىماتى بويىچە ئېيتقاندا، بۇنىڭدا هاشاراتلار ناهايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. 100 مىليون يىل ئىلگىرى، يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر يەر شارىدا پەيدا بولغان مەزگىلدە، هاشاراتلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. گۈللەرنىڭ رەڭگى سۇس بولۇپ، گۈل چېچەكدىن چاڭلىنىش شامال ئارقىلىق بولاتتى. كېيىنچە يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر[2] پەيدا بولۇپ، هاشاراتلار كۆپىيىشكە باشلىغان. يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈم-لۈكلەرنىڭ گۈل ـ چېچەكىدە گۈل يېپىنچىسى پەيدا بولۇپ، گۈل چىنىسى بىلەن گۈل تاجىسىغا ئايرىلغان (گۈل يېپىنچىسى بىلەن گۈل تاجىسى ئادەتتە گۈل بەرگى دەپ ئاتىلىدۇ). گۈل بەرگىمۇ بۇرۇنقى يېشىلدىن سەل ئوچۇق سېرىق، ئاق ياكى باشقا رەڭلەرگە ئۆزگەر-گەن. غولىمۇ چوڭىيىپ، بەزىلىرى باراقسانلىشىپ، شىرنىسى كۆ-پەيگەن، بەزىلىرى خۇش پۇراقلارنى چېچىشقا باشلىغان. نەتىجىدە، گۈل چېچەكى هاشاراتلار ئارقىلىقمۇ تارقىلىشقا باشلىغان. ھەرە، كېپە-نەك قاتارلىق تۈرلۈك ـ تۈمەن هاشاراتلار گۈل چېچەكنى تارقىتىپ، چاڭلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقان.

هاشاراتلارنىڭ شىرنە يىغىپ گۈل چېچەكى تارقىتىشىدا بىر خىل ئۆزگىچە ئادەت بار. ھەر بىرى ئادەتتە بىر تۈردىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈلىنىلا شورايدۇ. بۇ خىل ئادەت ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چەتتىن چاڭلى-نىپ كۆپىيىشكە پايدىلىق بولغان. بۇ ئارقىلىق تۈرلەرنىڭ (گۈلنىڭ رەڭگىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئالاھىدىلىكى تۇراقلاشتۇرۇلغان. مۇنداق

---

① چارلىز دارۋىن (1809 — 1882) — ئەنگلىيە بىئولوگى، تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى. «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن كىتابىدا تەبىئىي تاللىنىش ئاساس قىلىنغان تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، تۈرلەرنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلۈپلا قالماستىن، يەنە جانلىقلارنىڭ ماسلىشىشچانلىقىمۇ توغرا شەرھلەپ بېرىلگەن.

② ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چوڭ بىر تۈرى بولۇپ، يەر شارىدىكى ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ كېيىن پەيدا بولغان ئۆسۈملۈكلەرنى كۆرسىتىدۇ. بىخى ئۇرۇقداننىڭ ئىچىدە، ئۇرۇقى مېۋىسىدە بولۇپ، كۆرۈنمەيدۇ. يېشىل ئېچىلىدىغان ئۆسۈملۈكلەر مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

قىياس قىلىنىشقىمۇ بولىدۇ: ناۋادا ئىلگىرى بىر خىل ئۆسۈملۈك بار بولۇپ، گۈلى سۈس قىزىل بولسا ھەممە ئۇنىڭ گۈلى ھاشاراتلارنى جەلپ قىلىپ، چاڭلىنىش پۇرسىتىگە كۆپرەك ئېرىشسە، نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ خىل گۈلنىڭ گۈلى چوقۇم كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئوچۇق قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. يەنى، ھاشاراتلارنىڭ قونۇپ تۇرۇشى ۋە تەبىئىي تاللىنىش سەۋەبىدىن ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەر پەيدا بولۇپ، رەڭگارەڭ گۈللەر ھاسىل بولىدۇ.

گۈل نېمىشقا قىزىل؟ بۇ ئاخىرقى ھېسابتا سۈنئىي تاللىنىشقا باغلىق. تەبىئىي تاللىنىش جەريانى بەك ئاستا بولۇپ، ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ رولى كۆرۈلىدۇ. سۈنئىي تاللىنىش ئۇنىڭ جەريانىنى زور دەرىجىدە قىسقارتىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتۈرەلەيدىغان قىلدى. مەسىلەن، مودەنگۈلنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، مىليارد يىللىق تەبىئىي تاللىنىش جەريانىدا شەكىللەنگەن ياۋا تۈرىنىڭ بەرگى تاق، رەڭگىمۇ ھال رەڭ ئىدى. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرى (11 - ئەسىر) دە نەچچە ئون يىل كۈچ سەرپ قىلىپ سۈنئىي يېتىشتۈرۈش ئارقىلىقلا تاق بەرگىلىك گۈل قات - قات گۈلگە، رەڭگىمۇ قېنىق قىزىل، گۆش رەڭ، بىنەپشە، قارامتۇل بىنەپشە، سېرىق، ئاق قاتارلىق ھەر خىل رەڭلەرگە ئۆزگەرتىلگەن. يەنە داخلىيە گۈلىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئەسلىدە ئۇ مېكسىكىدا ئۆسەتتى، پەقەت سەككىز تال قىزىل بەرگىلا بولاتتى. 200 - 300 يىللىق سۈنئىي يېتىشتۈرۈش ئارقىلىقلا مىڭ خىلدىن ئارتۇق شەكىلدىكى رەڭگارەڭ تۈرلىرى بار قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا لەيلىقازاقنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، سۈنئىي ئۆستۈرۈش ئارقىلىق قىزىل، سېرىق، تۇخۇم سېرىقى، ئاق قاتارلىق رەڭلەردىكىسى يېتىشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، كۆك رەڭدىكىسى ئەزەلدىن ئۇچراپ باقمىغانىدى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئامېرىكىلىق داڭلىق سورت يېتىشتۈرگۈچى پۇبانك بەرگى تۇمانغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل لەيلىقازاقنى بايقاپ قېلىپ، 20 - ئەسىرنىڭ بېشىغىچە مەخسۇس يېتىشتۈرگەن

ھەم ئاخىر ھەر خىل سۈس، قېنىق كۆك رەڭلىك لەيلىقازاقلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، گۈللىرىمىز ئارىسىغا يېڭى بىر سورتنى تەقدىم قىلغان.

دېمەك، گۈلنىڭ قىزىل بولۇشى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىجادىيىتى، ئەڭ مۇھىمى سۈنئىي يېتىشتۈرۈشنىڭ مەھسۇلىدۇر.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. ئەسەردە كونكرېت چۈشەندۈرۈش ئاساسىدا «گۈلنىڭ قىزىل بولۇشى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىجادىيىتى، ئەڭ مۇھىمى سۈنئىي يېتىشتۈرۈشنىڭ مەھسۇلى» ئىكەنلىكى خۇلاسىلەنگەن. نېمىشقا مۇشۇنداق دېيىلىدۇ؟ مۇشۇ نۇقتىنى ئاساس قىلىپ، ئەسەرنىڭ قۇرۇلما سخېمىسىنى سىزىپ چىقىڭ. سخېمىنى قانداق تۈزسىڭىز مەيلى، ئەمما ئەسەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى يەكۈنلەنگەن، قۇرۇلمىسى ئېنىق كۆرسىتىلىپ، ئوقۇرمەنلەر بىر قاراپلا چۈشىنىۋالالايدىغان بولسۇن.

2. «گۈل نېمىشقا قىزىل؟» دېگەن سۆز ئەسلىدە بىر ناخشىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئاپتور بۇنى ئەسىرىگە ماۋزۇ قىلىپ قويۇپ، ئۇنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەش ئارقىلىق، ھەربىر قاتلامنى چۈشەندۈرۈشكە ئاساس سالغان. بۇنداق يېزىشنىڭ قانداق ئارتۇقچىلىقى بار؟ سىزمۇ بىرەر ناخشىنىڭ ئىسمىنى ماۋزۇ قىلىپ بىر پارچە ئەسەر يېزىپ بېقىڭ.

3. ئەسەردە گۈلنىڭ نېمىشقا قىزىل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشتە، خىمىيە، بىئولوگىيە، فىزىكىغا ئائىت بىلىملەردىن پايدىلىنىلغان. بۇنىڭدىن سىز قانداق تەسىراتقا ئىگە بولدىڭىز؟ گۈل يېتىشتۈرگۈچىلەر ياكى تەتقىقاتچىلارنى زىيارەت قىلىپ، سۈنئىي گۈل يېتىشتۈرۈش توغرىسىدىكى بەزى ماتېرىياللارنى يىغىڭ. ئاندىن ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن بۇ ھەقتە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىڭ.

4. تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ چىقىڭ.

# بىلىم ئىشقىدا

نىمشېھىت[①]

جاھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك بىر گۈزەل يار يوق ،
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار بولۇر ئۇ گاھىدا بار ـ يوق .

قارا قاشلىق ، تولۇن ئايلار ساڭا بىر نەچچە كۈن يولداش ،
ئەگەر سەن پۇلدىن ئايرىلساڭ ، سېنى تاشلايدۇ ، ھېچ ئار يوق .

كىرىپ كەينىگە نەپسىڭنىڭ بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتساڭ ،
بېشىڭغا چۈشسە بىر كۈنلەر ، ئۇ چاغدا سەن كەبى خار يوق .

پاراغەت ئىزلىسەڭ ، ئەسلا بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتما ،
سېنىڭ قەدرىڭنى ساقلاشتا بىلىمدەك ياخشى ھەمكار يوق .

ھاياتلىقتا بىلىم قانداق كىشىنىڭ يولدىشى بولسا ،
قەيەرگە بارسا باش قاتماس ، بىلىمدەك ئاڭا غەمخار يوق .

① نىمشېھىت — (1906 ـ 1972) باي ناھىيىسىدە تۇغۇلغان ، شائىر . ئۇنىڭ «نىمشېھىت ئەسەرلىرى» ناملىق شېئىر ـ داستانلار توپلىمى نەشر قىلىنغان . بۇ غەزەل دەرسلىككە قىسقارتىپ ئېلىندى .

بىلىمسىز ساق تېنىڭ مەجرۇھ، ھەمىشە نالە ـ پەرياتتا،
جاھان ئىچرە بىلىمسىزنىڭ دىلىدەك ئەسكى بىمار يوق.

بىلىمگە ئاشنا بولساڭ، ئوقۇش ئىشقىدا بۇلبۇل بول،
ئۆگەنمەككە مائارىپ باغچىسىدەك ياخشى گۈلزار يوق.

چاپان بىرلەن ئۆزۈڭنى پارقىراتساڭ بىر بوياقچىسەن،
بىلىم ئەسىرى بۇگۈن، سىرلىق چاپانلارغا خېرىدار يوق.

بىلىمدىن ھەممە ئىش روياپقا چىققان بىر ئەسىردۇر بۇ،
بىلىش لازىمكى بۇ كۈندە بىلىمسىزلەرگە خۇشتار يوق.

ئەجەبلەنمە بىلىم نۇرىدا نۇرلانسا كىشى كۆڭلى،
ئۇنىڭغا كۆكتە، سۇدا، تاغ، دېڭىزدا يۈرسە دىشۋار[1] يوق.

ئۆزۈڭنى، نىمشىھىت، ئۇشبۇ پىكىرگە ئەيلىگىن قۇربان،
بىلىمدىن رىشتە ئۈزگەنلەر كەبى قاتتىق گۇناھكار يوق.

*بىلىمنى كۈچ دەپ تونۇش، ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن مىللەتنى روناق تاپقۇزۇش، پەن ـ مەدەنىيەت بىلەن جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىلغار پەن ـ تېخنىكا بىلەن قوراللىنىشنى ئارزۇ قىلىش كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان ئىنسانىيەتنىڭ مۇھىم ئەقىدىسى بولۇپ كەلدى. ئۆتكەن ئەسىردە ئارقىدا قالغان كۆپلىگەن ئەللەر ۋە مىللەتلەر مەرىپەت روھىنى تىكلەشنى تەخىرسىز مىللىي غايە قىلىپ ئاللىدى. بۇ غەزەلدىمۇ خەلقىمىزنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى شۇ خىل روھى ئەكس ئەتكەن.*

① دىشۋار — مۇشكۇلات، جاپا ـ مۇشەققەت.

# گۈل تولا گۈللۈكتە، ئەمما . . .

ئەھمەد زىيائى[1]

گۈل تولا گۈللۈكتە، ئەمما ھەممىسى گۈلنار ئەمەس،
خوپلىرى كۆپتۇر ۋە لېكىن بارچىسى دىلدار ئەمەس.

بەزمىگاھىڭ ئىچرە ھەركىم لايىقى سۆھبەت ئەمەس،
ھەرنېچۈك روھ ئاشىيان[2] بىل، مۇفەررىھ[3] ئەسرار[4] ئەمەس.

ئىزدىبان ھەمدەردنى گەر تاپساڭ ئۇنىڭ مۇڭدىشى بول،
ئەھلى دەرد ھەرجايدا بولسۇن ھېچ ۋاقىت ئەغيار[5] ئەمەس.

دۆلىتىڭ باريدا كۆپتۇر يارۇ ھەمدەملەر ساڭا،
ئەكسى يۈز بەرگەندە بىلگىل ھېچقايسىسى يار ئەمەس.

ئەي زىيائى ئويلىنىپ تەۋرەش كېرەك ئالەم ئارا،
كائىنات تەۋرەر ۋە لېكىن ھېچبىرى بىكار ئەمەس.

---

① ئەھمەد زىيائى (1913 ـ 1989) قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن، شائىر، ئەدەبىياتشۇناس. ئۇنىڭ «تۇزىماس چېچەكلەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «رابىئە ـ سەئىدىن» ناملىق داستانى، «ئەھمەد زىيائى ئەسەرلىرى» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان.

② ئاشىيان ـ ئۇۋا، ئۇيىنىڭ يۇقىرى قەۋىتى

③ مۇفەررىھ ـ خۇرسەنلىك كەلتۈرگۈچى، شادلىق بېغىشلىغۇچى

④ ئەسرار — سىرداش، سىر

⑤ ئەغيار — دۈشمەن، باشقا، يات، بىگانە، ئۆزگە.

يېزىقچىلىق

# چۈشەندۈرۈش ئەسەرلىرىنى يېزىش

چۈشەندۈرۈش ئەسەرلىرىنى يازغاندا، ئاساسلىقى شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرا، ئاممىباب ھالدا روشەن چۈشەندۈرۈلۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

توغرا دېگىنىمىز — شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى دەل جايىدا ئېچىپ بېرىشقا قارىتىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا يەنە سۆزلەرنى توغرا ئىشلىتىش، توغرا ھۆكۈم قىلىش، تۈرلەرگە مۇۋاپىق ئايرىش قاتارلىقلارغا دىققەت قىلىش كېرەك. «كائىناتتا نېمىلەر بار» دېگەن تېكىستتە تۇرغۇن يۇلتۇزلار، كائىنات تۇمانلىرى، تۇرغۇن يۇلتۇزلار سىستېمىسى چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، تونۇشتۇرۇلغان بىلىملەر ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

ئاممىباب بولۇش دېگىنىمىز — ئەسەردە ئىخچام، چۈشىنىشلىك تىل ئارقىلىق ناتونۇش شەيئىنى تونۇش شەيئىگە، مۇرەككەپنى ئاددىيغا، ئابستراكتنى كونكرېتقا ئايلاندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ۋە دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ئەمەلىي مىساللارنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشەندۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەرگە ياقتۇرۇشقا؛ يېڭى ئوخشىتىشلارنى جايىدا قوللىنىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى بېيىتىشقا؛ توغرا سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق، شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرما ۋە باغلىنىشنى ئوقۇرمەنلەر بىر قاراپلا بىلىۋالالايدىغان قىلىپ بېرىشكە ماھىر بولۇش كېرەك.

كۈندە ھەر خىل ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تۇرساقمۇ، لېكىن تەبىئەت

دۇنياسىدىكى ھەر خىل ئاۋازلارنىڭ زادى قانداق ھاسىل بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمايمىز . گۈل - چېچەكلەرنى دائىم كۆرۈپ تۇرساقمۇ ، لېكىن «گۈل نېمە ئۈچۈن قىزىل» دېگەننىڭ ئىلمىي ئاساسىنى بىلمەيمىز . «كائىناتتا نېمىلەر بار» دېگەنگە كەلسەك ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭدىن بىخەۋەر . مەزكۇر بۆلەكتە بۇ مەسىلىلەرگە توغرا ، ئاممىباب جاۋاب بېرىلگەنلىكتىن ، كۆپ سانلىق كىشىلەر ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان بولغان . شۇڭا ، بۇ چۈشەندۈرۈش ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتى بار دېيىشكە بولىدۇ .

1 . سىز تۆۋەندىكى ماركىنى كۆرۈپ باققانمۇ ؟ ئۇ يېشىل يېمەكلىكلەرنىڭ ماركىسى . ئۇنىڭ ئۈستىدىكىسى قۇياش ، ئاستىدىكىسى يوپۇرماق ، ئوتتۇرىسىدىكىسى پورەك . ئەمەلىيەتتە ، بۇ پارلاق قۇياش نۇرىدا ئۆسۈۋاتقان زىرائەتنىڭ رەسىمى . سىز «يېشىل يېمەكلىكلەر ھەققىدە» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ئاددىي چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ئەسەر يېزىپ بېقىڭ .

تەلەپ :

1) يېزىشتىن بۇرۇن گېزىت ، ژۇرنال ، كىتاب ، رادىئو ، تېلېۋىزور ، ئىنتېرنېت تورى قاتارلىقلاردىن «يېشىل يېمەكلىكلەر»گە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى يىغىڭ .

2) تاللا بازار ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ ، «يېشىل يېمەكلىكلەر»نىڭ بازار ئەھۋالىنى ۋە كىشىلەرنىڭ «يېشىل يېمەكلىكلەر»گە قانداق قاراشتا ئىكەنلىكىنى ئىگىلەڭ .

3) توغرا، ئاممىباب چۈشەندۈرۈشكە دىققەت قىلىڭ.

2. «... .نىڭ ئىزھارى» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ئاددىي چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ئەسەر يېزىڭ.

تەلەپ:

1) ئۆزىڭىزگە تونۇشلۇق شەيئىنى يېزىڭ.

2) مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئوقۇپ، شۇ شەيئىگە بولغان تونۇشىڭىزنى ئاشۇرۇڭ.

3) چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلىنى مۇۋاپىق قوللىنىپ، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك بولۇشقا دىققەت قىلىڭ.

3. دەرستىن سىرتقى يېزىقچىلىق: سىزنىڭ يۇرتىڭىزدا زىرائەت، مېۋە - چېۋە، سۇ مەھسۇلاتلىرى، ئۆي قۇشلىرى ياكى يېمەكلىكلەردىن ئالاھىدە مەھسۇلات تۈرىگە كىرىدىغىنى بارمۇ - يوق؟ بار بولسا، «... (زىرائەتنىڭ نامى)نىڭ تېرىلىشى»، «... (مېۋە كۆچىتىنىڭ نامى)نىڭ ئۆستۈرۈلۈشى»، «... (سۇ مەھسۇلاتىنىڭ نامى)نىڭ كۆپەيتىلىشى»، «... (ئۆي قۇشىنىڭ نامى)نىڭ بېقىلىشى»، «... (يېمەكلىك نامى)نىڭ ياسىلىشى» دېگەن ماۋزۇلارنىڭ خالىغان بىرىنى تاللاپ، ئاددىي بىر پارچە چۈشەندۈرۈش ئەسىرى يېزىڭ.

# ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت پائالىيىتى

## ناۋادا مەكتەپ ژۇرنىلىنى مەن ئىشلىسەم

ھازىرقى مەكتەپلەرنىڭ تولىسى مەكتەپ گېزىتى، مەكتەپ ژۇرنىلى چىقىرىدۇ. ھەر قېتىم يېڭى چىققان مەكتەپ ژۇرنىلىنى قولىڭىزغا ئالغاندا، نېمىلەرنى ئويلايسىز؟ ژۇرنال سۈپەتلىك چىققان بولسا سۆيۈنىسىز؛ سۈپەتسىز چىققان بولسا مەيۈسلىنىسىز. مەيلى سۆيۈنۈڭ ياكى مەيۈسلىنىڭ، سىزدە چوقۇم مەكتەپ ژۇرنىلىنى مەن ئىشلەپ قالغان بولسام قانداق بولاتتى، ناۋادا مەن بۇ ژۇرنالغا باش مۇھەررىر بولۇپ قالسام قانداق قىلاتتىم، دېگەن ئوي پەيدا بولماي قالمايدۇ.

ناۋادا سىز مەكتەپ ژۇرنىلىدا ئىشلەپ قالغان بولسىڭىز، مۇنداق ئىككى مەسىلىنى ھەل قىلىۋېلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز: بىرىنچىسى، ژۇرنال چىقىرىشتىكى مەقسەت ئېنىق بولۇشى كېرەك؛ ئىككىنچىسى، ژۇرنال چىقىرىش ئۇسۇلىنى بىلىۋېلىش كېرەك.

مەكتەپلەردە ژۇرنال چىقىرىش مەكتەپ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى. ژۇرنال ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىدىيىسى، قۇرۇلۇش تەرەققىيات پىلانىنى تەشۋىق قىلغىلى؛ مەكتەپنىڭ خىزمەت ھەققىدىكى ئوي - پىكىرلىرى، ئوقۇتۇش ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى بىلدۈرگىلى؛ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش، ئوقۇتۇشقا ئائىت ماقالە، ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. شۇنداق ئېيتىشقىمۇ بولىدۇكى، مەكتەپ ژۇرنىلى پۈتكۈل مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇ-

غۇچىلارنىڭ ئۆز تالانتىنى نامايش قىلىشى ، ئۆزئارا مۇسابىقىلىشىشىدىكى چوڭ بىر مۇنبەردۇر .

بىز دائىم كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ژۇرناللارغا ئوخشاش ، مەكتەپ ژۇرنىلىدىمۇ مۇناسىپ سەھىپىلەر بولۇشى كېرەك . سەھىپىلەر ئاساسەن بېرىلىدىغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ تۈزۈلىدۇ . مەسىلەن ، مەكتەپ رەھبەرلىرى ، ئوقۇتقۇچىلار ، مەكتەپداشلارنى زىيارەت قىلىپ تونۇشتۇرىدىغان سەھىپىگە «مەكتىپىمىزدە» ، «مەكتەپداشلار مۇنبىرى» دەپ ئىسىم قويۇشقا بولىدۇ . ھەربىر سان ژۇرنالنىڭ مەزمۇنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ ، سەھىپىلىرى مۇۋاپىق تەڭشىلىشى ، سەھىپە نامىمۇ ماس ھالدا تەڭشىلىپ تۇرۇشى كېرەك . ئۇنىڭدىن باشقا ، ژۇرنالغا بېرىلىدىغان ئەسەرلەرنى خالىغانچە ئورۇنلاشتۇرۇۋەرمەي ، مەلۇم بىر مەخسۇس تېمىنى چۆرىدىگەن ئاساستا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك . مۇشۇنداق قىلغاندىلا ، ژۇرنالنى خاسلىققا ئىگە قىلىپ ، ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلغىلى بولىدۇ . سەھىپىلەرنىڭ نامىمۇ ناھايىتى ئويلىشىپ ، ئىخچام ، جانلىق ، ئوقۇرمەنلەرگە يېقىشلىق قىلىپ قويۇش كېرەك . مەسىلەن ، «ئوقۇغۇچىلار كۆڭلى» دېگەن ئىسىم «ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر ـ تەلىپى» دېگەنگە قارىغاندا يېقىملىقراق ، «گۈزەل ياشلىق» دېگەن ئىسىم «مەكتەپ تۇرمۇشى» دېگەنگە قارىغاندا شېئىرىي تۈسكە بايراق ، «ياخشى ئادەم ، ياخشى ئىشلار» دېگەن ئىسىم «ياخشى ئادەم ، ياخشى ئىشلارنى تونۇشتۇرۇش» دېگەنگە قارىغاندا ئىخچام ھەم يېقىشلىقراق تۇيۇلىدۇ .

سەھىپىلەر پەقەت شەكىلدىنلا ئىبارەت بولۇپ ، ژۇرنالنىڭ سۈپىتى ، ئاساسلىقى ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىگە باغلىق . ئۇنداقتا ئەسەر نەدىن كېلىدۇ؟ بىرى ئۈزلۈكسىز كېلىدىغان ئەسەرلەر بولۇپ ، بۇلارنى تەھرىرلەش ئاسانراق . پەقەت مۇۋاپىق تاللاپ ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرسىلا بولىدۇ . يەنە بىرى بۇيرۇتما ئەسەرلەر بولۇپ ، ژۇرنالنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ، باشقىلارغا بۇيرۇتۇپ يېزىلىدۇ . بەزىدە ژۇرنالدا ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ يېزىشىغا توغرا كېلىدۇ . بۇ ئىجتىمائىي بىلىم ، يېزىقچىلىق قابىلىيىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرى-

يال مەنبەسى قاتارلىق جەھەتلەرگە تاقىلىدىغان بولغاچقا، سەل تەسكە توختايدۇ. لېكىن، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى تاۋلاپ، سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

مەيلى قانداق مەزمۇن ياكى شەكىل بولسۇن، ژۇرنال ئىشلىگۈچى خادىم چوقۇم ھەر ۋاقىت ئوقۇرمەنلەرنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك. پەقەت ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك ساداسىنى چۈشىنىپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ھۆرمەت قىلغاندىلا، ئاندىن ژۇرنالنى ياخشى چىقارغىلى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغىلى بولىدۇ. بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، تەھرىرلىكنى چىڭ تۇتۇپلا قالماستىن، يەنە مۇقاۋا لايىھەلەش، قىستۇرما رەسىملەرنى ئىشلىتىش، بەت شەكلى، خەت نۇسخىلىرى ۋە كوررېكتورلۇق، باسما سۈپىتى قاتارلىق بارلىق ھالقىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ژۇرنالغا بېرىلگەن ئەسەرلەر سۈپەتلىك، قىزىقارلىق بولغاندا، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار قىزىقىپ ئوقۇيدۇ ھەمدە ژۇرنالغا بولغان ئىشەنچىمۇ ئېشىپ بارىدۇ.

1. كىچىك بىر گۇرۇپپىنى بىرلىك قىلىپ (ئون ئادەم ئۆپچۆرىسىدە بولسا مۇۋاپىق)، ھەر بىرىڭلار ساۋاقداشلىرىڭلار يازغان ئەسەرلەردىن بىر ـ ئىككى پارچىنى تاللاپ تەھرىرلەپ، بىر نۇسخا «ئەسەرلەر» ناملىق ژۇرنال ئىشلەپ بېقىڭلار. تەلەپ:

1) باش مۇھەررىرلىككە بىرەيلەننى تاللاڭلار.

2) ژۇرنال 16 فورمات، 16 بەت بولسۇن.

3) سەھىپىلىرى ئالتىدىن يۇقىرى بولسۇن.

4) ژۇرنال نامىنى «ئەسەرلەر» دېگۈڭلار كەلمىسە، باشقا ئىسىم قويساڭلارمۇ بولىدۇ.

2. مەكتەپ ژۇرنىلى ھازىر دۇچ كەلگەن بىرەر مەسىلىنى تۇتقا قىلىپ، تەھرىر بۆلۈم نامىدىن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا بىر پارچە خەت يېزىپ بېقىڭلار. تەلەپ: خەتتە كۆزقاراش، ئىدىيە، تەھلىللەر ئېنىق بولۇشى، تەنقىد بىلەن تەكلىپمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كېرەك.

3. مەكتەپ مۇدىرى، ئوقۇتقۇچىلارنى زىيارەت قىلىپ، مەكتەپ-

نىڭ مۇشۇ ئوقۇتۇش مەۋسۇمىدىكى خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى، خىزمەت ھەققىدىكى ئوي - پىكىرلىرىنى چۈشىنىپ، بەزى ماتېرىياللارنى (رەسىملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يىغىڭلار. ئاندىن مۇشۇ ئاساستا «مەكتەپ ژۇرنىلىنىڭ . . . مەۋسۇملۇق پىلانى»نى تۈزۈپ چىقىڭلار. تەلەپ:

1) ژۇرنالنىڭ بارلىق سەھىپىلىرىنى ئالدىن بەلگىلىۋېلىڭلار.

2) ھەربىر سەھىپىدىكى ئەسەرلەرنىڭ سانى، ماۋزۇسى، ھەر بىر ئەسەرنىڭ بەت سانى ۋە بۆيرۇتما ئەسەر ئوبيېكتىنى بەلگىلىۋېلىڭلار.

3) ژۇرنالنىڭ مۇندەرىجىسىنى تۈزۈپ چىقىڭلار.

4) شارائىت يار بەرسە، بىرەر سەھىپىنى تولۇق ئىشلەپ چىقىڭلار.



# تۆتىنچى بۆلەك

## پروزا

تۇرمۇشنى ئەڭ كەڭ كۆلەمدە ئەكس ئەتتۇرۇپ بې-
رەلەيدىغان ئەدەبىي ژانىر قايسى؟ پروزا. ئوقۇرمەنلىرى
ئەڭ كۆپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئەڭ كۈچلۈك تەسىر
قىلالايدىغان ئەدەبىي ژانىر قايسى؟ يەنىلا پروزا. ئۇ
ھېكايە، رومان، پوۋېستنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. پروزى-
نىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول بولۇپ، گۈزەللىك، ئالىي-
جانابلىق، گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەر مەدھىيىلىنىپ،
زۇلۇم، رەزىللىك، شاللاقلىق، ناچار قىلمىشلار پاش
قىلىنىدۇ ... تۇرمۇشتىكى ھەممىلا نەرسە پروزىنىڭ
ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلىنىدۇ. پروزىنىڭ ئىپادىلەش
كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك، بىرنەچچە قۇر بىلەنلا بىرەر
شەخسنى جانلىق تەسۋىرلەپ بېرەلەيدۇ. بىرەر بەت بە-
لەنلا پۈتكۈل بىر دەۋرنى يورۇتالايدۇ. بۇ بۆلەكتىكى
پروزا ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق، جەمئىيەتكە بول-
غان چۈشىنىشىڭىز چوڭقۇرلىشىپ، تۇرمۇش ۋە ھاياتقا
بولغان زوقىڭىز تېخىمۇ ئاشىدۇ.

# 13 . كۈڭ يىجى

لۇشۈن[1]

لۇجېن بازىرىدىكى مەيخانىلار باشقا يەردىكىلەرگە قارىغاندا ئالاھىدە بىر خۇسۇسىيەتكە ئىگە : دۇكان ئالدىدىكى يېرىم دۈگىلەك يوغان پۇكەي كوچىغا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ، پۇكەينىڭ ئىچكى تەرىپىدە دائىم قايناق سۇ تەييار ، بۇ يەردە ھەمىشە ھاراق ئىسسىتىشقا بولىدۇ . چۈشلۈكى ۋە كەچقۇرۇنلۇقى ئىشتىن يانغان كىشىلەر تۆت يارماققا بىر چىنە ھاراق ئالىدۇ ـ دە ، — بۇ بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرىكى ۋەقە ، ئەمدى بولسا بىر چىنە ھاراق ئون يارماق تۇرىدۇ ، — پۇكەيگە يۆلىنىپ تۇرۇپ ئىسسىققىنا ئىچىۋالىدۇ . بىر يارماق ئارتۇق خەجلىسە ، زاكۇسكا ئۈچۈن تۇزلۇق سۇدا پىشۇرۇلغان بىر تەخسە بامبۇك نوتىسى ، يا بولمىسا ، ئارپىبەدىيان بىلەن كۆپتۈرۈلگەن پۇرچاق ئېلىپ يېيىشكە ، ئون نەچچە يارماق خەجلىگەندە ، ھەتتا گۆشلۈك قورۇما بۇيرۇتۇشقا بولىدۇ . لېكىن ، كالتە چاپان كىيگەن خېرىدارلارنىڭ كۆپچىلىكىدە ئۇنچىلىك ئاقچا بولمايدۇ . ئۇزۇن چاپان كىيگەن ھاللىقراق خېرىدارلارلا دۇكاننىڭ ئىچىدىكى بۆلمىگە ئىغاڭلاپ كىرىپ ، شۇ يەردە ھاراق ۋە قورۇمىلارنى بۇيرۇتۇپ ، ئالدىرىماي پەيزى قىلىپ ئولتۇرۇشىدۇ .

مەن 12 ياش ۋاقتىمدىن باشلاپ ، بازار بېشىدا «يايراش» دېگەن تاختا ئېسىقلىق تۇرغان مەيخانىغا ئىشلەشكە كىردىم . خوجايىن ماڭا : «سەن ئۆزۈڭ گالۋاڭراق نېمىكەنسەن . ئۇزۇن چاپان كىيگەن خېرى-

[1] لۇشۈن — (1881 ـ 1936) جۇڭگونىڭ ھازىرقى زاماندىكى مەشھۇر يازغۇچىسى ، جۇڭگو يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى . ئۇ جېجياڭنىڭ شاۋشىڭ دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان . ئۇنىڭ ھەممە ئەسەرلىرى دېگۈدەك تەرجىمەشۇناس توختى باقى ئارتىشى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان .

دارلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىشلىيەلمەسەنمىكى دەپ قورقىمەن ،
سېنىڭ ئىچكىرىدە ئىشلىگىنىڭدىن ، پۇكەينىڭ سىرتىدا ئىشلىگىنىڭ
تۈزۈكرەك بولار » دېگەنىدى . كالتە چاپانلار[1] بىلەن مۇئامىلە قىلىش
ئاسان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تولا ۋالاقلاپ ئادەمنى
تويغۇزۇۋېتىدىغانلارمۇ بار ئىدى . ئۇلار ئالداپ كېتىدۇ دەپ ئەنسى-
رەپ ، سېرىق هاراقنىڭ تۆڭدىن تۇنكە چەينەككە قانداق قۇيۇلۇۋاتقى-
نىنى كۆرۈپ تۇرۇشقا ئۇرۇناتتى ۋە ئالدىنئالا چەينەكنىڭ تېگىدە سۇ
بارمىكىن دېگەن گۇمان بىلەن ئۇنىڭ تېگىگە قاراپ قوياتتى ؛ ئۇلار
تا چەينەكنى قايناق سۇغا سالغىچە قاراپ تۇرۇپ ، شۇنىڭدىن كېيىنلا
كۆڭلى ئارام تاپاتتى . ئەلۋەتتە ، مۇنداق هوشيار نازارەت ئاستىدا
هاراققا سۇ قوشۇش ناهايىتى قىيىن ئىدى . بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن
كېيىن خوجايىنىم مېنىڭ بۇ ئىشنى قىلالمايدىغانلىقىمنى بىلدى .
لېكىن مېنىڭ بەختىمگە ، مېنى تونۇشتۇرغان كىشىنىڭ يۈزى چوڭ
كەلدى ، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى مەيخانىدىن چىقىرىۋەتمەي ، هاراق ئىس-
سىتىدىغان تايىنى يوق ئىشقا قويۇپ قويدى .
شۇنىڭدىن تارتىپ مەن ئەتىگەندىن كەچ كىرگۈچە پۇكەي ئىچكى-
رىسىدە تۇرۇپ ، ئۆز ئىشىم بىلەن شۇغۇللاندىم ، ئۆز ۋەزىپەمنى ئادا
قىلغان بولسامۇ ، لېكىن بىر خىل ئىش ناهايىتى زېرىكتۈرەتتى ،
خوجايىنىنىڭ هېچقاچان قاپىقى ئېچىلمايتتى ۋە خېرىدارلارنىڭمۇ ئو-
چۇق چىراي ئاچىدىغان ۋاقتى ئاز ئىدى . شۇڭا ، ئېچىلىپ - يېيىلىپ
يۈرەلمەيتتىم . پەقەت دۇكانغا كۇڭ يىجى كىرگەندىلا كۆڭلۈم بىر ئاز
ئېچىلىپ قالاتتى ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ شۇ كەمگىچە ئېسىمدىن كەتمەي-
دۇ .
ئۇزۇن چاپان كىيگەنلەر ئارىسىدا پۇكەيگە يۆلىنىپ تۇرۇپ هاراق
ئىچىدىغان كىشى يالغۇز كۇڭ يىجىلا ئىدى . ئۇ ئېگىز بويلۇق ، سۇر
چىراي ، قورۇقلىرىغا تاتۇق ئارىلاشقان ، چار ساقىلى رەتسىز كىشى
ئىدى ، كىيگەن ئۇزۇن چاپىنىمۇ يىللار داۋامىدا بىر قېتىممۇ يۇيۇل-

[1] كالتە چاپانلار — بۇ يەردە هېكايىدىكى ئۇزۇن چاپانلىق بايلارغا نىسبەتەن كەمبەغەللەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

مىغان ۋە يامالمىغاندەك ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گېپىنى كونا كىتابلاردىكى «ئېيتىدۇرلەركى» دېگەندەك چۈشىنىكسىز ئىبارىلەر بىلەن قىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن تىڭشىغۇچىلار ئۇنىڭ پارىڭىنى چالا - بۇلا چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ فامىلىسى كۆك بولغاچقا، كىمدۇر بىرى مەكتەپ ھۆسنخەت قەغىزىدىكى «بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا كۆك ھەزرەتتۇر خالاس» دېگەن سۆزلەردىكى تولۇق مەنە بەرمەيدىغان ئىككى خەتنى ئېلىپ، كۆك يىجى دېگەن لەقەمنى قويغانىكەن.

كۆك يىجى دۇكانىنىڭ ئالدىغا كېلىشى بىلەنلا، ھاراق ئىچىشىۋاتقان كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى. بەزىلەر:

— كۆك يىجى نېمە بۇ، سېنىڭ يۈزۈڭدە يەنە يېڭى تاتۇقلار پەيدا بوپتۇغۇ؟ — دەيتتى.

ئەمما، كۆك يىجى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، پوكەينىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ماڭا ئىككى چىنە ھاراق، بىر تەخسە پۇرچاق بېرىڭ! — دەپ دەررۇ توققۇز يارماقنى تاشلايتتى.

ئۇ يەردە تۇرغانلار ئەتەي ئۈنلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى:

— سەن جەزمەن يەنە بىر نەرسە ئوغرىلاپسەن - دە؟ — دەپ زاڭلىق قىلىشاتتى.

كۆك يىجى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— سەن نېمىشقا پاك ئادەمگە بىكاردىن - بىكار بوھتان چاپلايسەن؟ ... — دەيتتى.

— پاك ئىمىش؟ بۈرناكۈن خېنىڭ ئۆيىدىن بىر كىتاب ئوغرىلاپ، ئېسىپ ئۇرۇلغانلىقىڭنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۇمغۇ؟

كۆك يىجى قىزىراتتى، ماڭلىيىدىكى قان تومۇرلىرى كۆپۈپ كېتەتتى - دە:

— كىتابنى كۆرسەتمەي ئېلىش ئوغرىلىققا ياتمايدۇ! ... بۇ ئوقۇغان كىشىلەرگە مەخسۇس قائىدە ... بۇنى ئوغرىلىق دەپ ھېسابلاشقا بولامدۇ؟ — دەپ ئۆزىنى ئاقلايتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، «ھىدايەتكار پەقىرلىكىدە سابىتتۇر»،

«زىكرى قىلىدۇرلەركى» دېگەندەك چۈشىنىكسىز سۆزلەرنى قىلىپ، ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈپ، دۇكان ئىچىدە ئومۇمىي خۇشاللىق پەيدا قىلاتتى.

كۆك يىجى يوق چاغلاردا كىشىلەر ئۇنىڭ پارىڭىنى قىلىشاتتى. ئۇ بىر ۋاقىتلاردا ئوقۇغان، لېكىن دائىم بىرىنچى ئىمتىھاندىلا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي كەلگەنىكەن، يا بىرەر ئوقەت قىلىشنى بىلمەيدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ھالى بارغانسېرى يامانلىشىپ، ھەتتا تامامەن قەلەندەرلىك ھالىتىگە يېتىپ قالغان، بەختىگە يارىشا ئۇ ھۆسنىخەتكە ئۇستا ئىكەن، قورساق بېقىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ پۈتۈن - پۈتۈن كىتابلىرىنى كۆچۈرۈپ بېرىدىكەن.

ئۇنىڭ بىر يامان ئادىتى بولۇپ، ئۇ ھاراققا ئامراق، ئىشقا ھۇرۇن ئىكەن. ئۇ بىرنەچچە كۈن ئىش بىلەن ئولتۇرۇپ، بىر دىنلا ئۆزىنىڭ كىتاب، پەلكۈچ، قەغەز، دۇۋەتلىرى بىلەن دېرەكسىز غايىپ بولۇپ كەتكەن ۋاقىتلىرى كۆپ ئىكەن. بارا - بار ئۇنىڭغا كۆچۈرۈش ئۈچۈن كىتابلارنىمۇ بەرمەيدىغان بولۇشۇپتۇ. باشقا ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىدىن كۆك يىجىغا بەزىدە ئوغرىلىق قىلىشقا توغرا كەپتۇ. ئەمما، ئۇ بىزنىڭ دۇكانىغا كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىدىن ئەدەپلىك ئىدى ۋە ئاقچىسىنى ئۆز ۋاقتىدا تۆلەيتتى. ئەگەر نەق پۇلى بولمىسا، ئۇنىڭ ئىسمى فامىلىسى قەرزدارلار تاختىسىغا يېزىلاتتى؛ ئادەت بويىچە، ئۇ ئارىدا بىر ئاي ئۆتمەيلا ئۆز قەرزىنى ئۆزەتتى ۋە «كۆك يىجى» دېگەن خەتمۇ تاختىدىن ئۆچۈرۈلەتتى.

كۆك يىجى يېرىم چىنە ھاراق ئىچكەندىن كېيىنلا، ئۇنىڭ تاتارغان يۈزىگە قان يۈگۈرەيتتى.

— كۆك يىجى، سېنى ئوقۇغان كىشى دېيىشىدىغۇ، راستمۇ؟ — دەپ سورايتتى دۇكاندىكىلەر.

ئۇ، ئۇلارغا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ قوياتتى.

— نېمىشقا سەن بىرىنچى ئىلمىي دەرىجىنىڭ يېرىمىغىمۇ يېتەلمىدىڭ؟

شۇ ۋاقىتتا كۆك يىجى دەررۇلا خىجىل بولاتتى؛ چە-

رايى تاتىرىپ - كۆكىرىپ ، يەنە «ئېيتىدۇرلەركى» دېگەندەك چۆ-
شىنىكسىز ئەدەبىي تىلدا سۆزلەشكە باشلايتتى . شۇنىڭ بىلەن يەنە
قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ ، دۇكان ئىچىدە ئومۇمىي شادلىق باشلىنات-
تى .

بۇ يەردە مەنمۇ باشقىلار بىلەن بىللە كۈلۈشەتتىم ، ئۇنىڭ ئۈچۈن
خوجايىن مېنى جىملىمەيتتى . تېخى ئۇ ئۆزىمۇ خېرىدارلارنىڭ كۆڭ-
لىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كۆلۈڭ يىجىغا شۇنداق ھەرخىل سوئاللارنى
بېرەتتى . بۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن تالىشىپ يېڭەلمەسلىكىگە كۆزى
يەتكەن كۆلۈڭ يىجى كىچىك باللار بىلەن سۆزلىششكە باشلايتتى . بىر
كۈنى ئۇ مېنىڭدىن :

— سەن ئوقۇغانمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

مەن ھەئە دېگەندەك قىلىپ ، بېشىمنى لىڭشىتتىم .

— ئوقۇغان - ھە ، بوپتۇ ، ئۇنداق بولسا ، مەن سېنىڭدىن
ئىمتىھان ئېلىپ كۆرەي : «ئارپىبەدىيان» دېگەن سۆز قانداق يېزىلى-
دۇ ؟

«كۆرە بۇنى ، ئۆزى نەدىكى بىر گاداي تۇرۇپ ، يەنە تېخى مېنىڭ-
دىن ئىمتىھان ئالماقچى !» دەپ ئويلىدىم - دە ، تەتۈر قارىۋالدىم .
خېلى ۋاقىت داۋام قىلغان جىمجىتلىقتىن كېيىن ، كۆلۈڭ يىجى
سەممىي بىر ئاھاڭدا :

— بەلكى سەن قانداق يېزىشنى بىلمەيدىغانسەن ؟ مەن ساڭا
ئۆگىتىپ قوياي ، بۇ خەتنى ئېسىڭدە تۇت ، ئۇ سەن دۇكان خوجايىنى
بولغاندا ھېساب ئىشلىرىنى ماڭدۇرۇش ئۈچۈن كېرەك بولى-
دۇ ، — دېدى .

ئۆز ئىچىمدە «ماڭا دۇكان خوجايىنى بولۇشقا تېخى خېلى بار»
دەپ ئويلىدىم ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ خوجايىنمۇ ئارپىبەدىيانلىق
پۇرچاقنىڭ ھېسابىنى ھېچقاچان دەپتەرگە چۈشۈرۈپ يۈرمەيتتى . مەن
يا كۈلۈشۈمنى ، يا تېرىكىشىمنى بىلمەي ، خۇشياقمىغان بىر ئاھاڭدا :

— سېنىڭ ئۆگىتىشىڭنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى بار ؟ «كۆكتات»
ئاستىغا «قايتماق» دېگەن سۆزنى يازسا بولمىدىمۇ ، — دەپ قوپال

جاۋاب بەردىم .

كۈلۈڭ يىجى ناھايىتى خۇشال بولدى . ئۇ قولىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، ئۇزۇن تىرناقلىرى بىلەن پوكەيگە ئۇرۇپ تۇرۇپ ، مىننەتدار بولغان بىر قىياپەتتە ماقۇللاپ بېشىنى لىڭشىتىپ :

— توغرا ، توغرا ! ... سەن «قايتماق» ھەرپىنىڭ تۆت[1] تۈرلۈك يېزىلىشىنى بىلەمسەن ؟ — دېدى .

ئەمدى مېنىڭ ھېچ تاقىتىم قالمىدى ، چىرايىمنى تۈرۈپ نېرى كەتتىم . كۈلۈڭ يىجى بىر قولىنىڭ تىرنىقىنى ھاراققا چىلىۋېلىپ پوكەيگە يازماقچى بولۇۋىدى ، لېكىن مېنىڭ ئۇنىڭغا دىققەت قىلماي تۇرغىنىمنى كۆرۈپ رەنجىگەن ھالدا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى .




گاھىدا قوشنا بالىلار بىزنىڭ خۇشخۇي كۈلكىمىزنى ئاڭلاپ

① ئارپىبەدىياننىڭ خەنزۇچە بىرىنچى خېتى 茴 بولۇپ ، ئۈستىدىكى «艹» بۆلىكى «ئوت - چۆپ» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، ئاستىدىكى « 回 » بۆلىكى «قايتماق» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ .

دۇكان ئالدىغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ، دەررۇ كۆك يىجىننىڭ چۆرىسىگە يىغىلىشاتتى . ئۇ ئۇلارغا ئارپىبەدىيانلىق پۇرچاقتىن بىر ـ بىردىن تارقىتىپ بېرەتتى . لېكىن ، بالىلار پۇرچاقنى چاپسانلا يۇتۇۋېتىپ ، ئۇنىڭ تەخسىسىگە مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرۇشنى داۋام قىلاتتى . كۆك يىجى ئالاقزادە بولۇپ ، ئالىقىنى بىلەن قاچىسىنى ياپاتتى ۋە ئېڭىشىـۋېلىپ :

— ئۆزۈمگىمۇ ئاز قالدى ... — دەيتتى ، كېيىن يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ ، پۇرچاققا قاراپ بېشىنى چايقاپ ، — كۆپمىكەن ؛ ... ياق ، ياق ، ناھايىتى ئاز قالدى .

بالىلار قاقاقلىشىپ تارقاپ كېتەتتى .

كۆك يىجى شۇنداق قىلىپ ئادەملەرنى كۈلدۈرەتتى . ئەمما ، ئۇنىڭ يوقلۇقىمۇ دۇكاندا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تۇغدۇرمايتتى .

بىر كۈنى تاۋۇز چاغىنىغا ئىككى ـ ئۈچ كۈن قالغاندا ، خوجايىن ئالدىرىماستىن ئولتۇرۇپ ، قەرزلەرنى ھېسابلاشقا باشلىدى . نېسىچىـلەرنىڭ ئىسمى يېزىلغان تاختىنى ئېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇ :

— ئەجەب ئىشقۇ ، كۆك يىجى دۇكانغا كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىـغۇ ؟ ئۇنىڭ گەدىنىدە 19 يارماق بار ئىكەن ! — دېدى .

مانا شۇ ۋاقىتتىلا كۆك يىجىننىڭ دۇكانغا كەلمىگىنىگە خېلى بولغىنى ئېسىمگە كەلدى .

ھاراق ئىچىشىۋاتقانلارنىڭ بىرى :

— ئۇ قانداق كېلەلىسۇن ؟ ... ئۇنىڭ پۇتلىرى سۇنۇپ كەتكەن ، — دېدى .

— نېمە ؟ ! — دېدى خوجايىن ئالدىراپ .

— ئۇ دائىم ئوغرىلىق قىلاتتى ، مانا ئەمدى قولغا چۈشۈپتۇ ، ئۇ خەتمەكەردە[1] دىڭنىڭ ئۆيىنى ئوغرىلىماقچى بوپتۇ ؛ ۋاھ ، دىڭنىڭ بىر نېمىسىنى ئوغرىلىيالىسا ، خېلى ئىشقۇ !

— شۇنداق قىلىپ ، نېمە بوپتۇ ؟

---

① خەتمەكەردە — فېئودالىزم دەۋرىدە تۆۋەندىن سانىغاندا ئىككىنچى ئىلمىي ئۇنۋان — ت .

— نېمە بولاتتى ، ئالدى بىلەن ئۆز گۇناھىغا ئىقرار كەلگىنى توغرۇلۇق يېزىلغان قەغەزگە قول قويدۇرۇۋېلىپ ، ئاندىن كېيىن ، دۇمبالاۋېرىپتۇ . ھەتتا كېچىچە ئۇرۇپ پۇتلىرىنى چىقىۋېتىپتۇ .
— ئاندىن كېيىن ؟
— ئاندىن كېيىن نېمە بولاتتى ، پۇتلىرىنى چىقىۋېتىپتۇ ...
— ئاندىن كېيىن قانداق بوپتۇ ؟
— كىم بىلىدۇ دەيسەن؟ بەلكى ئۇ ئۆلۈپمۇ قالغاندۇ .
خوجايىن قايتۇرۇپ سورىمىدى ۋە ئالدىرىماستىن ھېسابىنى داۋام قىلدى .
ئاۋۇز چاغنى ئۆتۈپ كەتتى . كۈز شامىلى كۈندىن ـ كۈنگە سوغۇقلىشىپ ، قىش يېقىنلىشىپ قالغانىدى . كۈن بويى ئوتنىڭ قېشىدىن كەتمىسەممۇ پاختىلىق كالتە چاپىنىمنى كىيىۋېلىشقا توغرا كەلدى . بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ، دۇكان ئىچىدە بىرمۇ ئادەم قالمىغان چاغدا ، كۆزۈمنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ ، ئۈگدەپ قاپتىمەن ، بىر ۋاقىتتا :
— ماڭا بىر چىنە ھاراق ئىسسىتىپ بەرگىنە ! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى .
بۇ ئاۋاز ناھايىتى ئاستا چىقتى ، لېكىن تونۇش ئاۋاز ئىدى . مەن ئەتراپىمغا قارىدىم ، بىرمۇ جان يوق . ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، پوكەيىنىڭ تۆۋىگە قارىسام ، بىزنىڭ كۇڭ يىجى پوكەيىنىڭ يېنىدا يەردىلا ئولتۇ-رۇپتۇ . ئۇنىڭ يۈزى قارىيىپ ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ، رەڭگىدە ئادەم چىرايى قالماپتۇ ، ئۇچىسىغا جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن كالتە چاپان كىيىۋاپتۇ ، كۆلا بىلەن بويىنىغا ئاسقان ، پاخالدىن توقۇلغان خورجۇن ئۈستىدە پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇراتتى .
— بىر چىنە ھاراق ئىسسىتىپ بەرگىنە ! — دېدى ئۇ مېنى كۆرگەندىن كېيىن .
— كۇڭ يىجى؟ ! — دەپ ، خوجايىنمۇ پوكەي ئارقىسىدىن بېشىنى چىقاردى ، — سېنىڭ گەدىنىڭدە تېخى 19 يارماق بار ، بىلەم-سەن ؟

كۆلۈ يىجى بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئىشەنچسىزلىك بىلەن :

— ئۇنى ... يەنە بىر قېتىمدا تۆلىۋېتىمەن ، ھازىرقىسىنى نەق تۆلەيمەن ، ياخشى ھاراق ئىچكۈم بار ئىدى ، — دېدى .

خوجايىن ئادەتتىكى كۈلكىسى بىلەن :

— كۆلۈ يىجى ، سەن يەنە بىر نەرسە ئوغرىلىدىڭغۇ دەيمەن ؟ — دېدى .

لېكىن ، بۇ قېتىم كۆلۈ يىجى گەپ تالاشماستىن :

— زاڭلىق قىلماڭ ، — دېدى .

— زاڭلىق قىلماڭ ؟ ئەگەر سەن ئوغرىلىق قىلمىغان بولساڭ ، پۇتلىرىڭ نېمىشقا چېقىلدى ؟

كۆلۈ يىجى ئاستا :

— پۇتلىشىپ كېتىپ سۇندۇرۇۋالدىم ، قايرىلىپ كەتتى ، قايرى-لىپ كەتتى ... — دېدى .

ئۇنىڭ كۆزىدە بەجايىكى ، بۇ توغرۇلۇق پاراڭ قىلماڭلار ، دەپ يالۋۇرغانلىق ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى . شۇ چاغدا توپلىشىپ قالغان بىرنەچچە ئادەم خوجايىن بىلەن بىللە كۈلۈشكە باشلىدى . مەن ھاراق-نى ئىسسىتىپ چىقىپ بوسۇغا تۈۋىگە قويدۇم . كۆلۈ يىجى يىرتىق چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن مىڭ تەستە تۆت يارماق چىقىرىپ ، ئالىقىنىمغا قويدى . ئۇنىڭ قوللىرى لاي ئىدى . ئەسلىدە ئۇ قولىغا تايىنىپ سىيپاپ كەلگەنىكەن . ئۇ ھاراقنى چاپسانلا ئىچىۋېتىپ ، ئادەملەرنىڭ قاتتىق كۈلكىسى ئاستىدا قولىغا تايىنىپ ، ئاستا ئۆمىلەپ چىقىپ كەتتى .

مانا شۇنىڭدىن كېيىن ، مەن ئۇنى ئۇزاققىچە كۆرمىدىم . يىل ئايىغى كەلگەندە خوجايىنىنىڭ قەرزلەر يېزىلغان تاختىيىنى ئېلىپ :

— كۆلۈ يىجىنىڭ گەدىنىدە تېخى 19 يارماق بار ، — دېگىنى يادىمدا .

ياندۇرقى يىلىنىڭ زوڭزى چاغىدا خوجايىن يەنە :

— كۆلۈ يىجىنىڭ گەدىنىدە تېخىچىلا 19 يارماق بار ، — دەپ تەكرارلىدى . لېكىن ، تاۋۇز چاغىنى كەلگەندە خوجايىن ھېچنېمە دېمىدى .

كۆك يىجى يىلنىڭ ئايىغىدىمۇ كەلمىدى . شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنى كۆرمىدىم ، ئۇ ھەقىقەتەن ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ .

1919 ـ يىل 3 ـ ئاي

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . كۆك يىجىنىڭ خاراكتېرىدە ھەم چىركىنلىك ، ھەم ئالىيجانابلىق بار . تېكىستكە باغلىغان ئاساستا ئۇنىڭ بۇ ئىككى خىل خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزۈڭ . لۇشۈن بۇ پېرسوناژنى يازغاندا قانداق ھېسسىياتتا بولغان ؟

2 . يازغۇچىنىڭ تىلى ناھايىتى تاۋلانغان بولۇپ ، ئوقۇرمەنلەرنى مەپتۇن قىلالايدۇ . تېكىستتە كۆك يىجىنى يېرىم بەتلىكلا تونۇشتۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭدىن كۆك يىجى ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالالايمىز .

ئۆزۈن چاپان كىيگەنلەر ئارىسىدا پۇكەيگە يۆلىنىپ تۇرۇپ ھاراق ئىچىدىغان كىشى يالغۇز كۆك يىجىلا ئىدى . ئۇ ئېگىز بويلۇق ، سۇر چىراي ، قورۇقلىرىغا تاتۇق ئارىلاشقان ، چار ـ ساقىلى رەتسىز كىشى ئىدى ، كىيگەن ئۆزۈن چاپىنىمۇ يىللار داۋامىدا بىر قېتىممۇ يۇيۇلمىغان ۋە يامالمىغاندەك ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ گېپىنى كونا كىتابلاردىكى «ئېيتىدۇرلەركى» دېگەندەك چۈشىنىكسىز ئىبارىلەر بىلەن قىلاتتى ، شۇنىڭ ئۈچۈن تىڭشىغۇچىلار ئۇنىڭ پارىڭىنى چالا ـ بۇلا چۈشىنەتتى . ئۇنىڭ فامىلىسى كۆك بولغاچقا ، كىمدۇر بىرى مەكتەپ ھۆسنخەت قەغىزىدىكى «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا كۆك ھەزرەتتۇر خالاس» دېگەن سۆزلەردىكى تولۇق مەنە بەرمەيدىغان ئىككى خەتنى ئېلىپ ، كۆك يىجى دېگەن لەقەمنى قويغانىكەن .

ھېكايىنى تولۇق ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ، بۇ ئابزاسنى يەنە بىر نۆۋەت ئوقۇڭ ھەمدە بۇ ئابزاسقا قانداق چوڭقۇر مەنە يوشۇرۇنغانلىقى-

نى سۆزلەپ بېرىڭ .

3 . تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنى تەھلىل قىلىپ ، ئاپتورنىڭ بۇ سۆزلەرنى نەقەدەر توغرا ، جانلىق ۋە تاۋلاپ ئىشلەتكەنلىكىنى بىلىۋېلىڭ .

1 ) ئۇزۇن چاپان كىيگەن ھاللىقراق خېرىدارلارلا دۇكاننىڭ ئىچىدىكى بۆلمىگە ئىغاڭلاپ كىرىپ ، شۇ يەردە ھاراق ۋە قورۇمىلارنى بۇيرۇتۇپ ، ئالدىرىماي پەيرى قىلىپ ئولتۇرۇشىدۇ .

2 ) ئەمما كۇڭ يىجى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ، پوكەيىنىڭ يېنىغا كېلىپ :

— ماڭا ئىككى چىنە ھاراق ، بىر تەخسە پۇرچاق بېرىڭ ! — دەپ دەررۇ توققۇز يارماقنى تاشلايتتى .

3 ) كۇڭ يىجى ئالاقزادە بولۇپ ، ئالىقىنى بىلەن قاچىسىنى ياپاتتى ۋە ئېڭىشىۋېلىپ :

— ئۆزۈمگە ئاز قالدى ... — دەيتتى .

4 ) كۇڭ يىجى يىرتىق چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن مىڭ تەستە تۆت يارماق چىقىرىپ ، ئالىقىنىمغا قويدى . ئۇنىڭ قوللىرى لاي ئىدى . ئەسلىدە ئۇ قولىغا تايىنىپ سىيپاپ كەلگەنىكەن .

# 14 . «مۇساپىرلار قاۋىقى» دا

مەمتىمىن ھوشۇر[1]

بىزنىڭ بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى «شائىر» دېگەن گەپنى ناھايىتى كەڭ مەنىدە چۈشىنىدۇ . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە يالغۇز شېئىر يازىدىغانلارلا ئەمەس ، رومان يازىدىغان چوڭ يازغۇچىلاردىن تارتىپ گېزىتلەرگە پارچە ـ پۇرات خەۋەرلەرنى يېزىپ تۇرىدىغان كىشىلەرگىچە ھەممىسىلا شائىر ، شەھەردە «قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى» دەپ بىر تەشكىلاتمۇ بار ، ئادەتتىكى ئادەملەر ئۇنى «شائىرلار ئىدارىسى» لا دەيدۇ . يېقىندا مېنىڭ بىر ـ ئىككى پارچە ھېكايەم ئېلان قىلىنىپتۇ ، ئاغىنىلىرىم مېنىمۇ : پاھ ، سەنمۇ شائىر بولۇپ كېتىپسەن ـ ھە ! دېيىشىدىغان بولدى .

شامىل دەپ بىر ئاغىنەم بار ، مانا شائىر دېسە شۇنى دېسە بولىدۇ . ئۇ «قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى» نىڭ غوللۇق ئەزالىرىنىڭ بىرى . ئۇنىڭ شېئىرلىرى رايونىمىزدىكى چوڭ ـ كىچىك گې- زىت ـ ژۇرناللارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك چىقىپ تۇرىدۇ . تولىراق ئۇ «پالانى بولاي» ، «پۇستانى بولاي» دېگەن ماۋزۇلاردىكى شېئىرلار- نى يېزىشقا ئامراق . «شامال بولاي» دېگەن بىر شېئىرىدا ئۇ ئۆز يارىنى گۈلگە ئوخشىتىپ ، شامال بولۇپ مەشۇقىنىڭ جامالىنى سۆيۈپ ئۆتمەكچى بولغان ؛ «يامغۇر بولاي» دېگەن شېئىرىدا ئۇ تامچە بولۇپ سۇغا تەشنا زېمىنغا تۆكۈلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن ؛ «كۆمۈر بولاي» دېگەن يەنە بىر شېئىرىدا قەلبى مۇز ئادەملەرنى ئىللىتىش ئۈچۈن

[1] مەمتىمىن ھوشۇر — 1944 ـ يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان . داڭلىق يازغۇچى . «قۇم باسقان شەھەر» ، «مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىدىن» (ئىككى قىسىم) ، «ئوت كەتكەن دەريا» ، «مەمتىمىن ھوشۇر يۇمۇرېستلىرىدىن تاللانما» قاتارلىق ئون پارچىغا يېقىن كىتابى نەشر قىلىنغان .

شۇنداق قىلىپ ، ئاغىنەمنىڭ زورى بىلەن مۇساپىرلار قاۋاقخانى-
سىغا قاراپ مېڭىپ كەتتۇق . شەھىرىمىزدە مۇشۇنداق بىر قاۋاقنىڭ
بارلىقىنى راستىنىلا بىلمەيدىكەنمەن . بۇ قاۋاق بازار ئىچىدىكى بىر
ئارقا كوچىدا بولغاچقىمۇ كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىكەن . قاۋاق قىلىن-
غان ئورۇن ئەينى يىللاردىكى بازاردا تىجارەت قىلىدىغان بىرەر چوڭ
سودىگەرنىڭ مال قويىدىغان ئىسكىلاتى بولسا كېرەك . دۇكاننىڭ
ئىشىك - دېرىزىلىرى مەزمۇت ، ياغاچلىرى پۇختا ، ئىچىمۇ خېلىلا
كەڭ ئىكەن . كېيىنكى چاغلاردا شېغىل تۆكۈلۈۋېرىپ يول ئېگىزلەپ
كەتكەچكە ، دۇكان ئازگالدا قاپتۇ .
قاۋاقخانا ئىگىلىرى ئۇچۇن كەچتە مەستلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ ،
دۇكاننى ۋاقتىدا ئەتمەكتىن ئېغىر ئىش يوق . ئادەم تازا كەيپ بولغاندا
ئەتراپىدىكى ھەممىنى ئۇنتۇپ باشقىچە بىر روھىي ئالەمگە كىرىپ
بارىدۇ - دە ، ۋاقىتنىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كېتىپ بارغانلىقىنى بىلمەي
قالىدۇ . ۋاقىت ئۆز قىممىتىنى يوقاتقان مۇنداق چاغلاردا مەستلەرنى
ئۆزىنىڭ شېرىن خىيالى ، قىزغىن گەپ - سۆزلىرى ، ھاراقتىن
ئالىدىغان لەززىتىدىن مەھرۇم قىلىپ قوغلىماقچى بولساڭ ، ئورۇن-
سىز كۆڭۈلسىزلىكلەر كېلىپ چىقىدۇ ... مۇساپىرلار قاۋىقىنىڭ
خوجايىنى خېلى دىتى بار ئادەم بولسا كېرەك ، دۇكاننىڭ كوچا
تەرەپتىكى ئازراق قىسمىنى قېلىن تاختايلار بىلەن بوغۇپ ، ئايرىم
بىر مال قويىدىغان ئورۇن قىلىۋاپتۇ . مال جازىلىرىغا ھەرخىل ئى-
چىملىكلەر ، تاماكا ، پىششىق تۇخۇم ، چىلىغان كۆكتات ، ئەرزان
كەمپۇت ، قاق ، قۇرۇت ، مايلىق پۇرچاق دېگەندەك نەرسىلەرنى تىزى-
ۋېتىپتۇ . دۇكاننىڭ ئىچى تەرىپىگە قوپال ياغاچلاردىن پۇتىنى يەرگە
كولاپلا كىرگۈزۈپ ئۇزۇن ئۇستەل ، ئورۇندۇقلارنى ياساپ قويۇپتۇ .
ۋاقتى كەلگەندە خوجايىن دۇكاننىڭ تىجارەت قىلىدىغان تەرىپىنى
مەھكەم ئېتىۋېتىپ ، دۇكاننى ئوچۇق قويۇپ كەتسىمۇ ، ئۇنىڭ ئىچىدە
مەستلەر كۆتۈرۈپ كەتكۇدەك مۇھىم بىر نەرسە قالمىغۇدەك .
كۈن تېخى يورۇق بولغاچقىمىكىن ، پۈكەي ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ
ئىككى - تۆت سەر قېقىۋېلىپ چىقىپ كېتىدىغانلارنى ھېسابقا ئالمى-

غاندا ، دۇكان ئىچىدە ئادەممۇ كۆپ ئەمەس ئىكەن . بىز كىرسەك
ھېلىقى قوپال ئۇزۇن ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئۈچ ـ تۆتەيلەن ئولتۇرۇۋې-
تۇ . ھاراق ساتىدىغان يەردە ياش ، قاۋۇل بىرەيلەن سودا قىلىپ
تۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ بەستىگە باقمايلا ئاۋازىنىڭ ئىنچىكە ،
گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ سىلىق ـ يۇمشاقلىقىغا قاراپ «چوقۇم كىچىكىدە
مومىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان ئادەم بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم .
مومىسى بېقىپ چوڭ قىلغان بەزى ئادەملەردە مۇشۇنداق ياش قۇرامىغا
ماس كەلمەيدىغان سىپايى مىجەز پەيدا بولۇپ قالىدۇ .

— خوش ، ھەر قايسىلىرىنىڭ كۆڭلى نېمىنى تارتىدىكىن ؟ —
دېدى ئۇ ئالدىدىكى بىر خېرىدارنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن بىزگە
قاراپ ، — قىزىلغا ئاقنى ئارىلاشتۇرۇپ يۈزدىن قۇيايمۇ ؟

ئۇنىڭ گېپىدىن بىزنى بەك ئاچچىق ھاراقنىمۇ كۆتۈرەلمەيدى-
غان ، ئەبجەش ھاراق ئىچىدىغان ئادەملەردىن دەپ پەرەز قىلغانلىقى
چىقىپ تۇراتتى .

— ياق ، ئاۋۇ ئاق ھاراقتىن بىر بوتۇلكا ! — دېدى شامىل .

بىر بوتۇلكا ھاراق بىلەن تۆت تۇخۇم ، ئىككى تال قورۇتنى
ئېلىپ ، ئۇستەلنىڭ بىر تەرىپىگە كېلىپ چۆكتۇق . ئاغىنەم يانچۇقى-
دىن چىرايلىق قەلەمتىراچنى ئېلىپ قورۇتلارنى پارچىلىدى ، بوتۇل-
كىنىڭ مېتال ئېغىزىنى ئۇستەلنىڭ گىرۋىكىگە چىشلەشتۇرۇپ ، ئا-
لىقان بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ھاراقنى ئاچتى . ئەمدىلا بىر رومكىدىن
ئىچىپ ، ئاغزىمىزغا بىر تالدىن قورۇت پارچىسىنى تاشلاپ تۇراتتۇق ،
يېنىمىزدا بىرەيلەن پەيدا بولدى .

— ئاغىنىلەر ، ماڭىمۇ بىر رومكا قۇيۇۋېتىڭلار ، — دېگەن ئاۋاز
ئاڭلاندى .

«بۇ ھاراق قەلەندەرى كىمدۇر ؟» دەپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ ،
تۈزۈكلا كىيىنگەن ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىردۇرغان بىر
كىشىنى كۆردۈم . ئۇنىڭ «تەييارغا ھەييار» كاززاپلىقى چىرايىدىنلا
چىقىپ تۇراتتى . بىر رومكا ھاراقنى قۇيۇپ دوققىدە قويۇپ قويدۇم .
ئۇ ھاراقنى ئالدىغا تارتىپ ، تۇخۇمغا قارىدى . تۇخۇملارنى بىر ـ

بىرلەپ قولىغا ئېلىپ ، چىشىغا تـوكـۈلـدىتـىـپ ئـۆرۈپ كـۆ-
رۈپ باقتى ـ دە، ئارىسىدىن بىرنى تاللىۋېلىپ ، بىزگە قاراپ :
— قانداق ماۋۇ بىرگە تۇرامسىلەر ؟ ئۈچكىمۇ ؟ — دېدى .
بۇ تەكەللۇپسىز «مېھمان» نىڭ قىلىقلىرىغا ھەيران بولۇپ ،
كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا شامىلغا قاراپ قويدۇم . شامىل بۇ ئويۇنغا
دەرھاللا قىزىقتى ـ دە :
— بولدى ، مەن ئۈچى بولدۇم ، — دېدى .
ئۇلار «سىز تۇتۇڭ» ، «سىز تۇتۇڭ» ، «ئەلۋەتتە ئۈچى بولغان
ئادەم تۇتىدۇ . ـ دە ! » دەپ بىردەم تالاشقاندىن كېيىن ، شامىل تۇتۇپ
بەردى . «ھاراق قەلەندەرى » ئېڭىشكىنىچە شامىلنىڭ قولىدىكى تۇ-
خۇملارغا پەم بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى . ئۈچ تۇخۇمنىڭ ھەممىسى
چېقىلىپ ، «قەلەندەر » نىڭ قولىدىكى تۇخۇم ساق قالدى .
«ھا... ھا... ھا ! » دەپ ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈپ كەتتى قەلەندەر .
— قالتىس تۇخۇمۋازكەنسىز جۇمۇ ! — دېدى شامىل .
— مۇنداق ھۈنەرلەرگە بىز ئۇستا ، ئۇتتۇۋالغاندىن كېيىن بىرەر
تۇخۇم بېرەرسىلەر ؟
«قەلەندەر » قولىدىكى ساق قالغان تۇخۇمنى ئۈستەلگە قويۇپ ،
پاخشىدىن بىرنى ئېلىپ ئاقلىدى . رومكىدىكى ھاراقنى كۆتۈرۈۋې-
تىپ ، تۇخۇمنى پۈتۈنلا ئاغزىغا ئاتتى ـ دە ، قولىنى «رەھمەت »
دېگەن مەنىدە كۆتۈرۈپ قويۇپ ، نېرىدا ھاراق ئىچىۋاتقانلار تەرەپكە
ماڭدى . شامىل ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قاراشتۇق .
— ھۇزۇر مۇشۇنىڭكەن ـ دە ! — دېدىم .
— قانداق ؟ — دېدى شامىل .
— «يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى جېنىمنىڭ راھىتى » دەپ ھاراقنى
بىكارغا ئىچىپ ، بەخۇدۇك پەيزى سۈرۈپ يـۈرۈۋېرىدىكـەن . ئۆيىدە
بالا ـ چاقىسى يوق نېمىمۇ بۇ ؟ ! ...
— سەن ئۇنى تونۇمسەن ؟
— نېمە ئادەم ئۇ ؟
— «ھېيتەك قان » دېگەن نوچى شۇ . ھۆرت ـ پۆرت دېگەننى

باش بىلەنلا سالىدۇ.

مەن جىممىدە بولۇپ قالدىم. يەنە بىر رومكىدىن هاراق ئىچىپ تۇراتتۇق، باياتىنبېرى ئۇدۇلىمىزدا مۈگدەپ ئولتۇرغان بىرى كۆزىنى يوغان ئېچىپ بىزگە قارىدى ــ دە:

— ئۇكىلىرىم، هارىقىڭلاردىن ماڭىمۇ ئازراق قۇيۇۋېتىڭلار، — دېدى.

سەپسېلىپ ئۇنىڭ ئىچەرمەنلىكتىن كۆزلىرى قىزىرىپ، يۈزلى-رى ئىششىغان، يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئادەملىكىنى بايقىدىم. ئۇستىدىكى كىيىملىرىمۇ ناهايىتى ناچار ئىدى. «تۇرقى مۇنداق بولغان بىلەن بۇ پالان ــ پۇستان دېگەنلەرنى كەلتۈرۈپ سال-دىغان بىرى بولۇپ قالمىسۇن!» دەپ ئويلىدىم ــ دە، ئۇنچىقماي تولدۇرۇپ بىر رومكا هاراق قۇيۇپ سۇندۇم.

— ئاز ئىچىڭلار ئۇكىلىرىم، ئاز ئىچىڭلار! — دېدى ئۇ هاراقنى قولىغا ئېلىپ، — مانا ياش ۋاقتىمدا مەنمۇ: «كىم سەن؟» دېسە، «مەن!» دەپ مەيدەمگە ئۇرۇپ يۈرىدىغانلاردىن ئىدىم. ئىچىپ ــ ئىچىپ بولغان ئەھۋالىمىز مۇشۇ. «سۇيى يوق يەردىن قاچ، پۇلى يوق ئەردىن ...» دەپ ئاخىرىدا خوتۇنمۇ تاشلاپ كەتتى. بىر ئوبدان خىزمەتتىكى بالىلىرىم، كېلىنلىرىم بار، يېنىدا تۇرالمايمەن. مۇشۇ هاراقكەشلىكىم بىلەن ھەممىنى تويدۇردۇم. بەزىدە ئۆزۈممۇ: «زادى نېمە بولغان ئادەممەن ــ هە!» دەپ ئويلاپ قالىمەن. يەنە ئىچمىسەم تۇرالمايمەن. هاراقنى ئىچىپ ــ ئىچىپ مەست بولۇپ، كەچتە غېرىب پاخزامغا بېرىپ گۇپپلا چۈشۈپ ئۇخلاپ قالىمەن. ئەتىسى ئويغىنىپ: خۇدايا شۈكرى، مەن تېخى تىرىككەنمەن ــ هە! — دەيمەن، يەنە قاۋاقا قاراپ ماڭىمەن ...

ئۇ رومكىدىكى هاراقنى ئالدىرىماي تامشىپ يۇتۇپ، ئاغزىنى ئالىقىنى بىلەن ئېرتتى ــ دە، رومكىنى قايتۇرۇپ بەردى. «زاكۇسكا يەڭ!» دەپ بىر توخۇمنى تەڭلىگەن قولۇم هاۋادىلا ئېسىلىپ قالدى. ئۇ بېشىنى ئۈستەلگە قويۇپلا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

— مانا تۇرمۇش! — دېدى شامىل قولىقىمغا پىچىرلاپ.

يەنە بىر ـ ئىككى رومكىدىن ئىچىپ تۇراتتۇق ، يېشى توختىغان
بىر كىشى يېرىم بوتۇلكىدەك هاراقنى كۆتۈرۈپ ، بېشىنى ئۈستەلگە
قويۇپ ئۇخلاۋاتقان ھېلىقى ئىچەرمەننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى .
— پاھ ، ھەسەنباي ئۇيقۇغا تېگىپتۇ ـ دە ! — دېدى ئۇ يېنىدىكى
ئادەمگە قاراپ ، — قوپۇي ، مېنىڭ هارىقىمدىن بىرەر رومكا ئىچىپ
قويمامسەن ؟
ئۇخلاۋاتقان كىشى بېشىنى كۆتۈرۈپ ، يېڭى كەلگەن مېھمان
سۇنغان هاراقنى «رەھمەت» دەپ ئېلىپ ، يەنە ئالدىرىماي يۇتتى ـ
دە ، بېشىنى ئۈستەلگە قويدى .
— ياخشى ئادەم ، — دېدى يېڭى كەلگەن كىشى ھەسەنباينى
بىزگە تونۇشتۇرۇپ ، — كاتتا بىر باينىڭ ئوغلى بولىدىغان ، ئۆمرى
ئويناپلا ئۆتۈپ كەتتىمدە بىچارىنىڭ . مانا ، ئاخىرىدا ھەممىدىن ئايرى-
لىپ ، ئىچمىسە تۇرالمايدىغان كۈنگە قالدى . قېنى كەلمەمسىلەر ؟
— خوش ، بەھۇزۇر ، — دېيىشتۇق .
— ھەي ، بۇ هاراق دېگەن نېمىسىنىغۇ مەنمۇ بىر ئوبدانلا ئىچمەيدى-
غان بولۇپ قالغان ، — دەپ گەپ باشلىدى ھېلىقى كىشى قولىدىكى
هارىقىنى كۆتۈرۈۋېتىپ ، — يېقىندا بىر رەنجىش بولۇپ قېلىپ يەنە
ئىچىپ سالدىم . نېمە رەنجىش دېسەڭلار ، ئۇزاق يىل بولدى ئۆي
باشقۇرۇشنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرىمەن دەڭلا ، ئىنىلىرىم . بىر كۈنى ئول-
تۇرسام ، ئۆي باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرى كېلىپ : «ئاكا ، سىز بۇ
ئۆيدىن كۆچۈپ بەرسىڭىز ، — دەيدۇ »
«نېمە گەپ ؟ » دېسەم .
«ئاۋۇ ئۆيدىكى قوشنىڭىزنى بىلمىسىزغۇ ؟ » دەيدۇ ، ماڭا قوشنا
بولۇپ ئولتۇرىدىغان بىر ياش بالا بولىدىغان .
«ھە بىلىمەن ، يېمەكلىكلەر شىركىتىدە ئىشلەيدىغان ماۋۇ بىر
تام قوشناممۇ ؟ » دېدىم . ئۇلار :
«ھە ، شۇ قوشنىڭىز هازىر بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئۆستى . ئول-
تۇرۇۋاتقان ئۆيى كىچىك بولۇپ قاپتۇ . سىز ئولتۇرۇۋاتقان بۇ ئۆينى
قوشۇپ ، كېڭەيتىپ رېمونت قىلىپ ، شۇ يىگىتكە بەر-

مەكچى ،» دەيدۇ .

ئاچچىقىم نەدىن كەلدى :

«هوي ، مەنمۇ ئارمىيە يېڭى كەلگەن چاغلاردا مەھەللىدە ئاكتىپ بولۇپ ئىشلىگەن ؛ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا يىگىرمە ـ ئوتتۇز ئادەمگە باش بولۇپ گومىنداڭچىلار بىلەن سوقۇشۇپ ، يېڭى ھۆكۈمەت ئۈچۈن قان ئاققۇزغان . ئەمدىزە ، تېخى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يىرتىق ئىشتان كىيىپ يۈرگەن نېمىلەرگە ئۆيۈمنى بوشىتىپ بېرىپ ، كۆدە ـ كۆرپەمنى يۆدۈپ نەدە سەرسان بولۇپ يۈرگۈدەكمەن . بېرىپ باشلىقىڭغا ئېيتىش ، كۆچمەيمەن ، قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن !» دېدىم .

مېنىغۇ ئۆيدىن كۆچۈرۈۋېتەلمىدى ، شۇنداق بولسىمۇ ، ئاچچىقىمدا كونا پەلتويۇمنى سېتىپ ، مانا ئۈچ كۈن بولدى ، پۇلىغا ھاراق ئىچىپ يۈرىمەن .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتۇق .

— كۆزەتچىلىك قىلىمەن ، — دېدى ئۇ ، — بىزدەك ياشقا چوڭ بولۇپ قالغان ئادەمگە كۆزەتچىلىكتىن باشقا نېمە ئىش بار ، دەيسىلەر ، شۇنىڭغىمۇ ئاران ئېرىشتىم ، نەدە كۆزەتچىلىك قىلسام ، ئىككى ـ ئۈچ ئاي ئۆتمەيلا بوشىتىۋېتىپ ، شۇ يەرنىڭ كادىرلىرىدىن بىرى ئورۇق ـ تۇغقىنىنى ئەكېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇۋالىدۇ . ئۆتكەندە بىر ئورۇنغا كۆزەتچىلىك قىلىپ 500 يۈەن قەرز بولۇپ قېلىۋېدىم ، قەرزنى ئۈزۈۋەتسۇن ، دەپ خېلى ئۇزاق ئىشلىتىپ قالدى . «ھە ، ئىشنىڭ يولى مۇنداقكەن ـ دە !» دېدىم . ھازىرقى كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان ئورنۇمغا 2000 يۈەندەك قەرز بولدۇم . خۇدا بۇيرۇسا ، ئەمدى ئۇ يەرگە چىڭىپلا كەتتۇق دەڭلا … قېنى كەلمەمسىلەر ؟ …

ئۇ مۇغەمبەرلەرچە كۆز قىسىپ قويۇپ ، قولىدىكى ھاراقنى كۆتۈرۈۋەتتى . شامىل «مانا تۇرمۇش !» دېگەندەك ماڭا لاپ قىلىپ قارىدى ـ دە ، قويۇن دەپتىرىنى ئېلىپ ، كىتىرلىتىپ بىر نېمىلەرنى خاتىرىلەشكە باشلىدى .

قاراڭغۇ چۈشكەنسېرى مومىسى باققان خوجايىنىنىڭ سودىسى قى-

زىغلى تۇردى . كونا مەستلەرگە يېڭى كىرگەن مەستلەر قېتىلىپ ،
دۇكاننىڭ ئىچى ۋاڭ - چۇڭغا توشتى . كەيپچىلىكتە خېرىدارلار
تونۇشسۇن - تونۇشمىسۇن بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ هاراق
سۇنۇشاتتى . دولىلىرىغا قېقىشىپ ئەھۋال سورىشاتتى . قايسىبىرلىرى
بىزگىمۇ ئۇلپەتچىلىك كۆرسىتىپ هاراق تەڭلەيتتى ، ئاز - ئازدىن
ئىچىپ بىزمۇ هېلىقى بىر بوتۇلكىنى قۇرۇقداپ قويغانىدۇق . كۈچ-
لۈك هاراقنىڭ تەسىرىدە كۆز ئالدىمدا ئەتراپتىكى مەستلەرنىڭ قىزار-
غان يۈزلىرى ، مەنىسىز كۈلكە ، قېتىپ قالغان چىرايلار ، ئەلەڭشى-
گەن كۆزلەر ئوتتۇرىدىكى قوپال ئۈستەل بىلەن قېتىلىپ بىر گەۋدىگە
ئايلىنىپ ، موردىن كۆتۈرۈلگەن ئىسسىق هاۋادەك يېنىك تەۋرەپ
تۇراتتى . شامىل يەنە هاراق ئەكېلىش ئۈچۈن تەمشەلگەن بولسىمۇ ،
مەن ئۇنى توختۇۋېلىپ ئۇنىمىدىم .

ئۇمۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ بىرقانچە «كەلىمەمىسلەر» لىرىگە شېرىك
بولۇپ ئوبدانلا مەست بولغانىدى . بۇ يەردىن ئالدىراپ كەتكىسىمۇ
يوقتەك قىلاتتى . ئەمدى ئۇ تۇرمۇش ئۆگىنىشىنى ، خاتىرە يېزىشنى
ئۇنتۇپ ، ئۆزىنىڭ گېپىگە چۈشكەنىدى .

— قارا ، قارا ! — دەپ مېنى نوقۇيتتى ئۇ ، — ئاۋۇ رومكا
تۇتۇپ تۇرغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ ؟ قول تومۇرلىرىنىڭ كۆپكۆك ،
يوغانلىقىنى قارا ، ئۇ چوقۇم يا تامچى ، يا تۆمۈرچى . ئاۋازىنىڭ بازغان
ئۇرغاندەك گۈلدۈرلەپ چىقىۋاتقىنىنى ئاڭلىدىڭمۇ ؟ ... ماۋۇ ئادەمنىڭ
يۈز - كۆزلىرىدىكى قورۇقلارغا سەپسالدىڭمۇ ؟ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا نۇر-
غۇن ئاچچىق كەچۈرمىشلەرنىڭ يىغىندىسى بار ... مۇنۇ قولىنى كۆك-
سىدىن چۈشۈرمەي جىمى ئادەمگە قاراپ ھىجىيىپ تۇرغان كاززاپنى
قارا ، ھەقچان ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان ئەۋۇ بىچارىنىڭ پۇلىنى ئالداپ
خەجلەيدۇ ... يا قۇدرەت !

باياتىنبېرى بېشىنى ئۈستەلدىن كۆتۈرمەي مۈگدەۋاتقان ھەسەن-
باينى كۆرۈۋاتامسەن ؟ ئەمدى ئۇ سەگىپ باشقىدىنلا تېتىكلىشىپ
كېتىپتۇ ... قانداق ، مېنىڭ دېگىنىمدەكمىكەن ؟ ئۆگىنىمەن دېگەن
ئادەمگە بۇ يەردە تۇرمۇش دېگىنىڭ ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدۇ . بولۇپمۇ

سەندەك ھېكايە يازىدىغان ئادەم كۆندە كېلىدىغان يەردە بۇ ! ...
دەل شۇ چاغدا، قولتۇقىغا نەقىشلىك دۇتار قىستۇرۇۋالغان بىر يىگىت قاپاقتا ئولتۇرغاندەك كىرىپ كەلدى. ئولتۇرغانلار: ۋاھ، مانا ياسىن دۇتارمۇ كېلىپ قالدى. تازا بىر ساز ئاڭلايدىغان بولدۇقتە، — دېيىشىپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.
ياسىن دۇتار قولتۇقىدىكى دۇتارنى تامنىڭ بۇلۇڭىغا يېشىنى يۇقىرى قىلىپ تىكلەپ قويۇپ، ئاغىنەم شامىلنىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كىرگەنلەر تۆت ـ بەش بوتۇلكا ھاراق، خاسىڭ، مايلىق پۇرچاق دېگەندەك زاكۇسكىلارنى ئەكېلىپ جوزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يايدى. بىرى ھاراقنىڭ ئاغزىنى تاسىدە ئېچىپ: قېنى ئاغىنىلەر، ھەممەيلەن مۇشۇ ئوتتۇرىغا قارايلى! — دەپ ھاراق قۇيۇشنى باشلىۋەتتى. ئەمدى يېرىم تونگە سوزۇلىدىغان «كاتتا» بىر ئولتۇرۇشنىڭ بولىدىغانلىقى جەزملىشىپ قالغانىدى. مەن كەتسەك بولاتتى، دەپ شەرەت قىلىپ شامىلنىڭ يېڭىنى تارتىپ قويدۇم. لېكىن، ئۇ ماڭا قاراپمۇ قويماي: بۈگۈن قانغۇچە بىر ئوينىۋالىدىغان بولدۇقتە! — دەپ جوزىغا بىرنى شاپىلاقلىدى ـ دە، ئورنىدىن قوپۇپ سوزۇلۇپ تۇرۇپ، بايا كىرگەنلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، باشقىدىنلا جانلىنىپ كەتتى.
يېڭى مېھمانلارنىڭ بىرى شامىلنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ تۇيۇقسىزلا:
— ھوي قاراڭلار، ماۋۇ شامىل شائىر ئەمەسمۇ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى، — قېنى ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ!
«شائىر» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بېسىقىپ، ھەممىنىڭ كۆزى شامىلغا قادالدى. شامىل خۇددى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئەمدى چۈشىنىۋاتقاندەك ئۆزىگە سالاپەت بېرىپ، قولى يەتكەن ئەتراپتىكى ھەممەيلەن بىلەن قايتا كۆرۈشۈپ ئولتۇردى.
— مانا، ماۋۇ مېنىڭ ئاغىنەم بولىدۇ، — دېدى ئۇ مېنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرۇپ، — يازغۇچى، يازغۇچى دېسەم نېمە قىلىدىغان ئادەمكىن دەپ قالماڭلار، ھېكايە يازىدىغان شائىر.

«پاھ !» كۆپىنىڭ ھۆرمەت نەزىرى ماڭىمۇ تىكىلدى.

— سىلەرنىڭمۇ قەدىمىڭلار بۇ يەرلەرگە يېتىدىكەن ـ ھە! ؟ ... ھېلىقى ئۇلتۇرۇشتىكى ئىش ئېسىمدىن چىقمايدۇ ـ دە، — دېدى بايىقى شامىلنى تونۇۋالغان كىشى ئۇنىڭغا قاراپ، — ۋاتىلداپ سورۇز۔ نى بېشىغا كىيگەن ۋاھاپ كاسكىنى:

ھەي ۋاھاپ،

ھەي، ھەي ۋاھاپ،

ئولتۇرۇشنى بۇزدۇڭ ئىتتەك قاۋاپ، دەپ قالتىس رەسۋا قىلى۔ غانتىڭىز.

— ھە، ئۇ شۇنداقلا بىر كېلىپ قالغان ئىلھام دەڭا...

— «بولاي» دېگەن كىتابىڭىزنى ئوقۇدۇم، قالتىس يېزىپسىز ـ دە! ...

كىتابنىڭ گېپى چىقىۋېدى، باشقىلار تېخىمۇ جىمىپ كەتتى. بۇ جىمجىتلىقنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي پوكەيدىن بېشىنى چىقىرىپ قاراپ تۇرغان مومىسى باققان خوجايىنىنىڭ چىرايىمۇ شادلىققا چۆم۔ دى. كىتاب يازغان ئادەملەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇشى مۇسا۔ پىرلار قاۋىقى ئۈچۈنمۇ بىر شەرەپتە! ... ئۇ ئۆزىگە خاس سىپايى ھەرىكەتلەر بىلەن پوكەيدىن ئاتلاپ چىقىپ، شامىل بىلەن ئىككىمىز۔ نىڭ ئالدىغا ئالاھىدە كېلىپ كۆرۈشتى.

— بىزنىڭ بۇ دۇكىنىمىزنىڭ شارائىتى ناچار، خاپا بولۇشمايلا، مانا ماۋۇ داستىخىنىڭلارغا ئاتىغىنىم بولسۇن، — دېدى ـ دە، يىگىرمە ـ ئوتتۇز تۇخۇمنى ئەكېلىپ ئۈستەلگە قاتار تىزىۋېتىپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ھاراق ئىچىش باشلىنىپ كەتتى. لېكىن، كىشى۔ لەر ئىختىيارىي پاراڭ قىلىشتىن سەل قورۇنۇپ، شامىلنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇشاتتى.

— ئۇزاق بولدى كۆرۈنمىدىڭىز، چوڭراق بىر نېمە يېزىۋاتام۔ سىز، يا... ھۆكۈمەت شائىرلارنى شەھەرمۇشەھەر ئايلاندۇرىدۇ، دەپ ئاڭلىۋىدىم، يىراقراق بىر يەرلەردە ساياھەتتە بولدىڭىزمۇ؟

— ھە، — دېدى شامىل ئۆزىنىڭ ئۆچىرتتىنى شاققىدە ئېلىپ ئىچىۋېتىپ، — ئىچكى ئۆلكىلەرنى بىر قۇر ئايلىنىپ كەلدىم.

«ئىم!» دەپ قالدىم. ئەمدى ئاغىنەمنىڭ راست - يالغانىنى قېتىپ پو ئاتىدىغان كېسىلى قوزغالغاندى.

— نەلەرنى ئايلاندىڭىز؟

— گۇاڭجۇ، خاڭجۇ، بېيجىڭ، شاڭخەي دېگەندەك ھەممە چوڭ شەھەرلەردە بولدۇم.

شامىلنىڭ ئىككى - ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا، تونۇش شوپۇرغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە بىر بېرىپ كەلگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ «چوڭ شەھەرلەرنى كۆردۈم» دېگىنى قىپقىزىل يالغاندى. قېرىشقاندەك ھېلىقى ئاغىنىمۇ كوچىلاپ سوراۋەرگىلى تۇردى.

— ۋاھ، قالتىس يەرلەر، دەپ ئاڭلىۋېدۇق، ئايروپىلان بىلەن باردىڭىزمۇ، پويىزدىمۇ؟

— ئىلاج بولمىغاندا چۈشمىسە، ھازىرقى ۋاقىتتا پويىز دېگىنىڭلار بىر كۆتەك ھارۋىدە. ئايروپىلان بىلەنلا ئۇچتۇم.

— ۋاھ، ھوزۇر قىپسىز - دە!

ئولتۇرغانلار تاماقلىرىنى چېكىپ كېتىشتى.

— ھوزۇرى شۇ! — دەپ تەستىقلىدى شامىل، باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغانلىرى بويىچە ئايروپىلاننىڭ ئىچىنى تەسۋىرلەپ، — ئازادە، لۆم - لۆم ئورۇندۇقتا خىيال سۈرۈپ ئۆگدەپ ياتىدىغان گەپ. تازا مەڭزىگە ئەركەك چىۋىنمۇ قونمىغان چىرايلىق قىزلار ئالدىمىزغا كېلىپ، ھېلى ھەر ياڭزا ئىچىملىك، ھېلى ھەرخىل كەمپۈتلەرنى تۇتۇپ «نېمە يەيسىز، نېمە ئىچىسىز؟» دەپ سوراپ تۇرىدۇ. ئايروپىلان موللاق ئاتىدىغان يەرگە كەلگەندە، «بەللىرىگە تاسمىنى باغلىۋېلىشىلا» دەيدۇ. «ماڭەۋاي، كىراغا نەچچە يۈز يۈەن پۇلنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆزۈڭ كېلىپ باغلاپ قويمامسەن!» دەپ قورساقنى چىقىرىپ، ساپادا يانتۇ يېتىپ بېرىدىغان گەپ. ھېلىقى ئايدەك خېنىملار بېلىمىزنى قۇچاقلاپ، تاسمىسىنى ئۆزى باغلاپ قويىدۇ. شۇنداق

قىلىپ ، نەچچە كۆڭلۈك يولغا بىر ـ ئىككى سائەتتىلا يېتىپ بارىدىغان گەپ ...

ئاڭلاۋاتقانلار «قالتىس گەپكەن ـ ھە !» دېيىشىپ گۇدۇڭشىپ كەتتى . شامىلنىڭ ئاتقان پولىرىدىن خىجىل بولۇپ ئولتۇرالماي قالدىم . پېشىنى تارتىپ ـ تارتىپ قويساممۇ ، ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدا ماڭا قارايدىغان كۆزى يوق ئىدى . يەنە بىرەيلەن :

— ئۇكام ، شاڭخەي دېگەننى ناھايىتىمۇ ئادەم جىق شەھەر دەيدىغۇ ؟ — دەپ سوراپ قالدى :

— ئۇنى بىر دېمەڭ ، — دېدى شامىل ، — ئادەمنىڭ تولىلىقىدىن ئىچىڭىز ئېلىشىدۇ . كوچىدا كېتىپ بېرىپ ئىتتىك ئارقىڭىزغا بۇرۇلىدىغان بولسىڭىز ، چوقۇم ئىككى ـ ئۈچ ئادەمگە ئۇسۇۋالىسىز . يەكشەنبە كۈندىكى قىستاڭچىلىقتا كۈنىگە نەچچە ئون ئادەم دەسسىلىپلا يىقىلىپ قالىدىكەن ، بىر تەرەپتىن دوختۇرلار ئارىغا كىرىپ يىقىلغانلارنى زەمبىلگە سېلىپ توشۇپ تۇرىدىكەن .

— يائاللا ، پىلانلىق تۇغۇتلار دېگەن گەپمۇ توغرا جۇمۇ !

— گۇاڭجۇدا شىنجاڭدىن بېرىپ ئوقەت قىلىۋاتقانلار خېلى بار دەيدۇ ، كۆرگەنسىز ؟

— كۆرمىگەندە ! ... دېدى شامىل يەنە بىر رومكا ھاراقنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىپ تۇرۇپ .

— بەزى ياش بالىلارنى شۇ يەردىمۇ جېدەل ـ ماجىرا چىقىرىپ يۈرىدۇ دەيدىغۇ ؟

— مانا شۇ گەپ ئەمەسمۇ ، تۇرمۇش ئۆگىنەي دەپ ئۇلارغا بىر ئاز ۋاقىت ئارىلىشىپ يۈردۈم . كۆپىنچىسى ياش بالىلار ئىكەن . تەرەپ بولۇشۇپ ، بىر ـ بىرى بىلەن سوقۇشۇپ ئوينايدىكەن . كۆرگەنلەر ھېچ ۋاقىتتا ئۇنى پالانچاخۇن ، پوكۈنچاخۇن ، دېمەيدۇ ـ دە ، «شىنجاڭلىقلار» لا دەيدۇ ، ھەممىمىزنىڭ نامىغا سەت .

— شۇنداق بولماي ! — دەپ كۆپچىلىك بۇ گەپنى تەستىقلاشتى .

— بىر نەچچە لاۋبەنلەرنى تۇتۇۋېلىپ «ئاغىنىلەر مۇشۇ قىلىقىڭلار قاملاشماپتۇ !» دەپ نەسىھەتمۇ قىلدىم ، يەنە ئادەم دېگەن غەلىتە

نېمىدە ، جېدەل بولغان جايدا تۇرۇپ قالسىڭىز ، قېنىڭىز قىزىپ ئۆزىڭىزنى ئۇقماي جېدەلگە ئارىلىشىپ قالىدىكەنسىز . بىر كۈنى كەچتە بىر قانچەيلەن رېستوراندىن يېنىپ مېھمانخانىغا قايتىپ كېتىۋاتاتتۇق . «كەلدى ، كەلدى !» دېيىشىپ كەتتى . «نېمە كەلدى ؟» دېسەم ، «پوكۇنى قوشۇننىڭ ئادەملىرى كېلىۋاتىدۇ ، ئەمدى بىر قەپەس مۇشتلاش بولىدىغان بولدى» دېدى . راست دېگەندەك ، گەپ ئاخىرلاشمايلا ئىككى تەرەپ تار كوچىدا تۇتۇشۇپ ، ئۇپۇر - توپۇر بولۇشۇپ كەتتى . مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي ، تۇرغان ئورنۇمدا تۇرۇپلا قاپتىمەن . بىر چاغدا ، يېنىمدا بىر قارا كۆلەڭگە پەيدا بولغاندەك قىلدى ، شۇنداق قارىشىمغا قولاق تۈۋىمگە «قارس !» قىلىپ بىرنى سالماسما ، يۈزۈمنى سىلىسام بەش قولىنىڭ ئىزى مانا مەن دەپلا چىقىپتۇ . ئاچچىقىمدا ھېلىقىنى ياقىسىدىن قاماپ تۇتۇپ بېقىنىغا نەچچىنى سالدىم . «ئىھ ، ئىھ ...» دەپ ئىنجىقلاپلا قالدى ، تىڭشىسام ئاۋازى تونۇشتەك قىلىدۇ . يورۇققا سۆرەپ ئاپىرىپ قارىسام ، لەڭگەردىكى بىر تۇغقان تاغامنىڭ ئوغلى ئىكەن...

پاراققىدە كۈلكە قاۋاقخانا ئىچىنى بىر ئالدى .. بۇ كەيپىياتتىن ئىلھاملانغان شامىل ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە :

— بۇرادەرلەر ، سىلەرگە يېڭى يازغان بىر شېئىرىمنى ئوقۇپ بېرىشىمگە رۇخسەت قىلىڭلار ، — دەپ يانچۇقىدىن خاتىرىسىنى چىقاردى ، «ئىت بولاي» دەپ شېئىرىنىڭ ماۋزۇسىنى تەنتەنىلىك جاكارلاپ ئەتراپقا بىر قارىۋەتتى :

خالايمەن بۇرادەرلەر ،
خالايمەن .
بىر ئۆمۈر ئىشىكىڭلاردا ئىت بولۇشنى .
ئۆزۈڭلارنى ،
مۈلكۈڭلارنى ،
چىلبۆرىلەر —
ياۋلاردىن سەگەك تۇرۇپ قوغداشنى .
قاراڭغۇ تۈن ،

سىلەر ئۆيقۇدا،
مەن ئويغاقمەن ھويلاڭلاردا.
ئىھ!
نېمە ئارمان ئۆلۈپ كەتسەم،
سادىق ئىت بوپ بوسۇغىدا...



ئاغىنەمنىڭ تېتىقسىز قىلىقلىرىغا ئىچىم تىتىلداپ، قاۋاقخانى-
دىن قېچىپ چىقىپ كەتكۈدەك بولدۇم. شېئىر ئاخىرلىشىشى بىلەن
مەستلەر ۋارقىرىشىپ «ئالامەت!... ياشا!» دېيىشىپ كەتتى. بۇ

چۈقان پەسىيىشى بىلەن ئارىدىن ياشتا چوڭراق بىرەيلەن تۇرۇپ :

— شامىل ئىنىمىز ئوبدان گەپلەرنى قىلىپ بەردى ، شىپىرىنىمۇ ئاڭلىدۇق . ئەمدى ماۋۇ ياسىنجان ئىنىمىز دۇتارنى ئېلىپ بىردەم پەيزى قىلىپ بەرسە قانداق دەيسىلەر ؟ — دېدى .

كۆپچىلىك «بولىدۇ !» دېيىشتى . مەنمۇ «خۇداغا شۈكۈر !» دەپ يېنىك تىندىم . ياسىنجان ساقى تولدۇرۇپ قويغان بىر رومكا هاراقنى گۇپپىدە كۆتۈرۈۋېتىپ ، دۇتارنى قولىغا ئېلىپ سازلىدى . دۇكاننىڭ ئىچىنى قايتا جىمجىتلىق باستى . ۋاقىتمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئوخشايدۇ ، قارىسام مومىسى باققان خوجايىن دۇكاننىڭ هېلىقى هاراق ساتىدىغان تەرىپىنى قۇلۇپلاپ كېتىپ قاپتۇ . كىمدۇر بىرى دۇكاننىڭ قاناتلىق چوڭ ئىشىكىنىمۇ قىيا يېپىپ قويۇپتۇ . ياسىنجان دۇتارنى لەرزان ئۇرۇپ ، مۇقام باشلىدى .

پەلەكتىن ياخشىلىق كەلدى ، دىبان كۆڭلۈڭنى شاد ئەتمە ،
يامانلىق هەم يېتەر ، هالا ئۇنۇت ، ئۆتكەننى ياد ئەتمە .

كەيپ بولغانلارنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ يۇمۇلۇپ ، باشلىرى تۆۋەن چۈشتى . چوڭلار «هەق !» دەپ ئېغىر تىنىشتى .

زامانە ئەهلىگە گەر يۈز قۇياشچە مېهرى كۆرگۈزسەڭ ،
ۋاپانى سەن ئۇلاردىن زەررە چاغلىق ئېتىماد ئەتمە .

شۇ چاغدا ، قۇلىقىمغا مۇقامنىڭ پەيزىنى ئۇچۇرىدىغان بىر غەلىـ تە تاۋۇش ئىشتىلگەندەك بولدى . بۇ نېمە ئاۋازدۇر ؟ دەپ ئەتراپىمغا نەزەر سالدىم . قارىسام ، شامىل ئىككى ئالىقىنىنىڭ ئۈستىگە بېشىنى قويۇپ ، خۇددى بوسۇغىدا ياتقان ئىتتەك خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ . «ئىت بولغان بولسىمۇ ، قورسىقى تويسىلا ئۇخلايدىغان ناهايىتى ناچار ئىت بولغۇدەك ...» دەپ قالدىم . بايىقى غەيرىي ئاۋاز ئۇنىڭ يېرىم ئوچۇق قالغان ئاغزىدىن چىقىۋاتقان خورەك ئىكەن .

قىلىپ ياخشى ئەمەل كەسپى شىئار[1] ىڭنى ئىسلاھ ئەتكىل ،
ۋەلې[2] خەباسەت[3] خىيالىڭ بىرلە ھەردەم بىر پاسات ئەتمە .

ياسىن دۇتار مۇقامنى ناھايىتى بېرىلىپ ، تەسىرلىك ئېيتىۋاتات-تى . ئاغىنەمنىڭ كارنىيىدىن چىقىۋاتقان ھېلىقى خورەكمۇ كىشىنى بىئارام قىلىپ بارغانسېرى ئەۋجىگە چىققىلى تۇردى . بايقىغانلار نارا-زى بولۇپ غۇدۇراشقا باشلىدى . ئالاقزادىلىك ئىچىدە شامىلنى قاتتىق بىر نوقۇپ قويۇۋېدىم ، خورىكى توختىماق تۈگۈل ، بەئەينى چالا بو-غۇزلانغان مالنىڭ بوغۇزىدىن چىققان خارقىراشقا ئايلىنىپ ئىشنى بۇزدى . شامىلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ دۇتار چېلىۋاتقان ياسىن دۇتار-نىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى . ئۇ دۇتارنى قويۇپ ، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە ، شامىلنى گەجگىسىدىن تۇتۇپ يۇلۇۋېلىپ ، سىلكىپ يەنە بېسىپ ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى .
— نېمە بولدى ، نېمە بولدى ! ؟ — دېدى ، ھېچنېمىنى چۈشەنمە-گەن شامىل ئەتراپقا چەكچىيىپ قاراپ .
— سەن ئادەممۇ ، ھايۋانمۇ ؟
— مەن نېمە قىلدىم ؟
— بىزنىڭ ناخشا - سازلىرىمىز قاملاشمايۋاتقان بولسىمۇ بىردەم قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ قويساڭ ئۆلەمسەن ؟ سېنىڭ نەرىڭ شائىر ؟ باياتىن بېرى سېنىڭ ئاتقان پولىرىڭ ، لاۋزا شېئىرلىرىڭنى ساڭا ھۆرمەت قىلىپ ، چىداپ تۇرۇپ ئاڭلىدۇققۇ ! ... ئۆزۈڭچە بىزنى ھېچنېمە بىلمەيدىغان نېمىلەركەن دەپ ئويلاۋاتامسەن ؟ بوران بولاي ، شامال بولاي ، ئىت بولاي ، مۈشۈك بولاي دېگەنلىرىڭ شۇمۇ شېئىرما ؟ ھەقىقىي شائىر بولساڭ «ئادەم بولاي» دەپ يازمامسەن ؟ دۇنيادا ئادەم بولماقتىن ئۇلۇغ ئىش بارمۇ ! ؟ ... چىقە دۇكاندىن ، خورىكىڭنى

[1] شىئار — ئادەت ، ھاياتتا تۇتقان يول
[2] ۋەلې — لېكىن ، ئەمما ، بىراق
[3] خەباسەت — بۇزۇقلۇق ، ئىپلاسلىق ، يامانلىق

ئۆيۈڭگە بېرىپ تارت! ...

شۇ گەپ بىلەن بىرەيلەن قوپۇپ شامىلنى ياقىسىدىن سۆرىدى، يەنە بىرەيلەن «شائىر دېگەن سەندەك بولسا» دەپ كۆتىگە بىرنى تېپىپ، دۇكاندىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى.

— ماۋۇ ئاغىنىسىنى قانداق قىلىمىز؟

— ئۇنىمۇ شائىر دەۋاتاتتىغۇ!

— هايدا!...

«هايدا!» دېگۇچىنىڭ گېپى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە چاققانلىق قىلىپ، تالاغا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىۋېلىپ، تېپىك يېيىشتىن قۇتۇلۇپ قالدىم. ئەمما، تالاغا چىقىپلا تۇرۇپ قالدىم. 50 يۇەنگە يېڭىلا ئالغان شلەپەم ئۇستەل ئۈستىدە ئۇنتۇلۇپ قالغانىدى. «ئىسىت، مەستلەر سېتىپ پۇلىغا هاراق ئىچىۋېتىدىغان بولدى - دە!» دەپ تۇرۇشۇمغا، شلەپەممۇ ئارقامدىن ئۇچۇپ چىقتى، يەردىن ئېلىپ، توپىسىنىمۇ قاقماي بېشىمغا كىيدىم - دە، ئاغىنەمنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردۈم.

1990 - يىل، غۇلجا.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. يازغۇچى جانلىق تەسۋىر، يۇمۇرلۇق تىل ئارقىلىق شامىلنىڭ شاللاق، تېتىقسىز مىجەز - خاراكتېرىنى ئېچىپ بەرگەن. سىلەر مۇشۇ خىل ئالاهىدىلىككە ئىگە تىل ۋە تەسۋىرلەردىن بىر نەچچىنى تېپىپ چىقىڭلار.

2. سىلەر كۆك يىجى بىلەن شامىلنىڭ خاراكتېرىدە قانداق ئوخشاشلىق ۋە پەرقنىڭ بارلىقىنى هېس قىلدىڭلار؟

3. «مۇساپىرلار قاۋىقى، دا» دەپ ماۋزۇ قويۇش مۇۋاپىقمۇ؟ سىزنىڭچە قانداق ماۋزۇلارنى قويۇشقا بولىدۇ؟

4. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى ئاستىغا سىزىلغان سۆزلەرنى چە-

قىرىۋەتكەندە جۈملىدە قانداق ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

1 ) «ھايدا» دېگۈچىنىڭ گېپى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە چاققانلىق قىلىپ ، تالاغا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىۋېلىپ ، تېپىك يېيىشتىن قۇتۇ-لۇپ قالدىم .

2 ) بۇ جىمجىتلىقنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي پۈكەيدىن بېشىنى چىقىرىپ قاراپ تۇرغان مومىسى باققان خوجايىنىنىڭ چىرايىمۇ شاد-لىققا چۆمدى .

3 ) شامىل خۇددى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئەمدى چۈشىنىۋاتقاندەك ئۆزىگە سالاپەت بېرىپ ، قولى يەتكەن ئەتراپتىكى ھەممەيلەن بىلەن قايتا كۆرۈشۈپ ئولتۇردى .

# 15 . خامېلېئون

چېخوف[1]

ئۇستىگە يېڭى شىنېل (ھەربىي پەلتو) كىيگەن، قولىدا بوپا تۇتقان ساقچى ئوفىتسېرى ئوچۇمېلوف[2] بازار مەيدانىنى توغرىسىغا كېسىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن مۇسادىرە قىلىنغان چۇچۇمەل كاشتان[3] مېۋىسى بىلەن تولدۇرۇلغان غەلۋىرنى كۆتۈرۈپ، سېرىق چاچلىق گورودوۋوي[4] كېلىۋاتاتتى. ئەتراپ جىمجىت. بازار مەيدانىدا ھېچكىم يوق. دۇكان ۋە قاۋاقخانىلارنىڭ ئىشىكلىرى گويا ئېچىرقاپ كەتكەنلەرنىڭ ئېغىزلىرىغا ئوخشاش خۇدا ياراتقان بۇ دۇنياغا قاراپ ئېچىنىشلىق تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەتتا گادايلارمۇ يوق.

— سەن تېخى چىشلىمەكچىمۇ، لالما! — دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدى ئوچۇمېلوف تۇيۇقسىزلا، — باللار، قاچۇرۇپ قويماڭلار! ھازىر بىراۋنى چىشلەشكە رۇخسەت يوق! تۇت! ئا ... ئا! ...

ئىتنىڭ كاڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئوچۇمېلوف ئەتراپقا قاراپ، سودىگەر پىچۇگىننىڭ ئوتۇنخانىسىدىن بىر كۈچۈكنىڭ ئۈچ پۇتلىغىنىچە دىگگۈكلاپ قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. چىت كۆڭلەك كىيگەن، كەمزۇلىنىڭ تۈگمىلىرى يېشىلگەن بىر كىشى كۈچۈكنى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ كۈچۈكنى قوغلاپ كېلىۋېتىپ، بىرلا ئېتىلىپ ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى ـ دە، كۈچۈكنىڭ كەينى

---

① ئانتون پاۋلوۋىچ چېخوف ـ (1860 ـ 1904) 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ياۋروپا، بولۇپمۇ روسىيىنىڭ تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىدا داڭق قازانغان ئاتاقلىق ھېكايىچى، شۇنداقلا مۇنەۋۋەر دراماتورگ. «خامېلېئون» ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى بولۇپ، 1883 ـ يىلى يېزىلغان.

② ئوچۇمېلوف — بۇ سۆز ئەسلىي رۇسچە «ئەلۋە» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭ فامىلىسى قىلىپ قوللانغان.

③ كاشتان — يوپۇرماق تاشلايدىغان بىر خىل چاتقال دەرەخنىڭ مېۋىسى.

④ گورودوۋوي — چار روسىيىدە ساقچى مەنسىپىنىڭ تۆۋەن دەرىجىسى.

پۇتىدىن تۇتۇۋالدى. ئارقىدىنلا كۈچۈكنىڭ كاڭشىشى ۋە «قويۇۋەتمە!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. دۇكانلاردىن ئۇيقۇلۇق دۇكانچىلار باشلىرىنى چىقىرىپ قاراشتى، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئوتۇنخانىنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن كىشىلەر خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك توپلاندى.

— مۆھتەرەم باشلىق، بۇ تەرتىپسىزلىك ... — دېدى گورودوۋوي.

ئۈچۈمىلوف سول تەرەپكىرەك بۇرۇلۇپ، ئادەملەر توپلىشىۋالغان جايغا قاراپ ماڭدى. كەمزۇلىنىڭ تۈگمىلىرى يېشىلگەن ھېلىقى كىشىنىڭ ئوتۇنخانا دەرۋازىسى ئالدىدا ئوڭ قولىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، قانغا بويالغان بارمىقىنى ئادەملەرگە كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ بىر ئاز مەستلىكى چىقىپ تۇرغان چىرايىدىن «سېنىڭدىن ئەمدى بىرەر نەرسە ئۈندۈرىمەنغۇ، جۆندەك!» دەۋاتقان ھالەت بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بارمىقى گويا غەلىبە تۇغىدەك كۆرۈنەتتى.

ئۈچۈمىلوف بۇ كىشىنىڭ زەرگەر خىريوكىن ئىكەنلىكىنى تونۇدى. توپلانغان ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا دىلو پەيدا قىلغۇچى «ئەيىبكار» — ئۇچلۇق تۇمشۇق، دۈمبىسى سېرىق ئالا كۈچۈك ئالدى پۇتلىرىنى كېرىپ، پۈتكۈل ئەزايى تىترىگەن ھالدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن مىسكىنلىك ۋە قورقۇنچ ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— بۇ يەردە نېمە ئىش بولدى؟ — سورىدى ئۈچۈمىلوف توپنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، — نېمىشقا بۇ يەرگە يىغىلىۋالدىڭلار؟ سەن نېمىشقا قولۇڭنى كۆتۈرۈپ تۇرىسەن؟ ... ۋارقىرىغان كىم؟

— مەن، مۆھتەرەم باشلىق، ھېچكىمگە چېقىلماي كېلىۋاتقانىدىم ... — خىريوكىن قولىنى ئاغزىغا ئەكېلىپ يۆتىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — مىتىري مىترىچ بىلەن ئوتۇن توغرۇلۇق پاراڭ قىلىشماقچىدىم. نەدىن كەلدى مۇنۇ لالما، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق، تۇيۇقسىزلا بارمىقىمغا ئېسىلدى ... سىز مېنى كەچۈرۈڭ، مەن ھۈنەر قىلىدىغان ئادەم ... مېنىڭ ھۈنىرىم نازۇك ھۈنەر. ئىتنىڭ ئىگىسى ماڭا تۆلەم تۆلىسۇن، كىم بىلىدۇ، بەلكىم مەن بۇ بارمىقىمنى بىر ھەپتىگىچە مىدىرلىتال-

ماسمەن ... مۆھتەرەم باشلىق ، مەخلۇقلارنىڭ ئازابىغا چىداش كېرەك دەپ قانۇندىمۇ ئېيتىلغان ئەمەس ... ئەگەر ھەممىسى كېلىپ چىشلەۋېرىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا بۇ دۇنيادا ياشىمىغان ياخشى ...

— ھىم ! ياخشى — دېدى ئۇچۇمىلوۋ جىددىيلىك بىلەن يۆتىلىپ ۋە قاشلىرىنى مىدىرلىتىپ ، — ياخشى ... كىمنىڭ ئىتى بۇ ؟ مەن بۇ ئىتنى مۇنداق قالدۇرمايمەن ! مەن سىلەرگە ئىتلارنى بوش قويۇۋېتىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىمەن ! ئەمىر - پەرمانلارغا بويسۇنۇشنى خالىمايدىغان ئۇنداق كىشىلەرنى ئەدەپلەپ قويىدىغان پەيت يەتتى ! ئۇ ئەبلەخلەرگە بىر جەرىمانە قويىدىغان بولساق ، بۇنداق لالما ئىتلارنى كوچىغا قويۇۋېتىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغان بولىدۇ ! مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنى بىر تېتىتىپ قويىمسام ! ئېلدىرىن ، — دېدى ئوفىتسېر گورودوۋويغا قاراپ ، — سەن بۇ ئىتنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ ، ھۆججەت يېزىپ كەل ! ئىتنى ئۆجۇقتۇرۇش كېرەك . بول چاپسان ! بۇ ئىت بەلكى غالجىردۇر ... بۇ كىمنىڭ ئىتى دەپ سوراۋاتىمەن ؟

— ئەتىمالىم ، گېنېرال ژىگالوفنىڭ ئىتى بولسا كېرەك ، — توپنىڭ ئىچىدىن بىرى جاۋاب بەردى .

— گېنېرال ژىگالوفنىڭ ؟ ھىم ! ... ئېلدىرىن ، پەلتويۇمنى يېشىۋەتكىنە ... كۈن بەك ئىسسىپ كەتتى ، يامغۇر ياغامدىكىن ... مەن پەقەت بىر نەرسىگە چۈشەنمەيۋاتىمەن — ئۇچۇمىلوۋ خىريوكىنغا مۇنداق دېدى ، — ئۇ سېنى قانداق چىشلىۋېلىشى مۇمكىن ؟ ئادەمنىڭ بارمىقىغا كۈچۈكنىڭ بويى قانداق يېتىدۇ ؟ ئۇ كىچىككىنە تۇرسا ، سەن شۇنداق تەمبەل تۇرساڭ ! سەن بەلكى بارمىقىڭنى مىخ بىلەن تېشىۋېلىپ ، كۈچۈككە دۆڭگەپ نەپ ئۇندۇرۇۋېلىشنى كۆزلىگەن بولساڭ كېرەك . سېنىڭ كىملىكىڭ ھەممىگە ئايان ، سەن ھارامزادىنى بىلىمەن !

— مۆھتەرەم باشلىق ، بۇ ، قىزىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ، تاماكىنىڭ چوغىنى كۈچۈكنىڭ تۇمشۇقىغا يېقىۋىدى ، كۈچۈكمۇ ئەخمەق ئەمەستە ، ئۇنى چىشلىۋالدى ... بۇ كىشى ئۆزى شۇنداق چاتاقچى ئادەم

ئىكەن ، مۇھتەرەم باشلىق !

— يالغان ئېيتما ، كازراپ ! كۆرمىگەندىكىن ، يالغان ئېيتىشنىڭ ھاجىتى نېمە ؟ — خىريوكىن ئۇچۇملوفقا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — جانابلىرى ئەقىللىق كىشى ، كىمنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى ، كىمنىڭ پەرۋەردىگاھ ئالدىدا پاك ئىكەنلىكىنى بىلىدىلا ، ئەگەر يالغان ئېيتقان بولسام ، سوت ھۆكۈم قىلسۇن . قانۇندا ھەممىسى ئېيتىلغان ، ھازىر ھەممە ئادەم باراۋەر… مېنىڭ ئىنىممۇ ژاندارمىدا ئىشلەيدۇ … ئەگەر بىلگۈڭلار كەلسە…

— تالاشماڭلار !

— ياق ، بۇ گېنېرالنىڭ ئىتى ئەمەس … گېنېرالدا مۇنداق ئىتلار يوق . ئۇنىڭ ئىتلىرىنىڭ ھەممىسى ئوۋ ئىتلىرى ، — بىر ھازا ئويلىنىۋېلىپ تۇرۇپ سۆزلىدى گورودوۋوي .

— سەن بۇنى ئېنىق بىلەمسەن ؟

— ئېنىق بىلىمەن ، باشلىق …

— مەنمۇ بىلىمەن . گېنېرالنىڭ ئىتلىرى قىممەت باھالىق ، ئېسىل ئىتلار . مۇشۇمۇ ئىتمۇ ؟ ! يە يۇڭى يوق ، يە تۇرقى ، پەقەت بىر ئېپلاس نەرسە ، شۇنداق ئىتنىمۇ باقامدۇ ! سىلەردە ئەقىل بارمۇ ؟ بۇنداق ئىتلار پېتېربۇرگ ياكى موسكۋاغا بېرىپ قالسا ، نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر ؟ ئۇ يەردە مۇنداقلارنى قانۇنغا قاراپ تۇرماستىنلا ئۇجۇقتۇرغان بولاتتى ! سەن ، خىريوكىن ، خېلى ئازاب چېكىپسەن ، بۇ ئىشنى ئېتىبارسىز قالدۇرما ! ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش كېرەك ! پەيت كەلدى .

— بەلكى گېنېرالنىڭكىدۇ … غۇدۇڭشىدى گورودوۋوي ، — ماڭلىيىغا يېزىپ قويمىغان - دە … يېقىندا گېنېرالنىڭ ھويلىسىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىتنى كۆرۈۋىدىم .

— راست ئېيتىدۇ ، گېنېرالنىڭ بولۇشى كېرەك ، — توپنىڭ ئارىسىدىن بىر ئاۋاز چىقتى .

— ھىم ! … ئېلىدىرىن ئۇكام ، ماڭا پەلتويىمنى كىيدۈرۈپ قويغىنا … شامال چىقىپ قالدىغۇ ، تېنىم شۈركىنىۋا-

تىدۇ ... سەن بۇ ئىتنى گېنېرالنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ سوراپ باققىن . ئىتنى مېنىڭ تېپىپ ئەۋەتكەنلىكىمنى ئېيتقىن . ئۇنى كوچىغا چىقارمىسۇن . بەلكىم ئۇ قىممەت باھالىق ئىتتۇر . ئەگەر ھەربىر توڭگۇز ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا تاماكىنىڭ چوغىنى يېقىۋېرىدىغان بولسا ، ئىت تۈگىشىپ كېتىدۇ . ئىت دېگەن نازۇك ھايۋان ... سەن ، ھاماقەت ، قولۇڭنى تۆۋەن چۈشۈر ! ئۇششۇقلۇق قىلىپ بارمىقىڭنى كۆرسىتىپ تۇرۇشۇڭنىڭ ھاجىتى يوق ! ئۆزۈڭ ئەيىبلىكسەن ! ...

— گېنېرالنىڭ ئاشپىزى كېلىۋاتىدۇ ، شۇنىڭدىن سوراپ كۆرەيلى ... ھوي پروخور ، بېرى كەلگىنە ، ئەزىزىم ! مۇنۇ ئىتنى كۆرگىنە ... سىلەرنىڭمۇ ؟

— شۇمۇ سۆزمۇ ؟ بىزدە ھېچقاچان مۇنداق ئىت بولمىغان !

— بۇنى يەنە سوراپ ، سوزۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ، — دېدى ئۇچۇمىلوف ، — بۇ بىر لالما ئىت . بۇ يەردە گەپنى ئۇزارتىپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ كېرىكى يوق ... پروخور لالما ئىت دەپ ئېيتتىمۇ ، دېمەك ، لالما ئىت ... ئۆلتۈرۈش كېرەك ، پۈتتى ، خالاس .

— بۇ بىزنىڭ ئەمەس ، — سۆزىنى داۋام قىلدى پروخور ، — بۇ گېنېرالنىڭ يېقىندا كەلگەن ئاكىسىنىڭ ئىتى . بىزنىڭ گېنېرالنىڭ بۇنداق ئىتلار بىلەن خۇشى يوق . ئۇ كىشىنىڭ ئاكىسى مۇنداق ئىتلارنى ياخشى كۆرىدىكەن ...

— ھە ، ئۇ كىشىنىڭ ئاكىسى كەلگەنمىدى ؟ ۋىلادىمىر ئىۋانوۋىچما ؟ — سورىدى ئۇچۇمىلوف چىرايىغا مۇلايىم كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، — بۇنى قارا ... مەن بىلمەپتىمەن ! مېھمان بولۇپ كەپتىمۇ ؟

— شۇنداق ، مېھمان بولۇپ كەپتۇ .

— بۇنى قارا ، يا خۇدا ... ئىنىسىنى سېغىنىپ قالغان ئىكەن - دە ... مەن بۇنى ھېچ بىلمەپتىمەن ! بۇ شۇنىڭ ئىتى دېگىن ؟ ناھايىتى خۇرسەنمەن ... بۇنى ئېلىپ كەت . خېلىلا ياخشى كۈچۈك كۆرۈنىدۇ ، تېتىككىنە ... ھاۋ قىلىپلا مۇنۇنىڭ بارمىقىنى چىشلىۋاپتۇ ، ھا - ھا - ھا ... ھە ، نېمە تىترەيسەن ؟ ھاۋ - ھاۋ ... ئاچچىقىنىڭ يامانلىقىنى قاراڭلار ، بۇ تېرىككەكىنىڭ ...



پروخور ئىتنى چاقىرىپ، ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ ئوتۇنخانىدىن چە-قىپ كەتتى. توپلىنىپ تۇرغان كىشىلەر خىريوكىننى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشتى.

— ئالدىرىما، ئەدىپىڭنى بېرىمەن تېخى! — ئۇچۇمىلوف خىريو-كىننى قورقۇتتى ۋە شىنېلىنى يېپىنىپ بازار مەيدانىنى توغرىسىغا كېسىپ يولىنى داۋام قىلدى.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. ئۇچۇمىلوف دەۋانىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ قانداق «ئۆز-گىرىپ» تۇرغان؟ سىز ئۇچۇمىلوفنىڭ توختىماي «ئۆزگىرىپ» تۇ-رۇشىدىن نېمىنى ھېس قىلدىڭىز؟

2. تېكىستتە ئۇچۇمىلوفنىڭ گەپ - سۆزلىرى، ئىش - ھەرى-كىتى ۋە پسىخىكىسى تەسۋىرلىنىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ تاشقى قىيا-پىتىمۇ تەسۋىرلەنگەن. سىزچە تاشقى قىياپىتىنى تەسۋىرلىگەندە، باش-تىن - ئاخىر ئۇنىڭ شىنېل (ھەربىي پەلتو) كىيىۋالغانلىقى ھەققى-دىكى تەپسىلاتنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ قانداق رولى بار؟ سىز ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىرەر پېرسوناژنى تۇتقا قىلىپ، بىرنەچچە ئىغىز تەپسى-لات ئارقىلىق، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى تەسۋىرلەپ بېرەلەمسىز؟

3. تۆۋەندىكى ئىككى جۈملىنى سېلىشتۇرۇپ، مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىڭ:

A. كىمنىڭ ئىتى؟

B. زادى كىمنىڭ ئىتى؟

B جۈملىدە A جۈملىگە قارىغاندا قانداق مەزمۇن ئارتۇق؟

A. ئەتىمالىم، گېنېرال ژىگالوفنىڭ ئىتى بولسا كېرەك.

B. بەلكىم گېنېرالنىڭكىدۇ.

بۇ ئىككى جۈملىنىڭ مەنىسىدە قانداق ئوخشىماسلىق بار؟

A. بۇنى قارا ··· مەن بىلمەپتىمەن!

B . بۇنى قارا، يا خۇدا ··· مەن بۇنى ھېچ بىلمەپتىمەن!

بۇ ئىككى جۈملىنىڭ ۋەزنىدە قانداق نازۇك پەرق بار؟

4 . روللارغا بۆلۈنۈپ، تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇپ چىقىڭلار.

# 16 . ئادەملەر

مۇھەممەت باغراش[1]

7 - ئاي تەكلىماكاننىڭ ئەڭ ھارارەتلىك پەسلى، پۈتۈن چۆل ماگمىدەك قاينايدۇ.

پايانسىز ئوكيان ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە، يېگانە ئارالدەك مانا مۇشۇ ئوتلۇق دەشتنىڭ قاق يۈرىكىدە قەيسەرلىك بىلەن ياشناپ - كۆكىرىپ تۇرغان بىر كىچىك ناھىيىنى تاشلاپ چىققان يولۇچىلار ئاپتوبۇسى ئىسسىق تازا قىيامىغا يەتكەن چۈش مەزگىلىدە «جاڭگالساي» دىن ئۆتۈپ خۇددى تۆگىنىڭ لوككىسىدەك ئېگىز - پەس كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا — «ئۆچكە ئۆلدى» قۇملۇقىغا كىرىپ كەتتى.

«ئاپلا ... ! تۈنۈگۈندىن بېرى سەل چاغلاپتىمەن - دە ! ...» دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى شوپۇر ئاغرىقتىن تەرىنى تۇرۇپ، ئۇ يولنىڭ ئىككى قېشىدىكى قۇم دۆۋىلىرىدىن سىرغىپ چۈشكەن قۇم بىلەن ئۈزۈلۈپ قالغان قىسقىغىنا يولنى يىراقتىنلا كۆرۈپ ئاپتوبۇسنىڭ سۈرئىتىنى سەل ئاستىلاتتى. ئاپتوبۇس ئۇ يەردىن تۆۋەن خوتتا كۆچىنىپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇنداق ئۈزۈكلەر چۆل ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى كۆپىيىشكە باشلىغانىدى.

«ساقىيىپ قالارمەن دەپتىمەن - دە !» دەپ ئۆكۈنەتتى ئۇ بارغانسېرى قاتتىق ئاغرىۋاتقان ئوڭ بېقىنىنى كۆچەپ - كۆچەپ بېسىپ قويۇپ. ئۇ بالىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئالغاچ كەلگەنىدى.

---

① مۇھەممەت باغراش 1952 - يىلى قاراشەھەردە تۇغۇلغان، يازغۇچى. «ساۋاب»، «يادىكار»، «ئاقساق بۇغا»، «شوپۇرنىڭ چۈشى»، «يۈرەكتاغ» قاتارلىق توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەر ئۇنىڭ «يادىكار» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

ئۇنىڭ قورسىقى تۈنۈگۈندىن باشلاپ ئاغرىۋاتقان بولسىمۇ، بالىسىنىڭ تەتىل مۇددىتى توشۇپ، دەرس باشلاش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغىنى ئۈچۈن بارغان ناھىيىدە دوختۇرغا كۆرۈنۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي بىر ئاخشام قونۇپلا ئارقىسىغا — ۋىلايەتكە قاراپ يولغا چىققانىدى.

شوپۇر پېشانىسىدىن پۇرقىراپ چىقىۋاتقان سوغۇق تەرنى پەلىيى بىلەن سۈرتۈپ، ماتورنىڭ سۇ ئامپېرىغا كۆز تاشلىدى. ماتورنىڭ تېمپېراتۇرىسى بارغانسېرى ئۆرلەۋاتاتتى. «رادىياتور ھېلىتىن قايناмدۇ نېمە؟ بۇ چۆلدە نەدىن سۇ تاپارمەن - ھە؟» ئۇ تەشۋىشلىنىپ، ئاكسېلاتورنى سەل كۆتۈرۈپ، ماتورنىڭ ئايلىنىشىنى پەسلەتتى. ئارتۇقچە زورۇققۇش ماتورنىڭ قىزىشىنى تېزلىتىۋېتەتتى. شوپۇر ئوچۇق دېرىزىدىن گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇۋاتقان كۆيدۈرگۈ شامال ۋە ماتوردىن تارقىلىۋاتقان ئىسسىققا چىداشلىق بېرەلمەي قىتىڭشىپ، غىدىڭشىغىنچە ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغان 12 ياشلاردىكى ئوغلىغا قاراپ قويدى. «ئۆزۈممۇ تازا كۆڭۈلچەك ... كىچىك بالىغۇ ئەگەشسۇن، لېكىن مەن ...»

ھاۋانىڭ تىنجىقلىقىدىن نەپەس ئېلىشمۇ قىيىن ئىدى. يىراقتا كۆيۈپ كەتكەندەك قارىيىپ، سوزۇلۇپ ياتقان ئالتۇنتاغ ۋە پايانسىز قۇم بارخانلىرى بۇ چۆللۈككە ئوت چاچرىتىپ تۇرغاندەك كىشىنىڭ يۈزىگە يېلىنجاپ تۇرغان چوغنىڭ تەپتى كېلىپ ئۇرۇلاتتى. يىراق - يىراقلاردا گىرىمسەن — چۆل ئالۋۇنى ۋىلىلداپ تۇراتتى. تەشنالىق، چۆلنىڭ ھارارىتى ۋە كوزۇپ ئىچىدىكى تىنجىقتىن جېنىنى قويارغا جاي تاپالماي قىينىلىۋاتقان يولۇچىلار بىرەر دەرەخزارلىقنى ئۇچرىتىش ئۈمىدى بىلەن يىراق - يىراقلارغا كۆز تىكىشەتتى. تولا قاراۋەرگەچكە ئۇلارنىڭ كۆزلىرى تېلىپ ئېچىشاتتى. لېكىن، بۇ چېكى يوق دەشتتە كىشىنى زېرىكتۈرۈپ جېنىغا تېگىدىغان ئاشۇ كۆرۈمسىز قۇم بارخانلىرىدىن باشقا نەرسە كۆزگە ئېلىنمايتتى، بۇ مەنزىرىدىن زېرىككەن يولۇچىلار ھەرخىل قىياپەتتە گاھىلىرى بىرلىرىگە يۆلىنىپ، گاھىلىرى ئالدىدىكى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە بېلىكىنى تىرەپ، بېلىكىگە باشلىرىنى قويۇشۇپ

ئۇگدەپ كېلىشمەكتە ئىدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئايال بولۇپ، پەقەت تۆت - بەشلا ئەر بار ئىدى.

— ئادەمنى بولۇشچە سىلىۋەرگەچكە تارتالماي ئاپتوبۇسنىڭ بەللىرى ئېگىلىپ كەتتى، — دېدى ئارقىدىراق ئولتۇرغان، بېشىغا بادام دوپپا كىيگەن يىگىت. ئۇ تاز بولۇپ ساقايغان بولسا كېرەك، بېشى گەدەنلىرىگىچە خۇددى تولا يۇيۇپ ئۆڭۈپ كەتكەن كونا ئەتلەستەك ئالا - بۇلماچ ئىدى.

— ئاپتوبۇسنىڭ مېڭىشى شۇ بولسىچا قالغىنى خۇدايىمغا ئامانەت... — ئۇ ھۇرۇنلۇق بىلەن گەدىنىنى قاشلىدى. كىشىلەر بىر - بىرلەپ كۆزلىرىنى ئېچىشتى.

— ياھەزرەت...! ئەجەبمۇ بولغىلى تۇردى بۇ ئىسسىقمۇ، تازنىڭ تۇمىقىدەك قورۇلۇپ قالدىغۇ كىشى...، — دەپ ۋايسىدى بالىسىنى ئېمىتىپ ئولتۇرغان چوكان. بۇ چوكاننىڭ سۆزى بىلەن تەڭ ھەممە كىشى ھېلىقى ئالاگەدەن يىگىتكە قاراشتى. ئىسسىق ۋە زېرىكىشتىن تۇنجۇققان ئادەملەرگە ئەمەك تېپىلغانىدى.

ئۇ يىگىت كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە نېمە ئۈچۈن قاراشقانلىقىنى سىزىپ بىردىنلا بېشىدىكى بادام دوپپىنى ئېلىۋەتتى - دە، كۆپچىلىككە «مانا مەن كۆردۈڭلارمۇ» دېگەندەك ھىجىيىپ قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بېشى قۇمداپ تازىلىغان مىس چۆگۈندەك پارقىراپ تۇراتتى. يېنىك مىجەزرەك بىر نەچچەيلەن ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى.

— ۋاي خۇدايىمەي! ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى ژىن پۇراپ كەتتى. كىيىڭە دوپپىڭىزنى ئۇكام، — دېدى بايىقى بالا ئېمىتىپ ئولتۇرغان چوكان يىگىتكە قاراپ كۈلۈپ.

— كۈن تۇتۇلۇپ يامغۇر قۇيۇۋېتىدۇ ھېلى! كىيە دوپپاڭنى! — دېدى چاقچاق قىلىپ كىمدۇر بىرى ئالدى تەرەپتىن.

— نېمە دەيلا خان ئاچا، — دېدى تازچاق خۇش خۇي ئاۋازدا، — مېنى ھەرقايسىلىرى تاز دېمەكچىمۇ؟ سىلىگە تاز كۆرۈنگەن بىلەن بىچارە ئانام مېنى «ئالتۇنباش بالام، كۈمۈش كوكۇلا بالام» دەيدۇ دېسىلە، ھا، ھا! — ئۇ كۈلگەندە پىستە كۆزلىرى

قىسىلىپ، سېمىز ھەم پاناقراق بۇرنى تۇرۇلۇپ كەتتى.

— تېخى مۇنداق دەڭ...

— ھەببەللى شۇنداق! ئۆزلىرىگە ھېزى بولسىلا ئاچا... ئې-تەكلىرى ياغلاشتى...، — دېدى تازچاق چوكاننىڭ قوچىقىدىكى بالىنى كۆرسىتىپ، راست دېگەندەك، چوكاننىڭ بالىسى ئاپىسىنىڭ ئېتىكىگىلا سۈيۈق چىقىرىۋەتكەنىدى. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىنى ئېچىغان سۈتنىڭ قاڭسىق پۇرىقى قاپلىدى. خىجىل بولغان چوكان ئالدىراپ بېسىقتۇرۇشقا كىرىشتى.

— خەقنى «ژىن پۇراپ كەتتى» دەيدىلا، كىشىنى قىستاشلىرى يەتمىگەندەك دېمىمىزنى سىققىلى تۇردىلا، گەپ قىلغاندا ئۆزلىرىگىمۇ پىشكە ئېلىپ قالسىلىچۇ؟! — دەپ غوتۇلدىدى بۇ چوكانغا ياندىشىپ ئولتۇرغان خۇما كۆزلۈك، قاراقاش، قاڭشالىق، چىرايلىق ئايال زەردە بىلەن. چوكان ۋىللىدە قىزاردى.

— سېسىق بولسا سىلىنى بۇ يەرگە باغاق ئەۋەتىپ چىللىدىمۇ؟ ئولتۇرمىسىلا بولمامدۇ ئەمىسە؟ بۇ دېگەن كىچىك بالا تۇرسا...

چىرايلىق ئايال چوكانغا قاراپ بىردىنلا ھۇرپەيدى.

— كىچىك بالا؟ باشقا ئادەم بالا تۇغمىغان قىسىر بايتال ئەمەس! بېقىشنى بىلسە تۇغسۇن...، — ئۇنىڭ چىرايىدىن زەھەرلىك مەسخى-رە چىقىپ تۇراتتى، — ئولتۇرمىسىلامىش! مەنمۇ باشقىلار سانىغان «تاراق - تۇرۇق» نى ساناپ بېرىپ چىققان، نېمىشقا ئولتۇرمايدىكەن-مەن؟ مېنى «ئولتۇرما» دەيدىغان ئاچىلىرى ھەلەپ يېمەيدۇ!

— سىلى سانىغاننى مەنمۇ سانىغان! سېسامدۇ - پۇرامدۇ كارد-لىرى نېمە؟ تولا ۋاتتاڭشىۋەرمىسىلە! — دېدى چوكان بالىسىنىڭ تېگىنى قۇرۇقداۋېتىپ، — مەنمۇ سىلىگىچۇ توققۇزتولۇقتا مۇچ تېتى-غاندەك تېتىپ ئولتۇرىمەن، قانداق؟ — ئىككى ئايال مېكىيانلاردەك ھۇرپىيىشىپ گۆلىيىشتى، بوۋاق چىرقىراپ يىغلىۋەتتى.

— بوشراق تۇۋلاپ، گەپنى ئازراق قىلىڭلار، خان ئاچىلار، ھېلى كانىيىڭلاردا نەم قالماي ئۆپكەڭلار سولىشىپ قالىدۇ! — دېدى ھېلىقى تازچاق ئۇلارغا.

— ئىنساپ، مۇسۇلمانلار ئىنساپ! — دېدى ئوڭ يان تەرەپتە ئولتۇرغان ئاۋاقىنىنا كەلگەن، كەكە ساقال، موللا چىراي بىر قېرى كىشى مۇگدەشتىن قىزارغان كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، — ئاخىرەتتە بىزگە تېگىدىغىنى پەقەت ئىككى سويام يەر. بىر - بىرىمىزگە ئىزا قىلىشمايلى ...، — ئۇ كىشىنىڭ ئاۋازى خۇددى ناخشا ئېيتقاندەك تىترەپ چىقاتتى.

— قولىدىكىنى باشقۇرۇپ ئولتۇرسۇندە كىم بولسا! ئۇنىڭسىزمۇ ئاپتوبۇسنىڭ چايقىشىدىن ئۇپكەم سوغۇرۇلۇپ چىقاي دەۋاتىدۇ.

— خەپشۇك! — دېدى موللا كىشى چىرايلىق ئايالغا قاراپ، — نارەسىدە، ھېچ گۇناھ يوق! ھەممىمىزنىڭ پەرزەنتى بار ئەمەسمۇ؟ سەل بىتاپ ئوخشايدۇ!...

— بالامغا ئىسسىق ئۆتتىمىكىن، ئىچى سۈرۈپ ھېچ ...، — دېدى چوكان موللا كىشىنىڭ تەسەللىسى بىلەن پەسكويىغا چۈشۈپ، موللا كىشى چىرايلىق ئايالغا:

— رومىلىڭنى باغلىۋال قىزىم، يامان بولىدۇ، خوتۇن خەق بېشىنى ئوچۇق قويسا بەك گۇناھ بولىدۇ، — دېدى.

چىرايلىق ئايال بېشىدا زادىلا تۇرمايۋاتقان ياغلىقىنى ئالدىراپ ئوڭشىدى.

ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى سەل جىمىقتى.

* * *

كۆن بارغانسېرى قىزدۇرۇپ باراتتى. چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان بۇ چۆللۈكتە يا ئادەمزات ياكى ئۇچار قاناتتىن ئەسەر يوق. پەقەت ئۆركەشلەپ تۇرغان دېڭىزنىڭ غايەت زور دولقۇنلىرىنى ئەسلىتىدىغان قۇم بارخانلىرى بىلەن شۇ بارخانلاردا ئاندا - ساندا ئۈسۈپ قالغان قەيسەر ئۆسۈملۈك — يۇلغۇن توپلىرى بۇ ئوتلۇق دەشتتە بىردىنبىر ھايات بەلگىسى سۈپىتىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

«قۇم ئېقىنىدىن ساق - سالامەت ئۆتۈۋالمىغۇچە توختاش مۇم-

كىن ئەمەس، مەھكەم بول ئوسمان، سەن بىر ئۆزۈڭ ئەمەسسەن، 20 - 30 كىشىنىڭ ھاياتى ساڭا تاپشۇرۇلغان، سەللا بوشاشساڭ ئورنۇڭدىن تۇرالمايسەن، شۇ چاغدا تونۇردەك قىزىۋالغان بۇ دەشتتە بۇ بىر ئاپتوبۇس ئادەم سۇسىز، ئوزۇقسىز تاشلىنىپ قالىدۇ، چىدا! غەيرىتىڭگە ئال!» دەپ پىچىرلايتتى شوپۇر ئۆز - ئۆزىگە، قانداقتۇر بىر نەرسە ئۇنىڭ قورسىقىنى قاماللاپ، يۈرىكىنى ئاستىغا تارتىۋاتقاندەك كۆڭلى ئېلىشىپ، بېشى قېيىپ، كۆزى تورلاشماقتا ئىدى. ئۇ پىچاق بىلەن قوچۇۋاتقاندەك سانجىپ ئاغرىۋاتقان ئوڭ بېقىنىنى قولى بىلەن بېسىۋالدى. ئۇنىڭ مەيدىسى ئۆرۈلگەندەك بولدى - دە، دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئازراق قەي قىلىۋەتتى. ئۇ ئاغزى - بۇرۇنلىرىنى سۈرتۈپ، ئىسسىققا بەس كېلەلمەي ئويغىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىنى تاشلاپ پىشىلداپ ئولتۇرغان ئوغلىغا خاۋاتىرلەنگەن ھالدا قاراپ قويۇپ گازنى كۈچەپ باستى.

— ئالدىمىزدا چوڭ قۇملۇققا كىرىمىز، ئەگەر ئاپتوبۇس توختاپ قالغۇدەك بولسا شال بېسىشقا تەييارلىنىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى شوپۇر يولۇچىلارغا قاراپ.

ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە بولۇۋاتقان ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن ھېچنېمىنى ئاڭلاپ بولمايتتى. يولۇچىلار شوپۇرنىڭ نېمىدەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭقىرالمىدى. تازچاق قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي نېمىدۇر بىر نەرسە ئۈستىدە ھېكايە قىلاتتى. زېرىككىشتىن ئىچى سىقىلغان ئادەملەر پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلگەنىدى.

ئاپتوبۇستا قاقاقلىغان كۈلكە ساداسى ياڭرىدى. تازچاق ھېكايىسىنى توختاتتى. ئۇ بىلىكى بىلەن ئېڭىكىنىڭ ئاستىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، چۆرىسى تىتىلىپ، پىلتىسى كۆرۈنۈپ قالغان بادام دوپپىسىنى بېشىغا كىيدى - دە، ئاپتوبۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئادەملەر ماڭىدىغان بوشلۇققا قويۇلغان، ئۈستى سۆگەت تاللىرى بىلەن چۇمكەلگەن سېۋەتكە قولىنى ئۇزاتتى. شۇ چاغدا ئالدى تەرەپتىن بىرسىنىڭ خىرتىلداپ يىغلىغىنى ئاڭلاندى. ئادەملەر كۈلكىدىن توختاپ شۇ ياققا قاراشتى، 45 ياشلاردىكى بىر ئايال يانچۇقلىرىنى

تىتىملاپ يىغلاۋاتاتتى. كىشىلەر ھەيران بولۇپ ئايالغا قاراشتى. ئىنجىقلاپ - پۇشۇلداپ ئولتۇرغان ئىككى قات چوكاننى يۆلەشتۇرۇپ ئولتۇرغان موماي سوراپ قالدى:

— نېمە بولدىلا قېرىندىشىم، نېمىشقا يىغلايلا؟ بىر نەرسىلىرى يىتكەن ئوخشىمامدۇ؟

— ئاران تېرىپ - تۆشكەن 30 كوي پۇلۇم بار ئىدى...

يوق تۇرىدۇ، — ھېلىقى ئايال ئېسەدەپ يىغلىغىنىچە جاۋاب بەردى.

— تېخى ئەتىگەن بىكەتتە بىلەت ئالغان چاغدا بار ئىدى. ئاپتوبۇسقا چىققۇچە ئارىلىقتا... بىردەمنىڭ ئىچىدە...، — ئۇ ئايالنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى.

ھېلىقى موماي ئېغىر بىر تىنىدى - دە، بېشىنى چايقاپ دېدى:

— بىر قـارا بېسىپـتـىـلۇ - دە، بىچـارە! قـارىـمـىـامـدىغـان بۇ نەسلىكنى...

— چۆشۈپ قالامدۇ؟ بىرى سوقۇۋالغان گەپ...، — دېدى قارا چوقۇر ئايال.

— قانداق نائىنساپنىڭ قىلغان ئىشىدۇ - ھە؟ — دېدى بايىقى موللا كىشى خىرقىرىغان تىترەك ئاۋازدا، — كىشىنىڭ ھەققىنى يەۋالغان ھارام تاماق، ئۇ دۇنياغا بارغاندا نېمىمۇ دەر!

يىغلاۋاتقان ھېلىقى ئايال ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ياش يۇقى كۆزلە-رى بىلەن ھېلىقى تازچاققا «لاپپىدە» قارىدى ۋە:

— بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى قولى باغلىنىپ، ئەل - جامائەت ئىچىدە پەشتاختىدا لەت بولار ئىلاھىم! — دېدى - دە، ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن يىشىنى سۈرتۈپ ئېغىر تىنىدى. تازچاق دېرىزە كۆزنىكى-دىن بېشىنى سىرتقا چىقىرىپ، بەخىرامان ھالدا قولىدىكى شاپتۇلنى يەپ مەززە قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئاخىرقى بىر تال شاپتۇلنى پۈۋلە-ۋېتىپ، ئوتتۇرىدىن ياردى ۋە ئۇرۇقچىسىنى تاشلىۋېتىپ ئاغزىغا سالدى - دە، دېرىزىدىن بېشىنى تارتىپ شاپتۇلنى چاينىغىنىچە قولە-نى يەنە ھېلىقى سىۋەتكە ئۇزاتتى.

بۇ ۋاقىتتا چۆلنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپى قارا سىرىق تۇمانلە-

شىشقا باشلىغانىدى.
— ئىم ... قارا بورانغا قالىدىغان بولدۇقمۇ نېمە؟ — دېدى
باياتىن بىرى ھېچ نەرسىگە قولاق سالماي بارماقلىرىنى پۈكۈپ نېمە-
دۇر بىر نەرسىنىڭ ھېسابىنى چىقىرالماي پىچىرلاپ ئولتۇرغان دېھ-
قان يىراقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاڭ - توزانغا قاراپ.
ھەممەيلەن جىمجىت ھالدا يىراققا كۆز تىكىشتى. چۆلنىڭ كۈن-
پېتىش تەرىپى ئاسماننىڭ يېرىمى بىلەن قوشۇلۇپ قارىيىپ بارماقتا
ئىدى.
— خۇدايىم ساقلا ... ئېغىزلىرىنى ئۇششۇتمىسىلا، — دېدى
كىمدۇر بىر ئايال جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.
— مەن بوراننى تىلەۋاتمايمەن تۇغقىنىم ...، — دېدى دېھقان
گەپ قىلغان ئايالغا قاراپ، — قارىماسىلەر، يىراقتىن بوغۇناق
كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ. ھېلىتىن غولدىغىلى تۇردى. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۇپا-
يە! مانا توپا پۇراۋاتىدۇ. بۇ قارا بوراننىڭ شەپىسى، مۇبادا ...، —
دېھقان بېشىنى چايقاپ گېپىنى توختىتىۋالدى. كىشىلەرنىڭ چىرايى-
نى بىردىنلا تەشۋىش قاپلىدى. ئۇلار بىئارامىلىق ئىچىدە، بارغانسېرى
ئۇلغىيىۋاتقان چاڭ - توزانغا كۆز تىكىشتى.
— بوران بولسا نېمە بوپتۇ؟ تۆمۈر ساندۇقنىڭ ئىچىدە ئولتۇر-
غاندەك كېتىپ بارمامدۇق؟ — دېدى قوۋۇزىنى كۆپتۈرۈپ شاپتۇل
چايناپ ئولتۇرغان تازچاق بىغەملىك بىلەن.
ئۇنىڭ ھېچ ئىلتىپات - سوراقسىزلا سېۋەتىدىكى شاپتۇلىنى يەپ
ئولتۇرغىنىنى ئەمدىرەك كۆرگەن دېھقاننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ
كەتتى. ئۇ ئالدىراپ سېۋەتنى يېنىغا تارتىپ سېۋەتتىكى شاپتۇلغا
قارىدى. ئاندىن تازچاققا زەردە بىلەن ئالايدى:
— نېمانچە قىتمال نېمە ئۆزۈڭ؟ كولاشتۇرۇپ يەپ بولغىلى
تۇرۇپسەنغۇ؟ — دېھقاننىڭ بۇرۇن كۆمۈرچىكى لىپىلداپ، ساقال -
بۇرۇتلىرى تىترەپ كەتتى.
— نېمانچە سىكى - پىياز ئادەمسىزاۋا، — دېدى تازچاق تەرىنى
بۇزماي تۇرۇپ، — تېرىقنى ئۇشكە بىلەن تېشىپ مېغىزىنى ئالىدىغان

ئادەم ئوخشايسىز ...، — ئۇ ئالىقىنىنى بىلەن ئېغىزىنى سۈرتۈۋەتتى، — ئىككى تال يېمىشنىنى يەپ قويسام بۇرۇتلىرى دىڭگىيىپ، بۇرنى كۆكىرىپ كەتتا؟ — ئۇ ھىجىيىپ قويۇپ دولىسىنى چىقاردى.

— چولۇڭ داداڭنىڭ مىراس قالغان شاپتۇللۇقىنىڭ شاپتۇلى دەپ ئويلىۋىدىڭمۇ؟ — دېدى دېھقان تازچاققا ھۈرپىيىپ، — قەلەمتىراچتەك پۈكۈلۈپ كەتمەن چېپىپ ئاران ئۆستۈرگەنمەن! ئوغرى بولسالىڭ يەرگە باق دەيدۇ. ئىزا تارتماي ھېچ سوراقسىزلا شاپتۇلنى يەۋېلىپ، يەنە مېنى سىكى - پىياز دەيسىنا تېخى!

— كىشىنىڭ نەرسىسىدە نېمە ھەققىڭ ئۇكا! خاپا بولمىسىلا دېمەمسەن؟ — دېدى ئاپتوبۇسقا چىققاندىن بېرى گەپكە قوشۇلماي ئولتۇرغان 45 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى ئىشچى سۈپەت كىشى بەخىرامان ھىجىيىپ ئولتۇرغان تازچاققا قاراپ، ئۇنىڭ يېنىدا بىر تال قولتۇق تايىقى يۆلەكلىك تۇراتتى.

تازچاق جىم بولۇپ سىرتقا قارىۋالدى. دېھقانمۇ سەل بېسىقتى. ھاۋا تۇتۇلۇشقا باشلىدى، بىردىنلا كۆتۈرۈلگەن قاتتىق شامال ھەدېگەندىلا دېرىزە ئەينەكلىرىدىن قۇم توزانلىرىنى ئۇچۇرتۇپ كىرمەكتە ئىدى. كىشىلەر ئالدىراپ - تېنەپ دېرىزە ئەينەكلىرىنى چىقىرىشتى.

— دېمىدىممۇ، چۆل ئاخىر چۆللۈكىنى قىلدى - دە! — دېدى دېھقان كىشى ئېڭىكىنى تاتلاپ غەشلىك ئىچىدە ئېغىر خورسىنىپ.

دېھقاننىڭ گېپىنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلە - ئۈزۈلمەيلا بىر خىل سۈرئەتتە كېتىۋاتقان ئاپتوبۇس تۇيۇقسىز يولدىن چىقىپ قىڭغىيىپ توختاپ قالدى. ئۆز خىيالى بىلەن ئولتۇرغان ئادەملەر چۆچۈپ چۇرقىراشتى.

— ۋاي بولمىدى! شوپۇر يىقىلىپ قالدى! — دەپ ئەنسىز توۋلىۋەتتى ئاپتوبۇسنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئولتۇرغان بىر ئايال، كىشىلەر ئەندىكىش ئىچىدە ئاپتوبۇسنىڭ كابىنكىسىغا تىكىلىشتى. ھەقىقەتەنمۇ شوپۇر كاپۇتنىڭ ئۈستىدە دۈم ياتاتتى. ئىشچى دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، قولتۇق تايىقىغا تايانغان ھالدا، كابىنكىنىڭ ئىشىكىگە

قاراپ ماڭدى . ئۇنىڭ سول پۇتى تىزىنىڭ تۆۋەنرەك يېرىدىن كېسىۋې-
تىلگەن بولۇپ ، بوغۇپ قويغان ئىشتىنى پۇلاڭلاپ تۇراتتى . ئۇ كابىنى-
كا بىلەن كوزوۋپ ئارىلىقىدىكى ئىشىكنىڭ ئەينىكىدىن قارىدى ـ دە ،
شوپۇرنىڭ يېنىدا ئىزتىراپ بولۇۋاتقان بالىغا ئىشارەت قىلىپ ئەينەك-
نى چەكتى . بالا ئىشىكنى ئاچتى . ئىشچى ئىشىكتىن قىسىلىپ ئالدى-
راپ كابىنكىغا كىردى .

— نېمە بولدى ، ئۇستام ؟ !

شوپۇر جاۋاب بەرمىدى ، ئۇ كاپۇتنىڭ ئۇستىگىلا قىڭغىيىپ يىقىلغان پېتى ئىككى قولى بىلەن قورسىقىنى قاماللاپ تۇگۇلۇپ ياتاتتى . ئىشچى شوپۇرنىڭ مۇرىسىدىن تارتىپ ئۆرۈدى :

— نېمە بولدى ئۇستام ؟ بىر يەرلىرى ئاغرىمدۇ ؟ ...

— قو ... قو ... قورسىقىم ... ئىھ ... ، — دەپ ئىڭرىدى شوپۇر كۆزىنى ئاچماي ھالسىزغىنا ، ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچى ۋە چۆرىسى سارغىيىپ ، كالپۇكلىرى كۆكىرىپ كەتكەنىدى . ئىشچى شوپۇرنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇۋىدى . ئۇنىڭ پېشانىسى مۇزدەك تەرلەپ كېتىپتۇ . بالا خىرتىلداپ يىغلىۋەتتى .

— بۇ كىشى داداڭ بولامدۇ بالام ؟ — دەپ سورىدى ئىشچى . بالا مىشىلداپ يىغلىغىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى .

— داداڭنىڭ قورسىقى قاچاندىن بېرى ئاغرىغان ؟

— تۈنۈگۈن ئاخشام ... ، — دېدى بالا يىغلاپ تۇرۇپ ، — قورسىقىم ئاغرىۋاتىدۇ دېگەنتى ... ئەتىگەندىن بېرى ئىنجىقلاپ قۇسۇپ كەلدى ، — بالا ئېسەدەپ گەپ قىلالمىدى . ئىشچى لېۋىنى چىشلىگىنىچە ئۈنسىز تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ ، قولتۇق تايىقىنىڭ تەگىسىنى تۇتقان قولى ئاقىرىپ كەتتى .

سىرتتىكى كۈچلۈك شامال ئەمدى بورانغا ئايلانغانىدى . ئاپتو-
بۇس قوم ـ چاڭلىرىنىڭ ئىچىدە قالدى . ئىشىكتىن موللام بىلەن
دېھقان كىرىپ كېلىشتى .

— شوپۇرنى ئاستا يۆلەيلى ، — دېدى ئىشچى ئۇلارغا . ئۇچەيلەن شوپۇرنى ئاستا يۆلەشتۈرۈپ ، كاپۇتنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بوشلۇققا

ئۇنىڭ يوتقان ـ كۆرپىسىنى سىلىپ يانقوزۇشتى ، شوپۇر بىھوش تۇگۈلۈپ ياتاتتى . ئىشچى ئېغىر تىندى :

— سوقۇر ئۇچىيى يېرىلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ . بىزنىڭ سىختا بىرەيلەن شۇنداق بولغانىدى ... ئالتە سائەت ئىچىدە ئوپېراتسىيە قىلىپ قۇتقۇزۇۋالمىسا چاتاق ... دوختۇردىن ئاڭلىۋىدىم ... ، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ .

— خۇدايىم ساقلا ... ، — دېدى موللام كۆل رەڭ ساقىلىنى تۇتاملاپ تىترەك ئاۋازدا .

— ئەمدى ماشىنىنى كىممۇ ھەيدە ـ ؟ مۇشۇ قارا بوراندا چۆلدە قالارمىزمۇ ؟

— قوزغالماي بىر ئىزنىمىزدا تۇرىۋەرسەك بىر چۈگۈن چاي قاينىغۇچىلىك ئارىلىقتا بىزنى ئاقما قۇم كۆمىۋېتىدۇ . تۇغقانلار ... ، — دېدى دېھقان ئۈمىدسىز ئاھاڭدا . موللامنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى .

— خۇدايىم بىر يولىنى ئېچىپ بەرسە ، ئۇنداق دېمىسىلە ... ، — دېدى ئۇ قورقۇمسىراپ ، دېھقان ۋە موللام باشلىرىنى چايقىشىپ ، كوزۇپقا چىقىپ كېتىشتى . ئىشچى قاشلىرىنى يىمىرگىنىچە سىرتقا تىكىلىپ خىيالغا پېتىپ تۇرۇپ قالدى .

بۇ تەنھا ئاپتوبۇستىكى بەختسىز يولۇچىلار دەل قۇم ئېقىنىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا قارا بوراننىڭ قورشاۋىدا قالغانىدى . كۈن پانماي تۇرۇپ جاھان قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى . بارغانسېرى ئاينىۋاتقان بوران ئاپتوبۇسقا بىر خىل تەلۋە كۈچ بىلەن كېلىپ ئۇرۇلاتتى . ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزە يوچۇقلىرىدىن قۇم ـ توپا قۇيۇلماقتا . بۇ يەردىكى ئادەملەر شۇ تاپتا گويا ئادەمزات دۇنياسىدىن پۈتۈنلەي ئالاقىسى ئۈزۈلگەندەك ئىدى . بىر خىل مۇدھىش ، يېتىمسىرەش سېزىمى ئۇلارنىڭ ھېسسىنى بوغاتتى .

ئىشچى مۇشتىنى تۈگۈپ ، قولىنى چىشلىدى . ئۇنىڭ چوڭ كۆزلىرىدە تۇۋۇ يوق ئەندىشە ، بىئاراملىق ، تىت ـ تىتلىق ئەكس ئېتەتتى . دېھقاننىڭ ئېيتقىنى ھەق ئىدى . ئەگەر بۇ يەردىن بىر ئامال

قىلىپ چىقىپ كەتمىسە، ئۇ چاغدا نېمە بولۇشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. لېكىن، يولۇچىلارنىڭ ئىچىدە ماشىنىنىڭ تىلىنى بىلگۈدەك بىرەر كىشى تېپىلىدىغاندەك ئەمەس، ئۇ ئەلەم بىلەن چوڭقۇر نەپەس ئالدى ـ دە، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ پېشانىسىنى تاتىلىدى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا يېرىم بىھوش هالدا ئىنىجىقلاپ ياتقان دادىسىنىڭ قوللىرىنى سىيلاپ يىغلاپ ئولتۇرغان بالىغا ئاغدى. ئۇ كۆڭلىگە نېمىدۇر كەچكەندەك بالىدىن ئالدىراپ سورىدى:

— بالام سەن ماشىنا هەيدەشنى بىلەمسەن؟

بالا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇ كىشىگە قارىدى ـ دە، ئۈنسىزلا بېشىنى لىڭشىتتى. ئىشچى يېنىك بىر تىنىدى ۋە بالىغا يېقىنلىشىپ سورىدى:

— ئاپتوبۇسمۇ هەيدەپ باققانمۇ ئوغلۇم؟

— هەئە! ... دادام بىلەن بىللە يولغا چىقىپ يۈرۈپ ... هەيدىگەنىدىم ... دادام چوڭ بولساڭ شوپۇر بولىسەن دەپ ئۆگىتىپ قويغان، — دېدى بالا بۇرنىنى تارتىپ قويۇپ.

ئىشچىنىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ كاپۇتقا تايىنىپ تۇرۇپ بالىغا قاراپ تۇرۇپ دېدى:

— ئوغلۇم، بۇ يەردە تۇرۇۋەرسەك بەك خەتەرلىك! هېلىلا قوم بىزگە چاتاق سالىدۇ. داداڭنىڭ كېسىلىمۇ ئېغىر ئىكەن، دەرهال قۇتقۇزۇش كېرەك! ئاپتوبۇستا يەنە بويى ئېغىرلىشىپ قالغان بىر ئايالمۇ بار، ئۇ ئايالنىڭ ئەهۋالىمۇ بەك ئېغىر ...، — ئۇ كوزۇپ تەرەپكە قاراپ قويدى، — شۇنچە ئادەم قاراپ تۇرۇپ تۈگەشمەيلى، ئاپتوبۇسنى سەن هەيدىگىن، قوم ئېقىمىدىن تېزرەك چىقىپ كېتەيلى ... قوم ئېقىمىدىنلا چىقىۋالساق، ئالدىمىزدىكى ناهىيە بازىرىغا 40 نەچچە كىلومېتىر يول قالىدۇ. بىردەمدىلا يېتىپ بارىمىز ـ دە، داداڭ ۋە ئاۋۇ ئايالنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىمىز ... قانداق؟ — ئۇنىڭ چىرايىدىن تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئۈمىد تېشىغا تېپىپ تۇراتتى. بالا يىغىدىن توختاپ ئويلىنىپ قالدى.

— بوران بەك قاتتىق، قورقىمەن ...، — دېدى بالا ئالىقىنى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ.

ئىشچى بالىنىڭ مۈرىسىنى ئاستا تۇتتى.

— كېرەك يوق ئوغلۇم، مەن سېنىڭ يېنىڭدا ئولتۇرىمەن. ھەرگىز قورقما! ئاستىراق ماڭساڭلا ھېچ ۋەقەسى يوق! سەن ئوغۇل بالىغۇ؟ — دېدى ئۇ بالىغا مېھرىلىك قاراپ مۇلايىم ئاۋازدا.

— نېمە دەيدۇ بۇ ئادەم! مۇشتەك بالا قانداق ماشىنا ھەيدەيدۇ؟ — ھەممىدىن بۇرۇن تۇۋلىۋەتتى قارا قاش، چىرايلىق ئايال كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ چىرقىراق ئاۋازدا.

— بۇ يەردە ئولتۇرغانلار ئاختامىنىڭ داڭگىلى ئەمەس، نەچچە باش ئادەم بىز! قۇشقاچتەرەك ئۆسمە بالا ئالىمادىس ماشىنىنى ئۆڭتۈرۈۋەتسە، ئۇ چاغدا بىز نېمە بولىمىز؟ — دېدى دېھقان ئۇ ئايالنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.

— نېمە بولاتتۇق ئاكا، ھەممىدىن ئاۋۋال سىزنىڭ سىۋىتىڭىزدىكى ماڭا يېگۈزمىگەن شاپتۇلىڭىز مىجىلىدۇ، ئاندىن كېيىن سىز، سىزنىڭ ئارقىڭىزدىن مەن ئاشۇ شاپتۇلدەك «ماككىدە» ماكچىيىمىز! ھا! ھا! ھا!...

بۇ ھېلىقى تازچاق يىگىت ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاچچىق بىلەن ئالىيىپ قويۇشتى.

— ئۇ بالىڭىز ماشىنا ھەيدەيدىغان بولسا، ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كېتىمىز! نېمە بولساق دەسسەپ تۇرۇپ يەردە بولىلى، ئانىمىزمۇ بىزنى يەرگە تۇغقان! — دېدى كىمدۇر بىرى بار كۈچى بىلەن ۋارقىراپ.

— باياتىن بېرى دىڭگوسلاپ يۈرسىڭىز، بىزگە بىر يول تاپىدىغان چېغى دەپتۇق، — دېدى تازچاق گاھ قىزىرىپ، گاھ تاتىرىپ تۇرغان ئىشچىغا قاراپ ۋارقىراپ، — دۇنيادا مەنلا ئەخمەقمەنمىكىن دېسەم مەندىنمۇ ئۆتە ئەخمەقكەنسىز ئاكاۋا! نەدىكى بىر كىسىلدەككە بىزنىڭ جېنىمىزنى تۇتقۇزۇپ قويغۇسى بار تېخى...

— جىم بولۇڭلار دۇغقانلار! مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار! — ئىشچىنىڭ ئاۋازى كەسكىن ياڭرىدى، چىرايى قەتئىيلىك تۈسىنى ئالدى، — ئەگەر بۇ بالىنىڭ ماشىنا ھەيدىشىگە ناقايىل

بولساڭلار ئۇ چاغدا ئاپتوبۇس ھەش - پەش دېگۈچە قۇمنىڭ ئاستىدا قالىدۇ! بۇ يەردىن پىيادە چىقىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس، ئارىمىزدا قېرى - چۆرى، كېسەل، مېيىپلەر بار، جىددىي قۇتقۇزمىسا بولمايدىغان ئىككى كىشى بار! قېنى بۇلارنى تاشلاپ كېتىشكە قايسىڭلار چىدايسىلەر؟ سىلەر ئاپتوبۇستىن چۈشكەن تەقدىردىمۇ ئون قەدەم نېرى بارماي يىقىلىسىلەر! مۇشۇنداق دەتالاش قىلىپ، قاچانغىچە ئولتۇرىمىز؟ يەنە ۋاقىتنى زايە قىلساق ياكى ھەدېمەيلا قۇمغا كۆمۈلۈپ تۇنجۇقۇپ ئۆلىمىز، يا بولمىسا بۇ ئوتلۇق چۆلدە ئاچلىق، ھوشسىزلىقتىن چاڭقاپ ئۆلىمىز! ...، — ئىشچى بەكمۇ ھاياجانلانغانىدى. كىشىلەر سۈكۈتتە قالدى.

— سۇ بولمىسا، مۇنۇ چىڭگىز ئاكامنىڭ شاپتۇلى بار! — دەپ تۇۋلىدى تازچاق سېۋەتنى كۆرسىتىپ، ئۇ دېھقانغا قاراپ مىيىقىنى قىيسايتىپ، كۆزىنى قىستى.

— ئۆزۈڭنىڭ دادىسىدەك ئادەمنى زاڭلىق قىلما يىگىت! — دېدى موللام ئۇنىڭغا قاراپ، — ئىنساپ كېرەك بالا. شەرم - ھايا كېرەك!

— ھېلىغۇ بۇ ئادەمكەن موللام، — دېدى تازچاق كۈلۈپ، — شۇ تاپتا ماڭا ئوخشاش سورۇقچىلىقتا تۇغۇلغان، خەسچىلىك قەدرى يوق، ماكانسىز، سوكۇلداپ يۈرىدىغان دۇررەكنى تاپقىنى ئۈچۈن، ئالتۇنباش دادام كەلسىمۇ زاڭلىق قىلاتتىم كاساپەتنى. ھا ... ھا ... ھا ...، — تازچاق ئاۋازىنى قويۇپ كۈلۈۋەتتى. كىشىلەر ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرەشتى. تازچاق ھېلىقى ئىشچىغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ ھىجايدى. ئۇ شۇ تاپتا جان قايغۇسىدا قالغان بۇ كىشىلەرنىڭ بىر مىنۇتقا بولسىمۇ كۆڭلىنى كۆتۈرەلىگىنى ئۈچۈن پەخىرلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئەھۋال شۇنداق! — ئۇزۇلۇپ قالغان سۆزىنى داۋام قىلدى ئىشچى كۈلكىدىن توختاپ چىرايلىرىغا يەنە قايغۇ ياماشقان كىشىلەرگە قاراپ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن، — ھەممىمىز بىكارلا ئۆلۈپ كېتىشنى خالىمايمىز! ھەممىمىزنىڭ ياشىغۇسى كېلىدۇ! ئەمما، بۇ

يەردە بىر سائەت ئارتۇق تۇرۇپ قېلىش ئۆلۈمنى كۈتۈش دېگەن سۆز ! مۇبادا بالىنىڭ ماشىنا ھەيدىشىگە ئۇنىمايۋاتقانلارنىڭ ئىچىدىن بىرەر ئەقىللىق مەسلىھەت چىقسا ئۇمۇ مەيلى ، بۇ يەردىن قۇتۇلۇشنىڭ ياخشىراق چارىسىنى تاپالامسىلەر ؟ كىم تاپالايدۇ ؟ — ئۇ سوئال نەزىرى بىلەن كىشىلەرگە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى . ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى .

— دېمەك ، ھېچكىم يوق ! ئۇنداق بولسا بالا ماشىنىنى ھەيدىسۇن ، بۇ يەردىن ھايالسىز چىقىپ كېتىش كېرەك ! — دېدى ئىشچى كېسىپلا . ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلاپ كەتتى . بىردىنلا موللامىنىڭ تىترەك ئاۋازى ئاڭلاندى :

— ھەرىكەت قىلىش كېرەك تۇغقانلار ... قاراخانىنىڭ زامانىسىدا مۇشۇ ئۇپچۆرىدە كارامەت بىر كاتتا شەھەر بولغانىكەن . بىر كېچىدە تۇيۇقسىز قاتتىق بوران چىقىپ بۇ شەھەرنى قۇم باسقىلى تۇرۇپتۇ ، بۇنىڭغا ھېچكىم ئارا تۇرالماپتۇ ، كىشىلەر قېچىپتۇ ، يىقىلىپتۇ ، يىقىلغانلىرى قۇم ئاستىدا قېلىۋېرىپتۇ ، كىشىلەر يىغا - زارە ئىچىدە بىر - بىرلەپ تىرىك كۆمۈلۈۋېرىپتۇ ، شۇنداق قىلىپ ئۆز ۋاقتىدا مەغرىپتىن مەشرىققىچە داڭقى كەتكەن سەلتەنەتلىك كاتتا شەھەر ھايت - ھۇيت دېگۈچە قۇم ئاستىدا قاپتۇ ... ، — ئادەملەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ، دېمى كېسىلگەندەك بولۇشتى . شۇ تاپتا كىشىلەر دەھشەت ، ۋەھىمىدىن بىر - بىرىنىڭ يۈرەك سوقۇشلىرىنى ئېنىق ئاڭلاۋاتقاندەك ئىدى . موللا كىشى تامىقىنى قىرىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — لېكىن ، بۇ شەھەردە بىر ئەقىللىق بوۋاي بار ئىكەن . ئۇ بىر كەمبەغەل پېقىر كىشى بولۇپ ، ئۇنىڭ بىرلا قېرى ئېشىكى بار ئىكەن . بوۋاي شەھەرنى قۇم باسقىلى تۇرغاندا ھەرگىز تەمتىرەپ كەتمەپتۇ . باشقىلاردەك ئۇيان - بۇيان قېچىپمۇ يۈرمەپتۇ . ئۇ ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ئۇزۇن ياغاچنى قاداپ موما قىلىپتۇ ۋە ئېشىكىنىڭ چۇلۋۇرىنى شۇ مومىغا باغلاپ مومىنى چۆرىدەپ ئېشىكىنى ھەيدەۋېرىپتۇ . بوۋاي بىلەن ئېشەك بىر دەممۇ توختىماي ھەرىكەت قىلىپ ئايىغىنى يۆتكەپ تۇرغاچقا ھويلىغا

ئېقىپ كىرگەن قۇم ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا قېلىۋېرىپتۇ، قۇم ئېگىزلىگەندە، بوۋاي مومىنىمۇ ئېگىزلىتىپتۇ ۋە يەنە چۆرگىلەۋېرىپتۇ، ئاخىر بوران ۋە قۇم توختاپتۇ. تاڭمۇ ئېتىپتۇ. بوۋاي قارىغۇدەك بولسا ئۆزى ۋە ئېشىكى ئىنتايىن ئېگىز بىر قۇم دۆڭىنىڭ ئۈستىدە تۇرغۇدەك، ئەتراپى بولسا پايانسىز قۇملۇققا. ئايلىنىپ كەتكەنمىش، ھېلىقى شەھەر ۋە پۈتكۈل جانىۋارلار ئاشۇ قۇملۇقنىڭ تېگىدە قالغانىكەن. مانا قېرىنداشلار، ھەرىكەتنىڭ خاسىيىتى بەك ئۇلۇغ، ھەرىكەتنىڭ خاسىيىتىدىن شۇ بوۋاي ئامان قالغانىكەن...

بىزمۇ مىدىرلايلى، تېنىمىزدە ماغدۇرىمىز، بېشىمىزدا ھوشىمىز بار چاغدا مىدىرلايلى، «ھەر نېمە قىلساڭ بىر نېمە قىل» دەيدۇ. مەيلى، ئاپتوبۇسنى بالا ھەيدىسۇن، ياخشى مەسلىھەت، ئاللا بىزگە مەدەت قىلىدۇ، مۇشكۇلاتقا تەن بەرمەيدىغان، جىگەرى بار مۇسۇلمانلارغا ئاللا ئەڭ يېقىن...



بالا ماتورنى قىزىتىپ ، ئامپېرلارغا تەكشى قاراپ چىقتى . ئام-
پېرلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغانىدى . ئۇ خوت رىچاكىنى توغرىلاپ ،
گازنى كۆچەيتىپ ، پىدالنى ئاستا - ئاستا قويۇپ بەردى . ئاپتوبۇس
كۆچەنگەندەك قىلدى . بالا گازنى كۆچەيتتى . ئاپتوبۇس بىر - ئىككى
سىلكىندى . لېكىن ، ئورنىدىن قوزغالالمىدى . بوران ئۇچۇرۇپ كەل-
گەن قۇملار چاقنىڭ ئالدىغا دۆۋىلىنىپ ، چاقنى توسۇشقا ئۈلگۈرگەن-
ىدى ، بالا خوت رىچاكىنى دەرھال ئارقا خوت ئورنىغا يۆتكەپ ، ئاكسى-
لاتورنى كاچاتلاپ ، گازنى تېخىمۇ كۆچەيتىپ ، پىدالنى بىراقلا قويۇ-
ۋەتتى . ئاپتوبۇس سىلكىنىپ ، ئارقىغا بىر ئوخچۇپ ، ئىزىدىن قوزغى-
لىپ كەتتى . يۈرىكى ۋەھىمىدىن تىترەپ تۇرغان يولۇچىلار ماشىنى-
نىڭ قاتتىق سىلكىنىشىدىن قورقۇپ چۇرقىراشتى .

ئۇلارنىڭ كۆزلىرى توسۇقنىڭ دېرىزىسىدىن ئارانلا كۆرۈنۈپ
تۇرغان بالىنىڭ كىچىككىنە گەۋدىسىگە تىكىلگەنىدى . گوياكى شۇ
تاپتا بالا ئۇلارنى ئۆلۈمگە ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك بۇلارنىڭ ۋۇجۇدى
ۋەھىمىدىن تىترەپ ، چىرايىدا ئاشكارا قورقۇنچ ، ئۈمىدسىزلىك قې-
تىپ قالغانىدى . ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە تولىمۇ كۆڭۈلسىز ، سۆرۈنلۈك
ھۆكۈم سۈرەتتى .

بوران بارغانسېرى كۈچەيمەكتە . دېرىزە يوچۇقلىرىدىن قۇملار
شىرقىراپ ئۇچۇپ كىرەتتى . چۆل ئاسمىنىنى قاراڭغۇلۇق باسماقتا
ئىدى .

— ئاۋۇ بۇلبۇلجاننى بىر قويۇۋەتمەملا ئاكا ! — دېدى بۇ تۇنجۇ-
قۇشقا چىدىيالمىغان تازچاق ياغاچچىلىق سايمانلىرى بىلەن لىق تولغان
خۇرجۇننى يېنىغا قويۇپ ، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ رادىئونى كۆكرىكىگە
بېسىپ ، غەمكىن قىياپەتتە قاپىقىنى سېلىپ ئولتۇرغان ، ئورۇقلۇقى-
دىن قوۋۇزى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ، سېرىق ساقال كىشىگە قاراپ ،
ئۇ كىشى تازچاققا قارىمايلا بېشىنى كۆڭۈلسىزگىنە ئىرغىتتى .

— «ئېشەك ئۆلۈۋاتسا بىر يېرى غىجەك تارتىپتۇ» دېگەندەك
قانداق گەپ بۇ ؟ — دەپ غۇرتۇلدىدى قارا قاش ، چىرايلىق ئايال
تازچاققا ئالىيىپ ، — قىلىغىلى ئىش تاپالمىغاندەك خەقنى

تە قىلىپ ... ، — ئايال ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ جىم بولدى .

— ئاۋۇ ئادەمگە گەپ قىلسام سىلىگە نېمە تو كەتتى ؟ — دېدى تازچاق كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن قۇلىقىنى كولاپ ، — بىز ئەزرا-ئىلنىڭ ئالدىغا كېتىپ بارمىغاندىن كېيىن ، بىر نېمە دېگەچ ماڭماي-مىزمۇ ، ھە موللىكا ؟ ! — بابا كىشىلەرگە خېلى ئوبدان مەدەت بەرگەن بولسىمۇ ماشىنا قوزغالغاندا قورقۇنچتىن لېۋى لېۋىگە تەگمەي پىچىرلاپ دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇرغان موللام تازچاقنىڭ تۇيۇقسىز چاقىرىشىدىن چۆچۈپ كەتتى .

— تووا ـ ئىستىغپار ئېيت بالا ! جاننىڭ خىيالىنى قىل ... ھازىر چاقچاق قىلىدىغان چاغمۇ ؟ شەيتىنىڭغا ھاي بەر ...

— خىيال دەملا موللىكا ؟ — تازچاق بارمىقىنى قۇلىقىدىن تارتىپ ، ئىشتىنىنىڭ تىزىغا سۈرتتى ، — مەن تۇغۇلغاندىن بېرى قىلغان خىياللىرىمنى مۇشۇ ئاپتوبۇسقا قاچىلىسام ، ئاپتوبۇس تارتال-ماي ئىنجىقلاپ قالىدۇ ، — ئۇنىڭ كۆزلىرى ئويناپ ، شوخ ئۇچقۇنلار چاچرىدى ، — قىلغان خىيالنىڭ تولىلىقىدىن باشلىرىمنىڭ تۈكى چۈشۈپ ، ساتىراشنىڭ ئۇۋىقىدەك غىلتاڭ بولۇپ كەتتى دېسىلە ... ، — ئۇ بېشىدىن دوپپىسىنى يۇلۇۋېلىپ قىپقىزىل پاينەك چوققىسىغا شاپى-لاقلىدى ، ئۇن ـ تىنسىز چەكچىيىپ ئولتۇرغان كىشىلەر ئۆزىنى تۇتالماي «پاراققىدە» كۈلۈشۈپ كەتتى . تازچاقمۇ كۈلۈۋەتتى . ئۇ دوپپىسىنى بېشىغا كىيدى ـ دە ، يېنىك تىنىپ ، ئاپتاپتا قارايغان گۆشلۈك يۈزىنى سىيلاپ ، ئۆزىنى ئەركىلەتكەندەك دېدى ، — ئۇنىمۇ دەيمىز ، بۇنىمۇ دەيمىز تۇغقانلار ، ئادەم دېگەن ئەجەب ياخشى نېمە ئىكەن ، قارىمامسىلەر ، ماۋۇ قىيامەت ـ قايىمدىمۇ جەننەتتە ئولتۇر-غاندەك كۈلۈشۈپ كېتىپ بارغىنىمىزنى ...

ئاپتوبۇس بوراندىن قورقۇپ كەتكەندەك تىترەپ ، تىمىسقىلاپ ، ئارانلا كېتىپ باراتتى . جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىدىن «شوپۇر» بالى-نىڭ گەجگىلىرى قېتىپ ، رول گەردىشىنى تۇتقان قوللىرى ئۇيۇشۇپ قالدى . ئۇ ئاكسىلاتورغا تېگىپ ـ تەگمەي كېتىۋاتقان پۇتلىرىنى تېخىمۇ ئۇزارتىشقا تىرىشىپ پات ـ پات ئالدىغا ئۈمتۈلۈپ سۇرۇلۇپ

قويانتى .

ئاپتوبۇسنىڭ سۈرئىتى بارغانسېرى ئاستىلاشقا باشلىدى . ئاسمان-دىن توپا قويۇلغاندەك ، جىمى ئەتراپ ، ھەتتا يولنىڭ قاسنىقىدا چوخ-چىيىپ تۇرغان زومچەك - زومچەك بارخانلارمۇ بىر دەمنىڭ ئىچىدە كۆزدىن قاچتى ...

— يولنى كۆرەلمىدىم ! — دەپ توۋلىدى بالا ماتورنىڭ ئاۋازىنى بېسىشقا تىرىشىپ ، ئاپتوبۇس بىراقلا ئاستىلاپ قالدى . مۇشۇنداق مېڭىۋەرسە ئاپتوبۇس يولدىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى .

— ئاپتوبۇسنى توختات بالام ! — دېدى شوپۇرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ، يولغا تىكىلىپ ئولتۇرغان ئىشچى تەشۋىش ئارىلاش ، ئىلاجسىزلىق ئىچىدە .

ئاپتوبۇس توختىدى .

—چامىمچە «قوم ئېقىن» دىن چىقىشقا يەنە ئالاھازەل تۆت - بەش كىلومېتىر يول قالدى . ئالدىمىزدىكى ناھىيىگە يەنە 40 كىلومې-تىر قالغان بولسا كېرەك ، — دېدى ئىشچى . ئۇ گېپىنى توختىتىپ ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ كوزۇپتىكىلەرگە بىر قاراپ قويدى ، — بىر ئادەم ئاپتوبۇسنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭسۇن ، كېتىۋاتقىنىمىز كونا تاش-يول ، ئادەمنىڭ پۇتىغا ئانچە - مۇنچە تاش - پاش ئۇرۇلىدۇ . قانداقلا بولمىسۇن ئاپتوبۇسنىڭ بىر جايدا توختاپ قالغىنىدىن ياخشى ، ئاستا بولسىمۇ ھەرىكەت قىلىپ كۆرەيلى .

ئىشچى ھاسا تايىقىنى قولتۇقلاپ ، كوزۇپقا — يولۇچىلارنىڭ يېنىغا چىقتى .

— ھاي يىگىت ، بۇياققا كەل !

ئۇنىڭ كەلسە - كەلمەس چاقچىقى ، تۇگىمەس ھەزىلى بىلەن يەنە كىملەرنىڭدۇر جېنىغا تېگىپ ، ئەمەك قىلىشقا تەييارلىنىپ ئول-تۇرغان تازچاق ئىشچىغا قاراپ قويدىيۇ ، ئۇنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلى-مىغاندەك ئولتۇرىۋەردى .

— ھەي بادام دوپپا ! بۇياققا كەل دەيمەن ، — ئىشچى يەنە تەكرارلىدى .

— كىمنى دەيسىز ئاكا؟ مېنىمۇ؟

— ھە، سېنى!

تازچاق سەل ھەيران بولۇپ، ئورنىدىن ئاستا قوزغالدى.

— ئېزىلەڭگۈلۈك قىلماي، چەبدەس بول! — دېدى ئىشچى ئالدىرىتىپ، تازچاق ئورۇندۇقلار ئارىسىدىكى بوشلۇق بىلەن باشقىلارغا ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ ئۆزىنى چاقىرغان ئىشچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. كىشىلەر شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ تازا تەتۈر ئۇستىخان، قاۋۇل يىگىت ئىكەنلىكىنى بايقاشتى.

— قانداق خىزمەت ئاكا؟ ناخشا توۋلاپ بېرەيمۇ؟ مۇشۇ خەقنى ناخشام بىلەن بولسىمۇ مەلىكە قىلمىسام، كۆزىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرغىنىچە ھېلىلا جېنى چىقىپ كېتىدۇ.

— ياق ئۇكا! ناخشاڭنى كېيىن ئاڭلايمىز، — دېدى ئىشچى جىددىي قىلىپ، — ھازىر ناخشاڭ بىلەن ئەمەس، يىگىتلىك جىگەرىڭ بىلەن بۇ ئادەملەر ئۈچۈن بىر ئىشلىۋەت.

— ئەتتەڭ، — دېدى تازچاق تىلىنى چىكىلدىتىپ، — ناخشامنى بىر ئاڭلىسىڭىز بولاتتى، شۇ چاغدىلا...

— بولدى، ۋاقىت قىس! — دېدى ئىشچى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — چاڭ-توزاندا شوپۇر بالا يولنى كۆرەلمەيۋاتىدۇ، سەن يەرگە چۈشۈپ پۇتۇڭ بىلەن سىيپاشتۇرۇپ، ئاپتوبۇسقا يول باشلىغىن، بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كېتەيلى.

يىگىت بىردىنلا جىم بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ باياتىندىن بېرى ئويناپ تۇرغان كۆزلىرى ئەمدى خىيال تۇمانلىرى بىلەن چاڭلانغانىدى.

— قانداق، يىگىت؟ — ئىشچى ئالدىراپ سورىدى، — ئازنا مەسچىتكە تۈۋرۈك بولغۇدەك ئاشۇ قاۋۇل بەستىڭ بىلەن قورقۇۋاتامسەن؟ مەن ساڭا ئىشەنگىنىم ئۈچۈن سېنى چاقىردىم. ئادەملەرنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە قاراپ تۇرالامسەن؟ ئەگەر ئۆزۈم بېجىرىم بولغان بولسام...، — دېدى ئىشچى ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئەلەم بىلەن كۆز تاشلاپ، ئۇنىڭ ئاۋازى پەسلەپ، گېلى بوغۇلغاندەك بولدى، —

ئەھۋال ئېغىر ئۇكا! بۇنى چۈشەنگىن...

تازچاق بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇ كىشىگە قارىدى. چىرايىمۇ جىددىي تۈس ئالغانىدى.

— ياق ئاكا! قورققىنىم يوق! — تازچاق كۆزىنى بورانلىق چۆلگە ئاغدۇردى، — ماڭىمۇ كىشىلەرنىڭ ھاجىتى چۈشىدىغان كۈن كېلىدىكەن، مېنىڭمۇ خەقلەرگە كېرىكىم بار ئىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم، — دېدى ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىغاندەك، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. قانداقتۇر بىر ئىچكى ھاياجان ئۇنى قوچقانىدى، — مەن نەگىلا بارسام خەقنىڭ مېنى تىللىغىنىنى، زاڭلىق قىلغىنىنى، سەتلىگىنىنى ئاڭلاپ كەلگەنىدىم، بۈگۈن ھەيرانمەن...، — يىگىت گەپ قىلالمىدى.

— سەن ئۆزۈڭمۇ ياخشىلا يىگىت ئىكەنسەنغۇ؟ — دېدى ئىشچى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى ئېلىپ، — مۇشۇنداق چاغدا خەقنىڭ ھاجىتى ساڭا چۈشمەي كىمگە چۈشىدۇ؟ ئادەم ئادەم بىلەنلا ئادەم دېگىنە! — ئىشچىنىڭ ئاۋازىدىن سەمىمىي دوستانىلىك بىلىنىپ تۇراتتى، — يىگىت دېگەننى جەڭگە يارىتقان! مۇشۇ مۈشكۈل چاغدا ھەممىمىزنىڭ كۆزى سەندە! سەن بىزنى خەتەرنىڭ ئىچىدىن يېتىلەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىسەن! ئادەملەرنىڭ ئىشەنچىسىدىنمۇ چوڭ كېلىدىغان نەرسە بارمۇ دۇنيادا، قېنى يۈرىكىڭنى سىلاپ باقە؟! — ئىشچى ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

تازچاق ئىشچىنىڭ دوستانىلىك، ئۈمىد ۋە ئىلھامبەخش نۇرلار ئەكسىلىنىپ تۇرغان كۆزىگە دېدىل قارىدى-دە، قەددىنى رۇسلىدى.

— بولدى، دەتتىكام ئاكا! ئۇشۇقۇم گىردە! سىزنىڭ گەپلىرىڭىز يۈرەككە باردى! شۇ گەپلىرىڭىز ئۈچۈن مۇشۇ خەقنىڭ قۇربانى بولاي! — ئۇ مەيدىسىنى كېرىپ قويدى، — بوران دېگەننىڭ چىشى يوقتۇ؟ ئالماستەك چىشى بولسىمۇ قورقمايمەن!

ئىشچى يېنىك نەپەس ئالدى.

— قېنى ئەمىسە نۆۋەت سېنىڭ!

— خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ ئاكا! قېنى ئۇكىجان ماشىناڭنى

ئوت ئالدۇر! ئاكام بار دەپ قورقماي مېڭىۋەر! — تازچاق ئۆزىگە قىزىقىسىنىپ قاراپ تۇرغان بالىغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى ـ دە، يەرگە سەكرىدى، ئاسماننى كۆمتۈرۈۋېتىدىغاندەك دەھشەت سېلىپ قۇتراۋاتقان بوران ئۇنى شۇ هامان ئۆز قوينىغا ئالدى.

تازچاق بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، ئاپتوبۇسنىڭ ئالدىغا ئۆتتى ـ دە، رولدا تاقەتسىزلىنىپ ئولتۇرغان بالىغا ئىشارەت قىلدى.

بالا ئاپتوبۇسنى ئوت ئالدۇرۇپ، چوڭ چىراغنى ياندۇردى. ئاپتوبۇس ئورنىدىن تەسلىكتە قوزغالدى.

قۇمساڭدا ئىرغاڭلاپ ئاران كېتىۋاتقان ئاپتوبۇس ئۇچۇن ئاشۇ يىگىتنىڭ توختىماي قىمىرلاپ تۇرغان قوپال گەۋدىسى بىردىنبىر نىشان ئىدى. ئۇنىڭ تەسلىكتە باسقان هەربىر قەدىمى مۇشۇ مىنۇتتا گويا ئابتوبۇستىكى ئادەملەر ئۇچۇن هاياتقا ئۇمىد يارىتىپ بەرمەكتە ئىدى...

ئاپتوبۇس دەهشەتلىك بوران قۇتراۋاتقان چەكسىز چۆلدە بەكمۇ ئاستا، لېكىن توختاپ قالماي ۋەھىمە ئىچىدە ئاستا ئۈزۈپ بارماقتا ئىدى.

بىر كىلومېتىر... ئىككى كىلومېتىر...

1983 ـ يىل

## ئىزدىنىش ۋە مەشق

1. بۇ هېكايىدە ئالاهىدە مۇهىتتىكى بىر توپ ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس ئوبرازى جانلىق يارىتىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى قايسى ئوبراز سىزگە بەكرەك تەسىر قىلدى؟ نېمە ئۇچۇن؟

2. هېكايىنىڭ مەزمۇنىنى «ئادەم ئادەم بىلەنلا ئادەم» دېگەن بىر جۈملىگە يىغىنچاقلاشقا بولامدۇ؟ نېمە ئۇچۇن؟

3. هېكايىدىكى تازچاق هېچ كىمگە گەپ بەرمەيدىغان، بىشەم،

قولى ئەگرى ، قىلىقسىز يىگىت بولسىمۇ ، لېكىن هايات ـ ماماتلىق پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ كىشىلەرنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇشقا تۆھپە قوشىدۇ . ئۇنىڭ روھىيىتىدىكى بۇ خىل تاسادىپىي چاقناش تۇرمۇش چىنلىقىغا ئۇيغۇنمۇ ؟

4 . ئاپتور ھېكايىگە «ئادەملەر» دەپ ئىسىم قويغان . بۇ ئىسىم مۇۋاپىقمۇ ؟ سىزنىڭچە يەنە قانداق ئىسىملارنى قويۇش مۇمكىن ؟

ئوقۇپ ھۇزۇرلىنىڭ

# ياتۇر

قۇتلۇق شەۋقى①

كۆرمىگىل قەشقەرنى كەم، بۇ جايدا مەردانىلار ياتۇر،
ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغرايى خاقانلار ياتۇر.

خەلق ئۈچۈن جانىنى تىكىپ دۈشمەن بىلەن قىلغان كۈرەش،
ئول شەھىدۇ قەھرىمان ئالىپ ئارسلانلار ياتۇر.

نۇر چېچىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» خەلقنى قىلغان بەختىيار،
خاس يۈسۈپ ھاجىپقا ئوخشاش ئەھلى ئىرپانلار ياتۇر.

يادىكار ئەيلەپ جاھانغا يازدى دىۋانى لۇغەت،
مەھمۇدىل كاشغەرى كەبى ئەھلى شەرەپشانلار ياتۇر.

ئەيلىگەن شەۋقىنى مەپتۇن ئەل ئۈچۈن نۇرلار چېچىپ،
بۇ شەھەردە كۆپلىگەن ئەل ئوغلى ئىنسانلار ياتۇر.

① قۇتلۇق شەۋقى — (1876 ـ 1937) شائىر ۋە ئۆلىما. قەشقەر شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە بەرلىك ئەمەلدار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. مىسىر، تۈركىيىلەردە ئوقۇغان. 1920 ـ ۋە 1930 ـ يىللاردا قەشقەردىكى ئاقارتىش ھەرىكەتلىرىدە مۇھىم رول ئوينىغان.

# قەشقەردە كەچ

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم[①]

ئەمەستۇر لاپ ، دېسەم قەشقەر سەيرىنىڭ مۇنبىرى كەچتە ،
گۈزەل ھۆسنى شەپەق رەڭلىك شەرقىنىڭ بىر گۈلى كەچتە .

بادام دوپپا ، چىمەن دوپپا ، ئاقار يولدا تۇمەن دوپپا ،
ياقار ھەركىم لېۋىگە لەۋ سائادەت دىلبىرى كەچتە .

سادا بەرسە راۋاب تارى ، قىلار بۇلبۇل غەزەلخانلىق ،
بەلەن سازەندە قەشقەرلىق يىگىتنىڭ ھەربىرى كەچتە .

ئىلىم ئىشقىدا كۆيگەنلەر ئىجاد ئاتلىق جانان ئىستەر ،
تولار ھېكمەت نۇرى بىرلە كۆڭۈلنىڭ دەپتىرى كەچتە .

ئۆيى يوقمۇ دېمە ، رەستە بويىدا بەزمە قۇرغاننى ،
بېرەر سۇلتان ھوزۇرىنى ساماۋەر كەۋسىرى كەچتە .

ئەگەر شائىر مەجنۇنسەن ، كۆرۈپ كەت بۇ مۆجىزاتنى ،
بۇ يەڭلىغ بىر بازار بولماس جاھاننىڭ ھېچ يېرى كەچتە .

1979 ـ يىل ، قەشقەر

① ئەبەيدۇللا ئىبراھىم — 1951 ـ يىلى چىرا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان . شائىر ، يازغۇچى ۋە ژۇرنالىست . ئۇنىڭ «داغ» ، «تۈنۈگۈنكى چاقماق» ناملىق رومانلىرى ۋە بىر نەچچە پارچە شېئىرلار توپلىمى ۋە ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان .

يېزىقچىلىق

# ئادەم ۋە ۋەقەلەرنى يازغاندا مەركىزىي ئىدىيىنى گەۋدىلەندۈرۈش

ھەرقانداق ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى بولىدۇ. ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى روشەن، گەۋدىلىك ئىپادىلەش ئۈچۈن، يازىدىغان ماتېرىياللارنىڭ مۇھىم ۋە مۇھىم ئەمەسلىرىنى ئېنىق ئايرىپ، مەركىزىي ئىدىيىنى ئەڭ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغانلىرىنى تاللاپ تەپسىلىي يېزىش كېرەك. مەسىلەن، «خامېلېئون» ناملىق ھېكايىدە ئۆچۈمىلوفنىڭ ئىتنىڭ ئىگىسىنىڭ كىملىكىنى چۆرىدىگەن ھالدا كۆرسەتكەن يىرگىنىشلىك ئىپادىسى، ھېلى ئۇنداق، ھېلى بۇنداق ئۆزگىرىشى ئارقىلىق يۇقىرىدىكىلەرگە خۇشامەت قىلىپ كۈچۈكلىنىدىغان، تۆۋەندىكىلەرگە ھەيۋە كۆرسىتىپ زوراۋانلىق قىلىدىغان ئىككى يۈزلىمىچىلىك خاراكتېرى ئېچىپ بېرىلگەن. بۇ ئارقىلىق چار روسىيە جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ساقچىلارنى قانچىلىك دەرىجىدە زەھەرلىگەنلىكىدىن ئىبارەت جىنايىتى پاش قىلىنغان.

ئومۇمەن، ئادەم ۋە ۋەقەلەرنى يازغاندا، مەركىزىي نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلۈشى، يېزىشتىن بۇرۇن چوڭقۇر ئويلىنىپ، مەركىزىي نۇقتىنى بەلگىلىۋېلىش؛ يېزىشقا باشلىغاندا، پىلانلىق ھالدا مەركىزىي نۇقتىنى چۆرىدەپ يېزىش كېرەك. ئەسەر يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، مەركىزىي نۇقتىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئەستايىدىل ئۆزگەرتىش، مەركىزىي ئىدىيە بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسىنى قىسقارتىۋېتىش كېرەك.

1 . شەنبە ، يەكشەنبىلىك دەم ئېلىشتا كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئادەم ۋە ئىشلارنى ئۇچرىتىپ تۇرۇشىڭىز مۇمكىن . شۇنداق ئادەم ۋە ئىشلاردىن بىرەرنى تاللاپ ، بىر پارچە بايان خاراكتېرلىك ئەسەر يېزىڭ .

تەلەپ : مەركىزىي نۇقتا ئېنىق ، تەپسىلاتلىرى مۇۋاپىق تەڭشەلگەن بولۇشى كېرەك .

2 . تۆۋەندىكى ماتېرىيالنى ئوقۇپ ، تەلەپنى ئورۇنداڭ :

تەجرىبە دەرسىدە مۇئەللىم بىر ئىستاكان سۈتنى قول يۇيىدىغان جاينىڭ قىرىغا قويۇپ قويدى . ئوقۇغۇچىلار بۇ سۈتنىڭ ئۆتۈلىدىغان دەرس بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلەلمەي ، هەيران بولۇپ ساقلاپ تۇرۇشتى . تۇيۇقسىز مۇئەللىم ئىستاكاننى ئىتتىرىپلا چېقىۋەتتى . ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن سۈتكە ئىچ ئاغرىتسا ، بەزىلىرى سۇنۇپ كەتكەن ئىستاكان ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىشتى . ئەمما ، مۇئەللىم يۇقىرى ئاۋازدا : «تۆكۈلۈپ كەتكەن سۈت ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىپ ئولتۇرماڭلار !» دېدى . ئاندىن ئوقۇغۇچىلارنى قول يۇيىدىغان جايغا كېلىپ ، سۇنۇق ئىستاكان بىلەن تۆكۈلۈپ كەتكەن سۈتنى كۆرۈپ بېقىشقا چاقىردى . بىردەمدىن كېيىن دانىمۇدانە قىلىپ : «كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر ، ئىستاكان سۇنۇپ ، سۈتمۇ تۆكۈلۈپ بولدى . پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ . ئەمدى بىز ئۇنى ئۇنتۇپ ، ئۆزىمىز قىلىشقا تېگىشلىك باشقا بىر ئىشقا تۇتۇش قىلايلى» دېدى .

تەجرىبىخانىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى كېڭەيتىپ قىسقا هېكايە قىلىپ يېزىپ چىقىڭ . مۇهىملىرىنى تەپسىلىي ، مۇهىم ئەمەسلىرىنى قىسقا يېزىپ ، مەركىزىي نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىڭ .

3 . دەرستىن سىرتقى يېزىقچىلىق : «مېنىڭ . . . (ئىزدىنىشىم ، ساياھىتىم ، ئازابىم . . . )» دېگەن تېمىدا بىر پارچە بايان خاراكتېرلىك كۈندىلىك خاتىرە يېزىڭ . يازغاندا مەركىزىي نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىڭ .

## ئەسەر تۈزىتىش

بىر پارچە ئەسەردە مەركىزىي نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، ھەربىر ئابزاستىمۇ مەلۇم بىر مەركىزىي نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندىكى ئابزاستىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر تاۋلانمىغان بولغاچقا، پۈتۈن ئابزاسنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە تەسىر يەتكۈزگەن. سىز ئۇنى تۈزىتىڭ ھەمدە سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈڭ:

قېلىن ئورمانلىقتا نۇرغۇن تىيىنلار بار. تىيىن ئەستايىدىل ھەم تىرىشچان ھايۋان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭغا بەك ئامراق. ئۇنىڭ پۇتلىرى ناھايىتى چاققان، بەدىنى سىپتا ھەم ئۇزۇنچاق. ئۇماققىنا يۈزىدە بىر جۈپ كۆزى نۇرلىنىپ تۇرىدۇ. كۈل رەڭ موييلىرى خۇددى ماي سۈركەپ قويغاندەك پارقىراق. پۆپۈكلۈك چوڭ قۇيرۇقى بېشىغىچە يېتىپ، تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

## ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت پائالىيىتى

# بازاردىكى يېڭى تاۋارلارنى تەكشۈرۈش

هازىرقى جەمئىيەتتە بازارلار كۈندىن ـ كۈنگە ئاۋاتلىشىپ، يېڭى تاۋارلار ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلمەكتە. بۇ، ئىستېمالچىلارغا قولايلىق يارىتىپ، ئەمەلىي نەپ بەردى. لېكىن، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تىجارەتتە تەدبىر ئۇنچىۋالا ئاددىي ۋە ئاسان ئىش ئەمەس. بازارنى، بولۇپمۇ يېڭى تاۋارلارنىڭ سېتىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇش ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىكنى بەلگىلەشتىكى مۇھىم خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. ناۋادا سىز بىرەر زاۋۇتنىڭ ياكى سودا ـ سېتىق شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ قېلىپ، باشلىقىڭىز سىزنى بىرەر تاۋارنىڭ بازاردىكى سېتىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كېلىڭ دەپ قالسا، قانداق قىلىسىز؟

بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال بۇ خىل تاۋارنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى، قانداق ئادەم ۋە ئورۇنلارنىڭ ئالىدىغانلىقىنى بىلىش كېرەك. مەسىلەن، دەپتەرنى كۆپرەك ئوقۇغۇچىلار ئىشلىتىدۇ. كومپيۇتېرنى بانكا، مەكتەپ، نەشرىيات، قاتناش... قاتارلىق نۇرغۇن ئورگانلار ئىشلەتكەندىن سىرت، ئائىلىلەردىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، تەكشۈرۈش مەقسىتىگە ئاساسەن مۇناسىۋەتلىك تۈرلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئويلىشىش ھەمدە ئالدىن جەدۋەل تۈزۈۋېلىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا تەكشۈرۈشنىڭ ئوڭۇشلۇق، ئىلمىي ۋە ئۈنۈملۈك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئاندىن قولايلىق ماگىزىنلارغا بېرىپ ، مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ئىگىلەش كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن مال ساتقۇچىلاردىن مال سېتىش ئەھۋالى ، خېرىدارلارنىڭ پىكرى ، مالنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمدارلىقى ، مالنىڭ قايتۇرۇلۇش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى سوراپ باقسا بولىدۇ . ناۋادا ئىمكانىيەت يار بەرسە ، ھەر خىل قاتلامدىكى كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ ، سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇرسا ، نەق مەيداندا سوئال سوراپ ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارسا ، تېخىمۇ تېز ھەم توغرا ئۇچۇرلارغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ .

ئاخىرىدا تەكشۈرۈش جەريانىدا يىغقان ماتېرىياللارنى رەتلەپ ، مۇكەممەل بىر تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ چىقىپ ، مۇناسىۋەتلىك ئورگان ياكى كارخانىغا سۇنۇش كېرەك .

1 . دەم ئېلىش كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ ، مەلۇم بىر خىل ئوقۇتۇش قورالىنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى توغرىلۇق مەكتەپ بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈڭلار . يىغىنغا بۇ خىل بۇيۇمنى ئىشلەتكۈچىلەر ، ساتقۇچىلارنى ھەمدە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى تەكلىپ قىلىڭلار . بۇنىڭغا ئالدىن ئەستايىدىل تەييارلىق كۆرۈپ ، يىغىندىن كېيىن يىغىن توغرۇلۇق بىر پارچە خەۋەر يېزىڭلار .

2 . ئوقۇغۇچىلار كۆپرەك ئوقۇيدىغان بىرەر كىتابنى تاللاپ ، شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ نامىدا ئوقۇغۇچىلارغا سوئال قەغىزى تارقىتىپ ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىڭلار . ئاخىرىدا بېرىلگەن جاۋابلارغا ئاساسەن بىر پارچە ئاددىي تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ چىقىڭلار .



## مەشھۇر ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئوقۇش

# «سۇ بويىدا»

## تونۇشتۇرۇش ۋە ئوقۇش

«سۇ بويىدا» دىسە بىلمەيدىغان كىشى بولمىسا كېرەك. سىز بەلكىم ئۇنىڭ چاتما رەسىملىك كىتابىنى ياكى تېلېۋىزيە فىلىمىنى كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، ئۇنىڭ كىتابىنى باشتىن-ئاخىر تولۇق كۆرۈپ چىققان بولۇشىڭىز، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىكلەرنى تولۇق ئىگىلەپ بولغان بولۇشىڭىز ناتايىن.

بۇ ئەسەرنى ئوقۇشتا تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولىدۇ:

1. ئەسلى ئەسەرنى ئەسەردىكى پېرسوناژلارغا، بولۇپمۇ ئاپتور بەكرەك تەسۋىرلىگەن پېرسوناژلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان ئاساستا ئوقۇپ چىقىش.

2. «غەربكە ساياھەت»تىكى باش تېما تاڭ راھىبى قاتارلىق تۆتەيلەننىڭ غەربكە نوم ئالغىلى ماڭغانلىقىنى يىپ ئۇچى قىلغان بولۇپ، باشلىنىشى سەل ئاددىي. «سۇ بويىدا»نىڭ باشلىنىشى ئۇنىڭ ئەكسىچە سەل مۇرەككەپ بولۇپ، پېرسوناژلىرىمۇ كۆپ، تولىسى ھەر خىل يوللار بىلەن لياڭشەن كۆلىگە يىغىلىپ قالغان ئەزىمەتلەر. ئوقۇش جەريانىدا بۇ ئىككى خىل قۇرۇلمىنى سېلىشتۇرۇشقا دىققەت قىلىڭ.

3 . «سۇ بويىدا »دىكى نۇرغۇن ھېكايىلەر بىزگە ئەقىل - پاراسەت ئۆگىتىدۇ . مەسىلەن ، ۋۇيۇڭنىڭ مەۋلۇت سوۋغىتىنى پەم بىلەن قولغا چۈشۈرۈشى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پىلانلانغان . ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا ، مۇشۇنداق جايلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ ، ئەقىل - پاراستىڭىزنى جارى قىلدۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ .

## مۇھاكىمە

1 . 108 پالۋان ئىچىدە سىز ئەڭ ياقتۇرىدىغىنى قايسى؟ نېمە ئۈچۈن؟

2 . يەتمىش بىرىنچى بابتىكى لياڭشەن كۆلىدە پالۋانلارغا مەرتىۋە - ئەمەل بېرىلگەندىن كېيىنكى قىسمىنى ئوقۇپ باققانمۇ؟ نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەر لياڭشەن كۆلىدىكى پالۋانلارنىڭ قانداقىسىگە ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى ھەم ئاخىرىدا ھەممىسى بىر يولغا مېڭىپ قالغانلىقىدەك ۋەقەلىكنى ئوقۇشقا ئامراق ، ئەمما ھەممەيلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ تەسلىم بولغاندىن كېيىن ، باشقا «قاراقچىلار»نى يوقىتىشقا بارغانلىقى ھەققىدىكى كېيىنكى يېرىم ۋەقەلىككە ئانچە قىزىقمايدۇ . بۇ قانداق داۋلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟

3 . «سۇ بويىدا »دىكى ئەزىمەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ لەقىمى بار بولۇپ ، بەزى لەقەملەر شۇ كىشىنىڭ خاراكتېرىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن ، شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە ئاسان قالىدۇ . مەسىلەن ، قارا قۇيۇن لى كۈي ، موللا تاپقاق ۋۇ يۇڭ ، كۇندۇز چاشقىنى بەي شىڭ . . . دېگەندەك . ساۋاقداشلار ئۆزئارا بۇ ھەقتە پاراڭلىشىپ ، كىمنىڭ قايسى پېرسوناژلارنىڭ لەقەملىرىنى بىلىدىغانلىقىنى سىناپ بېقىڭلار .

# باقاۋۇل لۇدانىڭ غەرب غوجىسىنى دۇمبالىغانلىقى

ئۈچەيلەن پەن جەمەت مەيخانىسىنىڭ بالىخانىسىغا چىقىپ، چىرايلىق بىر بۆلمىگە كىرىپ ئولتۇرۇشتى. لۇدا باقاۋۇل تۆردە، لى جۇڭ ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا، شى جىن بولسا تاپسا تەرەپتە ئولتۇردى. مەيپۇرۇش لۇدا باقاۋۇلنى تونۇغانلىقى ئۈچۈن:

— مەيدىن قانچىلىك كەلتۈرەي باقاۋۇل بېگىم؟ — دەپ سورىدى قول باغلاپ تۇرۇپ.

— ھازىرچە تۆت كاسە مەي كەلتۈر، — دەپ بۇيرۇدى لۇ دا.

مەيپۇرۇش كۆك ـ گېزەك، مېۋە ـ چېۋە ۋە مەي ـ شارابلارنى تەييارلاپ قويۇپ يەنە سورىدى:

— بېگىم، نېمە يېيىشنى خالايسىز؟

— سوراپ نېمە قىلاتتىڭ؟ نېمەڭ بولسا شۇنى ئەپكېلىۋەر، پۇلۇڭنى بىراقلا ئالىسەن، ئەجەبمۇ كوتۇلداپ كەتتىڭغۇ بۇ بىر نېمە؟ — دېدى لۇ دا.

مەيپۇرۇش پەسكە چۈشۈپ كېتىپ، بىردەمدىلا ئىسسىقتان مەي ئېلىپ چىقتى. ئارقىدىن گۆش ـ تائاملارنىمۇ كەلتۈرۈپ، شىرەنىڭ ئۈستىنى تولدۇرۇۋەتتى. ئۈچەيلەن ئولتۇرۇپ بىرنەچچە قەدەھتىن ئىچىشكەچ، ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلار ۋە چامباشچىلىق ماھارەتلىرى ئۈستىدە تازا قىزىق سۆزلىشىۋاتقان بىر پەيتتە، ئارىتام بۆلمىدىن بىرسىنىڭ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىغان ئۈنى ئاڭلاندى. لۇ دانىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپ تەخسە ـ پەخسە، قەدەھ ـ پەدەھلەرنى پەگاغا ئاتتى. مەيپۇرۇش ئاڭلاپ پايپاسلاپ چىقىپ قارىسا، باقاۋۇل تازا ئاچچىقى بىلەن ھومىيىپ تۇرۇپتۇ.

— ئۆزلىرىگە نىمە كېرەككىن بېگىم ، بۇيرۇغانلىرىنى دەرھال بىجا كەلتۈرەي ، — دېدى قول قوشتۇرۇپ مەيپۇرۇش .

— مەن بىر نەرسە كېرەك دەۋاتقىنىم يوق ! مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلىسەن ، يېنىمىزدىكى ئۆيدە خىرتىلدىتىپ يىغلىتىۋاتقىنىڭ كىم ئۇ ، بىزنى ئارامخۇدا ئولتۇرغىلى قويماي ، نىمدەپ يىغلىتىۋاتىسەن ئۇنى ؟ پۇلۇڭنى بەرمەي قويغان يېرىم بارمۇ - يا ؟ — دېدى لۇ دا قايناپ .

— كايىمىسىلا بېگىم ، خەقنى يىغلىتىپ ، بېگىمنىڭ ئولتۇرۇشىغا مالاللىق كەلتۈرۈش پېقىرنىڭ ھەددى ئەمەس . بۇ يەردىكى مەيخانىلاردا غەزەلچىلىك بىلەن جان باقىدىغان بىر بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ بىر قىزى بار ، شۇلار يىغلاۋاتىدۇ . ئۇلار بەگلىرىمىزنىڭ بۇ يەردە مەي - شاراب ئىچىپ ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ ئولتۇرغانلىقىنى بىلمەي ، ئۆز دەردىگە يىغلاۋاتقىنى بېگىم ، — دېدى مەيپۇرۇش .

— قىزىق گەپ - ھە ؟ ئۇلارنى بۇ يەرگە چاقىر ، — دېدى باقاۋۇل .

مەيپۇرۇش چاقىرغىلى چىقىپ كەتتى . بىرئازدىن كېيىنلا ئىككىيلەن كىردى : ئالدىنقىسى 18 - 19 ياشلارغا كىرىپ قالغان بىر چوكان ، ئارقىدىكىسى بولسا 50 - 60 ياشلارغا كىرگەن بىر بوۋاي ئىدى . ئۇلار قوللىرىدا چېكىلداقلىرىنى كۆتۈرگىنىچە لۇ دانىڭ ئالدىغا كەلدى . بۇ چوكان بەكمۇ ساھىبجامال دېگۈدەك بولمىسىمۇ ، لېكىن شۇنداق مېھرى ئىسسىق ئىدى .

چوكان كۆزىدىكى ياش تامچىلىرىنى سۈرتۈپ ، لۇ داغا ئۈچ قېتىم ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ، بوۋايمۇ كېلىپ كۆرۈشتى .

— قەيەردىن كېلىشتىڭ ؟ نېمىشقا يىغا - زارە قىلىشىسەن ؟ — دەپ سورىدى لۇدا ئۇلاردىن .

— ئۆزلىرى بىلمىسىلە كېرەك بېگىم . رۇخسەت قىلسىلا ، كەمىنە قۇللىرى ئەرزىمنى بايان ئەيلىسەم . مېنىڭ تېگىم كۇنچىقىش ئاستانىدىن . جەددى - جەمەتلىرىمنى پاناھ تارتىپ ، ئاتا - ئانام بىلەن بۇ ۋىيجۇ ئايمىقىغا كەلگەنىدىم . بىز كەلسەك ، جەمەتلىرىمىز تۈۋەن

ئاستانىگە كۆچۈپ كېتىپتۇ. ئانام بىچارە سارايدا ئاغرىپ يېتىپ
قېلىپ قازا تاپتى. شۇنىڭ بىلەن ئاتا - بالا ئىككىمىز مۇشۇ يەردە
سەرسان - سەرگەردان بولۇپ تۇرۇپ قالدۇق. بۇ يەردە بىر باي بار
ئىكەن، ئۇنى خەقلەر غەرب غوجىسى جېن بېگىم دەيدىكەن، ئۇ كىشى
مېنى كۆرۈپ قېلىپ، زورلۇق بىلەن ئۆزىگە كىچىك خوتۇنلۇققا
ئالماق بولۇپ، ئۇستى - ئۇستىگە ئەلچى قويۇپ تۇرۇۋالدى. كىم
بىلسۇن، بەرمىگەن پۇلغا مېنىڭ نامىمدا 3000 تىزىق يارماق تاپشۇ-
رۇۋالدىم دېگەن بىر قۇرۇق تىلخەت يېزىپ مېنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىۋال-
دى. ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنى چاياندەك بىر نېمىكەن، ئۈچ ئاي ئۆتە -
ئۆتمەيلا مېنى پاتقۇزماي ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇنىڭ ئۇستىگە
ھېلىقى گۆرۆتەن ھېسابىدىكى 3000 تىزىق يارماقنى تۆلەپ بولمىغۇ-
چە بۇلارنى ماڭدۇرمايسەن، دەپ سارايۋەنگە جېكىلەپ قويۇپتۇ. ئاتام
بولسا قورقۇنچاق ئادەم بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ بىلەن تاقارىشىپ تۇ-
رۇشتىن قورقتى، چۈنكى باي دېگەننىڭ پۇلىمۇ بولىدىكەن، يۈزىمۇ
بولىدىكەن. ئۇنىڭدىن بىر يارماقمۇ ئالماي تۇرۇپ نەدىكى پۇلنى
تۆلەرمىز دېدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئىلاجىنىڭ يوقىدىن، ئاتام كىچىكىمدە
ئۆگىتىپ قويغان بەزى ناخشىلارنى مەيخانىلاردا ئېيتىپ يۈرۈپ، غە-
زەلچىلىك بىلەن جان بېقىۋاتىمىز. ھەر كۈنى تاپقان - تەرگىنىمىز-
نىڭ كۆپ قىسمى ئەنە شۇ قەرزگە كېتىدۇ، قالغىنىنى ئىككىمىز
خىراجەت قىلىمىز. ئىككى - ئۈچ كۈن بولدى، ئىچكۈلۈك قىلىدىغان-
لارمۇ ئازىيىپ قالدى، تاپاۋەت يوق، ناۋادا پۇلنىڭ سۈرۈكى ئۆتۈپ
كېتىپ، پۇل دەپ كېلىپ قالسا، ئىزا - ئاھانەتكە قالىدىغان بول-
دۇق، دەپ ئاتا - بالا ئىككىمىز ئاھ ئۇرۇپ، دەرد - ئەھۋالىمىزنى
كىمگە دەپ، كىمگە ئېيتىشىمىزنى بىلەلمەي، يىغا - زارە قىلىپ
ئولتۇرۇپتۇق. ئۇقۇشمىغانلىقىمىزدىن بېگىملەرنىڭ ئولتۇرۇشىغا
دەخلى يەتكۈزۈپ قويۇپتۇق. رەھىم - شەپقەت قىلىپ گۇناھىمىزدىن
ئۆتسىلە بېگىم، — دەپ ئەرز - ھال ئۇقۇدى چوكان.

— قايسى ئۇرۇقتىن بولىسەن؟ چۈشكەن سارىيىڭ نەدە؟ ھېلىقى
غەرب غوجىسى دېگەن ئادەم نەدە ئولتۇرىدۇ؟ — دەپ سورىدى لۇدا

باقاۋۇل بوۋايدىن.

— پېقىر بولسام جىن ئۇرۇقىدىن، ئوتتۇرانچى ئوغۇل بولىمەن، قىزىمنى جىن سۆيلىيەن دەپمۇ قويىمىز؛ غەرب غوجىسى دېگىنىمىز جۇۋاڭيۇەن كۆۋرۈكىنىڭ بېقىنىدا گۆش ساتىدىغان جېن قاساپ دېگەن كىشىنىڭ ئۆزى شۇ، غەرب غوجىسى دېگەن ئۇنىڭ لەقىمى ئىكەن. بىز ئاتا-بالا ئىككىمىز ئۇدۇلدىكى كۇنچىقىش دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى لۇ جەمەت سارىيىدا يېتىپ قوپۇۋاتىمىز، — دېدى بوۋاي.

— تۇفى! قايسى جېن بېگىم ئىكىن دەپتىمەن! ھېلىقى چوشقا گۆشى ساتىدىغان جېن قاساپ ئىكەنغۇ. بۇ ئىپلاس مۇتتەھەم كىچىك باسقاق بېگىمنىڭ دۆلىتىدە قاساپچىلىق دۇكىنى ئاچاتتى. قاراڭلار بۇنىڭغا، خەقنى شۇنداقمۇ بوزەك ئەتكەن بارمۇ! — دېدى لۇدا ۋە كەينىدىكى لى جۇڭ بىلەن شى جىنغا قاراپ:

— ئىككىڭلار بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن بېرىپ بۇ ئەبلەخنى جايلىۋېتىپ كېلەي، — دېدى.

— ئاچچىقلىرىدىن يانسىلا ئاغا، ئەتە بىر نەرسە دېيىشەيلى! — دەپ ئىككىسى كۆپ ھاي بېرىپ، ئاران تەسلىكتە توسىۋالدى.

— بېرى كەل بوۋاي، — دەپ چاقىردى بوۋاينى يەنە لۇدا، — مەن ساڭا بىر ئاز يول خىراجىتى بېرەي، ئەتىلا كۇنچىقىش ئاستانىگە كېتىۋالساڭلار قانداق؟

— ئەتە يۇرتىمىزغا كېتىۋالالىساق، ئۆزلىرىنى ئۆز ئاتا-ئانىمىزدىنمۇ ئارتۇق كۆرەتتۇق، بىراق سارايۋەن قويۇپ بېرەرمۇ؟ جېن بېگىم ئۇنىڭغا پۇلنى تۆلىتىۋېلىشنى تاپىلىغانىكەن، — دەپ ئەرز-ھالىنى ئېيتتى بوۋاي بىلەن قىز.

— بۇنىڭ كارى چاغلىق، قالغان ئىشنى ئۆزۈمگە قويۇپ بېرىش، — دېدى باقاۋۇل ۋە يېنىدىن بەش سەرچە كۈمۈش پۇلنى ئېلىپ شىرەگە قويدى، ئاندىن شى جىنغا قاراپ، — مەن بۈگۈن ئازراقلا پۇل سېلىپ چىقىپتىمەن، پۇلىڭىز بولسا بىر ئاز بېرىپ تۇرسىڭىز، ئەتىلا ئۆتنىسىنى ياندۇراي، — دېدى.

— قانچىلىك بىر نەرسە ئىدى قايتۇرغۇدەك ، — دېدى شى جىن ۋە بوغچىسىدىن ئون سەرلىك كۈمۈش پۇلنى ئېلىپ شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى . لۇدا ئەمدى لى جۇڭغا قاراپ :

— سىزمۇ بىر ئاز بېرىپ تۇرۇڭ ، — دېدى .

لى جۇڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ ئىككى سەرچە كۈمۈش پۇل چىقاردى . باقاۋۇل بۇنى ئاز كۆرگەندەك قىلىپ :

— تازا پىخسىق ئوخشىمامسىز ، — دەپ قويدى .

لۇدا 15 سەر كۈمۈش پۇلنى ئېلىپ ، جىن بوۋايغا بەردى ۋە :

— بۇنى ئىككىڭ خىراجەت قىلىش ، يول - تاقلىرىڭنى تېڭىپ تەييار بولۇپ تۇرۇش ، ئەتە ئەتىگەندە بېرىپ سەنلەرنى ئۆزۈم يولغا سېلىپ قويىمەن ، سارايۋەننىڭ توسقىنىنى شۇ چاغدا كۆرەي قېنى ، — دەپ جېكىلىدى .

جىن بوۋاي بىلەن قىزى يۈزمىڭ رەھمەتلەر ئېيتىپ تەزىم بىلەن چىقىپ كەتتى .

لۇدا ھېلىقى ئىككى سەر كۈمۈش پۇلنى لى جۇڭغا تاشلاپ بەردى . ئۈچەيلەن يەنە ئىككى كاسە مەي ئىچكەندىن كېيىن ، بالىخانىدىن پەسكە چۈشۈپ :

— مەيپۇرۇش ، پۇلۇڭنى ئەتىلا بىرىۋېتىمەن ، — دېدى .

— كېتىۋەرسىلە باقاۋۇل بېگىم ، پۇلنىڭ كارى چاغلىق ، پات - پات كېلىپ تۇرسىلا ، نېسى قالسا ھېچ گەپ يوق ، — دېدى دەرھال مەيپۇرۇش .

ئۈچەيلەن مەيخانىدىن چىقىپ ، رەستىدە خەيرلەشتى ، شى جىن بىلەن لى جۇڭ ئۆز چۈشكۈنلىرىگە قايتىشتى . باقاۋۇل بولسا باسقاق يامۇلنىڭ ئالدىدىكى چۈشكۈنگە قايتىپ ، ياتاققا كىردى - دە ، كەچكى تامىقىنىمۇ يېمەستىن ، خاپىلىق بىلەن يېتىپ قالدى . ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭدىن گەپ سوراشقىمۇ پېتىنالمىدى .

ئەمدى جىن بوۋايغا كەلسەك ، جىن بوۋاي بايىقى 15 سەر كۈمۈش پۇلنى ئالغاندىن كېيىن ، سارايغا قايتىپ كېلىپ ، قىزىنى ئورۇنلاشتۇردى . ئاندىن شەھەرنىڭ سىرتىدىكى يىراق بىر جايغا بېرىپ بىر

ھارۋىنى سۆزلىشىپ قويدى، قايتىپ كېلىپ يۈك - تاقلىرىنى تېڭىشتۈردى ۋە سارايۋەن بىلەن ياتاق ھەم تاماق پۇللىرىنى ھېسابلىشىپ، تاڭ ئاتار ۋاقتىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. بۇ كېچە تىنچ - ئامان ئۆتتى. تاڭ ئېتىشىغا ئاتا - بالا ئىككىيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ تاماق - پامىقىنى يەپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تەقلىنىپ تۇردى. تاڭ سەل يورۇغاندىن كېيىن، باقاۋۇل تاشقىرىدىن گۈرس - گۈرس دەسسەپ سارايغا كىرىپ كەلدى ۋە:

— ھەي سارايۋەن، جىن بوۋاينىڭ ھۇجرىسى قايسى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— جىن ئاتا، سىزنى باقاۋۇل بېگىم ئىزدەپ كەپتۇ، — دەپ قىچقاردى سارايۋەن بالا.

— قېنى ئىچكىرىگە ئىلتىپات قىلسىلا بېگىم، — دەپ ھۇجرىغا تەكلىپ قىلدى جىن بوۋاي ئىشىكنى ئېچىپ.

— ئىلتىپاتىڭنى قوي، تېخىچە ماڭماي ئولتۇرامسەن؟ — دېدى لۈدا.

بوۋاي قىزنى باشلاپ، ئەپكىشىنى كۆتۈرۈپ، باقاۋۇلغا رەھمىتىنى ئېيتىپ بولۇپ، ئىشىكتىن چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، سارايۋەن بالا توسۇۋېلىپ:

— نەگە بارىسىز ئاتا؟ — دېدى.

— ساراي ھەققىڭ قېپقالدىمۇ - يا؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن لۈدا دەرھال.

— ساراي ھەققىنى ئاخشاملا ھېسابلىشىپ بولغان تەقسىر. ئەمما، بۇ كىشىنىڭ گەدىنىدە جىن بېگىمنىڭ گۆرۈتەن پۇلى قېپقالغان ئىكەن، شۇ پۇلنى تۇتۇپ قېلىشنى بىزگە تاپشۇرۇپ قويغانىدى! — دېدى سارايۋەن بالا جاۋابەن.

— جىن قاسساپنىڭ پۇلىغا ئۆزۈم جاۋاب قىلىمەن. سەن بۇ بوۋاينى قويۇۋەت. يۇرتىغا كېتىۋالسۇن، — دېدى باقاۋۇل.

سارايۋەن بالا نەدىكىنى ئۇنىسۇن. لۈدانىڭ شۇنداق ئوغىسى قايىنىدىكى، شاپىلاق بىلەن ئۇنى بىرنى سىلىۋىدى، سارايۋەن بالىنىڭ

ئاغزى - بۇرنىدىن ئۇقتەك قان كەتتى. ئارقىدىن يەنە بىر مۇشت سېلىنىدى، ئۈتتۈر چىشلىرى تۆكۈلۈپ چۈشتى. سارايۋەن بالا ئورنىدىن ئۆمىلەپ قوپۇپ، سارايىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ قاچتى. سارايۋەن ئۆزى چىقىپ تۇسۇشقا پېتىنالمىدى. بوۋاي بىلەن قىزى سارايدىن چىقتى - دە، تونۇگۇن سۆزلىشىپ قويغان هارۋىنى ئىزدەپ، شەهەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتتى.

ئەمدى لۇداغا كەلسەك، ئۇ سارايۋەن بالا هېلىقىلارنىڭ كەينىدىن بېرىپ تۇسۇۋالمىسۇن دەپ، نەدىندۇر بىر ئورۇندۇقنى تېپىپ، سارايدا ئىككى سائەتچە تۇسۇپ ئولتۇردى. بوۋايلارنىڭ خېلى ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى پەملىگەندىن كېيىن، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، تۇپتوغرا جۇاڭيۇەن كۆۋرۈكى تەرەپكە ماڭدى.

ئەمدى گەپنى جېن قاساپتىن ئىشتەيلى. جېن قاساپ بىردىن چاچەپ قويۇلغان قوش بۆلمىلىك بىر گۆش دۇكىنى ئاچاتتى، كانارىدا تۆت - بەش يارتا چوشقا گۆشى ئېسىقلىق تۇراتتى. جېن قاساپ ئۆزى ئون نەچچە پوكانچىنىڭ ئۈستىدىن قاراپ، پوكەينىڭ ئىچىدىكى ئورۇندا ئولتۇراتتى. لۇدا ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— جېن قاساپ! — دەپ چاقىردى.

جېن قاساپ شۇنداق بىر قاراپ، ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى لۇدا باقاۋۇلنى تونۇپ، ئالمان - تالمان پوكەيدىن چىقىپ:

— كايىمىغايلا باقاۋۇل بېگىم، — دەپ خوش - خوش قىلىپ كەتتى ۋە قولدىشىغا ئورۇندۇق ئەكەلدۈرۈپ، — ئىلتىپات قىلسىلا باقاۋۇل، — دەپ لۇدانى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

لۇدا ئولتۇرۇپ ئېيتتىكى:

— باسقاق بېگىمنىڭ ئەمرىگە بىنائەن، ئون جىڭ قارا گۆشنى قىيما قىلىپ توغرايسەن، بىر تالمۇ ماي ئارىلىشىپ قالمىسۇن.

— خوپ، ئۇبدان يېرىدىن تاللاپ، غاچ - غۇچ ئون جىڭ قىيما تەييارلاڭلار، — دەپ بۇيرۇدى جېن قاساپ پوكانچىلارغا.

— بۇ مەينەتلەرگە تۇتقۇزما، ئۆز قولۇڭ بىلەن توغراپ بەر، — دېدى باقاۋۇل.



— ئېيتقانلىرى بولسۇن . كەمىنىلىرى ئۆز قولۇم بىلەن توغراپ بېرەي ، — دېدى جېن قاساپ ۋە چاچەپىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئون جىڭ گۆشنى تارتىپ ، تازا ئۇششاقلاپ توغرىدى . دەل شۇ پەيتتە ، ھېلىقى سارايۋەن بالا بېشىنى ياغلىقى بىلەن تاڭغان پېتى جېن بوۋاينىڭ ۋەقەسىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن جېن قاساپنى ئىزدەپ كەلگەندى ،

بىراق چاچەپنىڭ يېنىدىكى ئىشىكنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان لۇدا باقاۋۇلنى كۆرۈپ قېلىپ، يېقىن كېلەلمەي، لەمپىنىڭ ئاستىدا يىراقتىن قاراپ تۇردى. جېن قاساپ گۆشنى ئالاھازەل يېرىم ئاش پىشىمغىچە توغراپ، قىيمىنى سۇ لەيلىسىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئورىغاندىن كېيىن دېدى:

— مەن ئۆزۈم ئەۋەتىپ بېرەي باقاۋۇل.

— ئەۋەتىپ بېرەي؟ ئالدىرىما! يەنە ئون جىڭ توغرا، بۇنىڭ ھەممىسى غىچلا ياغ بولسۇن، بىر تالمۇ قارا گۆش ئارىلىشىپ قالمىسۇن، بۇنىمۇ قىيما قىلىپ توغرايسەن، — دېدى لۇدا.

— ھېلىلا قارا يېرىدىن بولسۇن، دېۋىدىلە. يامۇلدىكىلەر ئۇنىڭدا چۆچۈرە ئەتمەكچى بولسا كېرەك، سېمىز يېرىدىن توغرالغان قىيمىنى نېمىگە ئىشلىتەر؟ — دېدى جېن قاساپ.

— باسقاق بېگىمنىڭ بۇيرۇقى، ماڭا شۇنداق تاپشۇرغان. ئۇ كىشىدىن سوراپ يۈرۈش كىمنىڭ ھەددى؟ — دېدى لۇدا چەكچىيىپ.

— خوپ تەقسىر، قاندىقى يارىسا، شۇندىقىنى توغراپ بېرەي، — دەپ يەنە ئون جىڭ ياغنى تاللىدى جېن قاساپ ۋە ئۇنىمۇ تازا ئۇششاقلاپ توغراپ، يوپۇرماققا ئورىدى. ئۇ ئەتىگەندىن چۈشكىچە ئەنە شۇنداق كاشىلىغا قالدى، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى.

ھېلىقى سارايۋەن بالىغۇ يېقىن كېلەلمىدى، ھەتتا خېرىدارلارمۇ يېقىن كېلەلمىدى.

— باقاۋۇل بېگىم، مەن بىر ئادەم تەيىنلەي، بۇ گۆشنى يامۇلغا ئاپىرىشىپ بەرسۇن، — دېدى جېن قاساپ.

— ياق، يەنە ئون جىڭ كۆمۈرچەك كېرەك، ئۇنىمۇ ئاشۇنداق ئۇششاقلاپ قىيما قىل، ئىچىگە بىر تالمۇ گۆش ئارىلىشىپ قالمىسۇن، — دېدى لۇدا.

— بۇ، مايمۇن ئويناتقانلىق ئەمەسمۇ! — دېدى جېن قاساپ ئاچچىق ھېجىيىپ.

لۇدا بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە جېن قاساپقا قاتتىق بىر چەكچىيىپ:

— ھە ··· سىنى زادى ئويناتماقچىمەن، — دېدى - دە، ھېلىقى ئىككى ئورام قىيمىنى قولىغا ئېلىپ، جىن قاساپنىڭ يۈزىگە ئاتتى. قىيمىلار خۇددى ئاسماندىن گۆش ياغقاندەك يەرگە چۈشۈپ جاھاننى بىر ئالدى. جىن قاساپنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كەلدىكى، خۇددى بىر پارچە ئوت تاپىنىدىن كىرىپ، مېڭىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ، سەپراسى ئون گەز ئۆرلەپ، ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. چاچەپتىن قولىغا ئۇچلۇق بىر پوكانچى پىچىقىنى ئالدى - دە، سەكرەپ مەيدانغا چۈشتى. لۇدامۇ ئاللىقاچان كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ رۇسلىنىپ تۇراتتى. قولۇم - قوشنىلارمۇ، ھېلىقى ئون نەچچە پوكانچىمۇ بۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ توسۇشقا پېتىنالمىدى، ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرمۇ جايىدا تۇرۇپلا قالدى. سارايۋەن باللىمۇ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى.

جىن قاساپ ئوڭ قولىدا پىچاقنى تۇتۇپ، سول قولى بىلەن لۇداغا ئېسىلىشقا تەمشىلىۋىدى، لۇدا كاپ قىلىپ ئۇنىڭ سول قولىدىن ئالدى - دە، تارتىپ كېلىپ دوۋسۇنىغا بىرنى تەپتى. جىن قاساپ گۈپ قىلىپ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. لۇدا يەنە بىر قەدەم شىپقاپ كېلىپ، ئۇنىڭ كۆكرىكىگە دەسسىدى ۋە بازغاندەك يوغان مۇشتىنى تەڭلەپ تۇرۇپ:

— بىلىپ قويىكى، مەن بۇرۇن پېشقەدەم باسقاق بېگىمنىڭ قولىدا ئىشلىگەن ۋە كۇنپېتىشتىكى بەش يۇرتنىڭ چارلىغۇچىسى بولغان، غەرب غوجىسى دېسە مېنى دېسە بولىدۇ. سەن بولساڭ بىر پوكانچى، ئىت مەسەل بىر نېمىسەن، ئۆزۈڭنى تېخى غەرب غوجىسى چاغلاپ يۈرەمسىنا! جىن سۆيلىيەننى نېمىدەپ بوزەك قىلدىڭ؟ — دېدى - دە، قاڭشىرىغا كەلتۈرۈپ بىرنى سالدى. قاساپنىڭ بۇرنى - مۇرنى ماكچىيىپ، ئاغزىدىن ماغزاپ، كۆزلىرىدىن ياش، بۇرنىدىن ماڭقا - قان ئوقچۇپ چىقىپ، خۇددى ئاچچىقسۇچىنىڭ دۇكىنىدىن پۇرقۇپ چىققان ئاچچىق - چۈچۈك، قېرىق - قاڭسىق بىر نېمىلەر ئۇنىڭ دىمىغىنى ئېچىشتۇرۇۋاتقاندەك بولدى. كۆچى يەتمىگەن جىن قاساپ قولىدىكى پىچىقىنى بىر چەتكە تاشلىغان

ھالدا دارىدىيىپ يېتىپ : «خەپ !» دەپ ۋارقىرىۋەتتى .

— ھۇ ئاناڭنى ... ساڭا نېمە قويۇپتۇ گەپ ياندۇرۇشنى ، — دەپ تىللىدى لۇدا ۋە ئۇنىڭ كۆزىگە يەنە بىر مۇشت سالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قاپىقى يېرىلىپ ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ ، خۇددى گەزمالچىنىڭ دۇكىنىدىكى ئاق ، قىزىل ، سېرىق ، يېشىل ، شايى - شەلپەرلەردەك پارقىراپ ، ئالا - پاساق بولۇپ كەتتى . يولىنىڭ ئىككى قاسىنىقىدا قاراپ تۇرغان كىشىلەر باقاۋۇلدىن قورقۇپ ، سۆلھى - سالا قىلىشقىمۇ پېتىنالمىدى . جىن قاساپ تەڭ كېلەلمەي ، ئاخىر يېلىنىشقا باشلىدى . لۇدا ۋارقىراپ :

— كۆتۈر قاسقىنىڭنى ! سەندەك جۆندەكنى . ئەگەر مەن بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشالىغان بولساڭ ، ئاندىن سېنى كەچۈرگەن بولاتتىم . مۇشۇ ھالىڭ بىلەن كەچۈرۈم سورىساڭ ، ھەرگىز كەچۈرمەيمەن ، — دەپ ئۇنىڭ چېكىسىگە يەنە بىر مۇشت سالدى . بۇ چاغدا خۇددى نەزىر - چىراغ ، دۇئا - تىلاۋەت ئۆتكۈزۈلگەن پۈتۈن بىر سورۇننى ئەھياغا كەلتۈرگەن چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭ ، چىكاڭ - چۇكاڭ ، زىل - بوم ئاۋازلىرىدەك ، جىن قاساپنىڭ باش - كاللىسى ۋىڭىلداپ - زىڭىلداپ كەتتى . لۇدا باقاۋۇل شۇنداق قارىسا ، جىن قاساپ دېمى كېسىلىپ ، قىمىرلىيالماي يەردە سوزۇلۇپ يېتىپتۇ . باقاۋۇل سىنىماقلىققا «ئۆلۈكۈڭنى ساتىدىغان بولساڭ ، يەنە سالىمەن» دەپ ئۇنىڭغا قارىۋىدى ، ئۇنىڭ رەڭگى تاتىرىپ ، بارا - بارا ئۆچۈپ كېتىۋاتاتتى . لۇدا «ئەسلىدە مەن بۇ ئوغرىنى ئۆلمەيدىغان يېرىگە سېلىپ تازا بىر ئەدىپىنى بېرەي دەپتىمەن ، نەدىن بىلەي ، ئۈچ مۇشتقا پايلىماي جېنى چىقىپ كېتىپتۇ ، ئەمدى سوراققا تارتىلىپ ، قاماققا چۈشىدىغان بولدۇم . ماڭا ئاش - تاماق ئاپىرىپ بېرىدىغان كىشىممۇ يوق ، ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ يەردىن تېزرەك كەتكىنىم تۈزۈك» دەپ ئويلىدى - دە ، كەتمەك بولدى ۋە ئارقىغا ئۆرۈلۈپ جىن قاساپقا قول شىلتىپ :

— سەن ئۆلۈكۈڭنى ساتماقچى . خەپ ، سەن بىلەن ئالدىرىماي سۆزلىشىۋالىمەن ، — دەپ تىللىغىنىچە ، گۈرس - گۈرس دەسسەپ

كېتىپ قالدى. ئەھلى - مەھەللىلىكلەر ۋە جېن قاسساپنىڭ دۇكىنىدىكى پوكانچىلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنى توسۇۋېلىشقا پېتىنالمىدى. لۇدا باقاۋۇل ئۆز چۆشكىنىگە قايتىپ بېرىپ، كىيىم - كېچەك، خەج - خىراجەت، كۆمۈش پۇل ۋە ئېرىغ ماللىرىنى ئالدىراپ - تېنەپ يىغىشتۇرۇپ، قاتتىق - قۇرۇق لاقا - لۇقىلىرىنى تاشلاپ، ئۆزىنىڭ بويى بىلەن تەڭ كېلىدىغان بىر كالتەكنى ئېلىپ، تۆۋەن دەرۋازىدىن چىقتى - دە، غىپلا قىلىپ تىكىۋەتتى.

*لۇدادا ناھەقچىلىكنى كۆرسە چىداپ تۇرالمايدىغان، باشقىلارغا ياردىمىنى ئايىمايدىغان روھ بار. لېكىن، ئۇ بەك كۈچلۈك بولغاچقا، جېن قاسساپنى ئەدەپلەيمەن دەپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. كۈتۈلمىگەن بۇ ئىش ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھاياتتا ھەقىقەتەن بەزى تاسادىپىيلىقلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما، تاسادىپىيلىق ئىچىدە مۇقەررەرلىكمۇ مەۋجۇت. ئەگەر ئۇ پۇقرالار ئارىسىدىكى ھەق - ناھەقچىلىكلەرنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالىدىغان ئەمەلدار بولغان بولسا، بۇنداق ئىشلار بىلەن كارى بولمىغان ھەم مۇنداق توپىلاڭ كۆتۈرۈپمۇ يۈرمىگەن بولاتتى.*

**لۇدا جىن بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ قىزىنىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتمەكچى بولغاندا، لى جوڭ ئاران دېگەندە ئىككى سەر كۆمۈشنى چىقارغىنىنى كۆرۈپ لۇدا نېمىشقا «تازا پىخسىق ئوخشىمامسىز» دەيدۇ؟ لۇدا جىن بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ قىزىنى ماخدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن جېن قاسساپ بىلەن ھېسابلاشقىلى بارغان. ئۇ ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرىدۇ؟ بۇ تەپسىلاتلار پېرسوناژنى يارىتىشتا قانداق رول ئوينىغان؟**

# ۋۇيۇڭنىڭ مەۋلۇت سوغىتىنى پەم بىلەن قولغا چۈشۈرگەنلىكى

ئەمدى ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسىنى قىلايلى. يۇقىرى ئاستانە بېيجىڭ دامىڭ دىيارى مەھكىمىسىدىكى لياڭ مىرزىبەگ قېيناتىسىنىڭ مەۋلۇت كۈنىگە ئاتاپ ئەۋەتىلىدىغان 10 تۈمەن تىزىق يارماقلىق سوۋغاتنى تەقمۇتەق قىلىپ قويغانىدى. سوۋغات پەقەت كۈن تاللاپ، ئېلىپ بېرىشقا ئادەم تەيىنلەشكىلا قاراشلىق قالغانىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە لياڭ مىرزىبەگ ئىچكىرىكى سارايدا ئولتۇرغىنىدا ئۇنىڭ كوچى (ئايالى):

— بېگىم، سوۋغاتنى قاچانلىققا يولغا سالىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— سوۋغات تەقمۇتەق بولدى، — دېدى لياڭ مىرزىبەگ، — ئەتە - ئۆگۈن يولغا سالسام بولاتتى، لېكىن بىر ئىش ئۈستىدە ناتايىن بولۇۋاتىمەن.

— نېمىدىن ناتايىن بولۇۋاتىدىلا؟ — دېدى كوچى.

— بۇلتۇر 10 تۈمەن تىزىق يارماق پۇلغا ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت سېتىۋېلىپ، كۈنچىقىش ئاستانىگە ئەۋەتكەنىدىم، بىراق ئەۋەتكەن ئادىمىم ناباپ چىقىپ قېلىپ، ئۇنى يېرىم يولدا قاراقچىلارغا تارتقۇزۇپ قويدى، تا مۇشۇ كەمگىچە دېرىكى يوق. بۇ يىل بارگاھىمىزدا سوۋغاتنى ئېلىپ بېرىشقا تۈزۈككىنە كارغا يارىغۇدەك ئادەمنىڭ تايىنى يوق تۇرىدۇ، شۇڭا ناتايىن بولۇۋاتىمەن، — دېدى لياڭ مىرزىبەگ.

ئۇنىڭ كوچى پەلەمپەي تۈۋىدە تۇرغان كىشىنى كۆرسىتىپ:

— ئاۋۇ كىشىنى ناھايىتى قالتىس كىشى دەپ ماختاپ يۈرىدىلىمۇ، نېمىشقا شۇنى ئەۋەتمەيلا، قولىغا دەستەك بېرىپ ئەۋەتسىلە بولمامدۇ، ۋاقىت ئۆتۈپ كەتمىسۇن يەنە، — دېدى.

لياڭ مىرزىبەگ پەلەمپەي ئاستىغا قاراپ، مەڭلىك ياۋا ياڭ

جىنى كۆردى . لياڭ مىرزىبەگ خۇشال بولۇپ ، دەرھال ئۇنى سارايغا چاقىرىپ :

— سەن ، — دېدى مىرزىبەگ ، — راستتىنلا ئىسىمدىن چىقىپ كېتىپسەن ، قېيناتامنىڭ مەۋلۇت كۈنىگە ئەۋەتىلىدىغان سوۋغىتىم بار ئىدى ، شۇنى يەتكۈزۈپ بېرەلىسەڭ ، ساڭا ئىلتىپاتىم بار ، مەنسىپىڭـنى كۆتۈرىمەن .

ياڭ جى قولىنى قوشتۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئالدىدا تەزىم بەجا كەلتۈـرۈپ :

— ھەزرەتلىرى بۇيرۇسىلا بارماسقا نېمە ھەددىم ! قانداقچە ئاپىـرىمەن؟ قاچان يولغا چىقىمەنكىن ؟ — دېدى .

— دامىڭ دىيارى مەھكىمىسىگە بۇيرۇق چۈشۈرەي ، ئون ھارۋا بارسۇن ، بارگاھتىن ئون نۆكەر بېرەي ، ئۇلار ھارۋىلارنى قوغداپ ماڭسۇن . ھەربىر ھارۋىغا بىردىن سېرىق ئەلەم قادايسەن ، ئەلەم ئۈستىگە «ۋەزىر ئەزەمنىڭ مەۋلۇتىگە تەقدىم قىلىنغان سوۋغات» دېـگەن خەتلەر يېزىلىدۇ . ھەربىر ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا يەنە بىردىن قاۋۇل چېرىك بېرەي ، ئۈچ كۈن ئىچىدە يولغا چىقىشىڭ كېرەك ، — دېدى لياڭ مىرزىبەگ .

— كەمىنىلىرىنى بۇ ئىشتىن باش تارتىۋاتىدۇ ، دەپ ئويلاپ قالمىسىلا ، بۇنى ئاپىرىشقا راستتىنلا ئاجىزلىق قىلىمەن . مەندىن بىلەك پۇختا ـ زېرەك باتۇرلاردىن بىرىنى بۇيرۇشلىرىنى تىلەيمەن .

— مەن سېنىڭ مەنسىپىڭنى ئۆستۈرۈش نىيىتىدە بولۇۋاتىمەن ، مۇشۇ سوۋغات خۇسۇسىدا يېزىلغان مەكتۇپقا قوشۇپ ، يەنە بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ بېرەي ، ۋەزىر ئەزەمنىڭ ھۇزۇرىدىن ئالاھىدە ئىلتىـپاتقا ئېرىشىپ ، دەستەك ئېلىپ قايتساڭ ياخشى ئەمەسمۇ ، نېمىشقا تەتۈرلۈك قىلىپ ، بارغىلى ئۇنىمايسەن ؟

— ئاڭلىشىمچە ، ھەزرەتلىرى بۇلتۇر ئەۋەتكەن سوۋغاتنى قاراقـچىلار بۇلاپ كېتىپ ، تا مۇشۇ كەمگىچە دېرىكى بولماپتۇ . بۇ يىل يولدا قاراقچىلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئاستانىگە بارىدىغان سۇ يولى يوق . پۈتۈنلەي قۇرۇقلۇق بىلەن بارىدىغان گەپ ،

ئالتۇن چوققا، ئېرلۇگشەن تېغى، شاپتۇللۇق تاغ، قىزىل قارىغايلىق دېگەن يەرلەردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەرلەر قاراقچىلارنىڭ ئۇۋىسى. ھەتتا يېنى سالتاڭ يولۇچىلارمۇ بۇ يەرلەردىن يەكتەن ئۆتەلمەيدۇ. قاراقچىلار سوۋغاتنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسا، بولىماي قالارمۇ؟ بىكار جېنىمدىن ئايرىلىپ كېتىدىكەنمەن، شۇڭا بېرىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن.

— ئۇنداق بولسا، قوغداپ بېرىشقا كۆپرەك چېرىك قوشۇپ بېرەي.

— غوجام، 500 چېرىك قوشۇپ بەرگەنلىرى بىلەنمۇ ئەسقاتمايدۇ. بۇ نېمىلەر قاراقچىلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالسىلا، ھەممىدىن ئاۋۋال تىكىۋېتىدۇ.

— بۇ گېپىڭچە، سوۋغاتنى ئەۋەتمىسەم بولىدىكەن - دە؟

— ئەگەر كەمىنىلىرىنىڭ مەسلىھەتى ئۆزلىرىگە ياقسا، بارسام باراي.

— سېنى ئەۋەتىدىغان بولغاندىكىن، مەسلىھەتىڭ نېمىشقا ماڭا ياقمىسۇن؟

— مېنىڭ مەسلىھەتىمچە، ھارۋىنىڭ لازىمى يوق، سوۋغاتلارنى ئون نەچچە ئەپكەشچى يولۇچىلاردەك ياسىنىپ ئېلىپ ماڭساق، ھەمراھ بولۇپ بارىدىغان ھېلىقى قاۋۇل ئون چېرىك ھامالدەك ياسىنىپ ئەپكەشلەرنى كۈتۈرسە، كەمىنىلىرى بىلەن بېرىشقا بىرلا ئادەم بولسا كۇپايە. يولۇچىدەك ياسىنىپ، كېچىلەپ ئاستانىگە غىپپىدە ئاپىرىۋېتىپ كەلسەك. مۇشۇنداق قىلغىنىمىز ياخشى بولارمىكىن.

— ئېيتقانلىرىڭ ئورۇنلۇق. مەن سېنى ئوبدان تونۇشتۇرۇپ خەت يېزىپ بېرەي، ئەمەلگە تەيىنلەش دەستىكى ئېلىپ كەلسەڭ ئەجەب ئەمەس.

— ھەزرەتلىرىنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا مىڭ رەھمەت.

ياڭ جى شۇ كۈنىلا بىر تەرەپتىن ئەپكەشلىرىنى تېڭىپ تەييارلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن چېرىكلەرنى تاللىدى.

ئەتىسى ياڭ جى ساراي ئالدىغا كېلىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغاندا،

لياڭ مىرزىبەگ چىقىپ :

— ھە ، ياڭ جى ، قاچان يولغا چىقىسەن ؟ — دەپ سورىدى .

— دەستەك يازدۇرۇپ بەرسىلە ، ئەتە سەھەر يولغا چىقسام بولارمىكىن ، — دېدى ياڭ جى .

— خېنىمىنىڭمۇ ۋەزىر ئەزەمنىڭ ئۆي ئىچىگە ئەۋەتىدىغان ئايرىم بىر ئەپكەشلىك سوۋغىتى بار ، شۇنىمۇ ئالغاچ كەت . سېنى يالغۇزلۇق تارتىپ قالمىسۇن دەپ ، بىزنىڭ خېنىمىنىڭ ئاتىغىسى شيې كابەگ بىلەن ئىككى پايلاقچىنى ساڭا قوشۇپ بېرىدىغان بولدۇم ، شۇلار سەن بىلەن بىللە بارسۇن .

— غوجام ، ئۇنداقتا مەن بارالمىغۇدەكمەن ، — دېدى ياڭ جى .

— سوۋغاتلارنى تېگىپ تەقمۇتەق قىلىپ بولۇپ ، يەنە نېمىشقا يالتىيىۋالىسەن ؟

— بۇ ئون ئەپكەش سوۋغاتنى ئېلىپ بېرىش جاۋابكارلىقى كەمىنىلىرىنىڭ زىممىسىدە بولسا ، باشقا ئادەملەر مېنىڭ ئىختىيارىمدا بولسا ، ئۇ چاغدا مەيلى كېچىسى ، مەيلى كۈندۈزى ماڭايلى ، مەيلى دەم ئالايلى ياكى ئۆتەڭگە چۈشەيلى ، مېنىڭ ئىختىيارىمدا بولىدۇ . ئەمدى كەمىنىلىرىگە كابەگ ئاكام بىلەن پايلاقچىلارنى قوشۇپ بېرىمەن دەۋاتىدىلا ، كابەگ ئاكام بولسا خېنىمىنىڭ ئادىمى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەزىر ئەزەمنىڭ ئاتىغىسى ، ئالىمادىس ، يولدا ئەپلىشەلمەي قالساق ، ئۇلارغا گېپىم ئۆتەمدۇ ؟ ئىشقا دەخلى يەتسە ئۇنىڭ جاۋابىنى قانداق بېرىمەن ؟

— بۇ ئاسان ، مەن ئۇلارغا ئېيتىپ قوياي ، ئۇلار ئۇچىسى سېنىڭ سۆزۈڭگە كىرسۇن .

— شۇنداق بولىدىغانلا بولسا بوپتۇ ، باراي ، دەستەك يېزىپ بەرسىلە . ناۋادا بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسام ، باش ئۈستىگە جاۋاب قىلىمەن .

— مەنمۇ ، — دېدى لياڭ مىرزىبەگ خوش بولۇپ ، — سېنىڭ مەنسىپىڭنى ئۆستۈرسەم بىكارغا كەتمىگۈدەك ، ئەقلى - ھوشۇڭ بار ئىكەن ! — دېدى - دە ، دەرھال شيې كابەگ بىلەن ئىككى پايلاقچىنى

ئالدىغا چاقىرتىپ، — باقاۋۇل ياڭ جى مېنىڭ دەستىكىمنى، ئون بىر ئەپكەشلىك ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت سوۋغىتىنى ئېلىپ ئاستانىدىكى ۋەزىر ئەزەم مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇپ كېلىدىغان بولدى. بۇ ئىشنىڭ جاۋابكارلىقى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ زىممىسىدە بولىدۇ. سىلەر ئۈچىڭلار ياڭ جىغا ھەمراھ بولۇپ بارسىلەر، يول ئۈستىدە يېتىپ - قوپۇش، يۈرۈش - تۇرۇشتا ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىڭلار، بويۇنتاۋلۇق قىلماڭلار. خېنىمنىڭ تاپىلىغان ئىشلىرىنى سىلەر ئۈچىڭلار ئورۇنداڭلار. ئېھتىيات قىلىڭلار، بالدۇر بېرىپ، بالدۇر قايتىپ كېلىڭلار، نەرسىلەرنى يوقىتىپ قويماڭلار، — دەپ جېكىلىدى.

— خوش، — دەپ جاۋاب بەردى كابەگ.

ياڭ جى شۇ كۈنىلا دەستەكلەرنى تاپشۇرۇۋالدى، ئەتىسى كۈن يورۇش بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئون ئەپكەش سوۋغىنى ساراي ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ تىزدى. قېرى كابەگ بىلەن ئىككى پايلاقچىمۇ بىر كىچىك ئەپكەش مال - دۇنيانى ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن جەمئىي ئون بىر ئەپكەشلىك سوۋغات بولدى. ئاندىن قاۋۇل ئون بىر نۆكەر تاللاندى، ئۇلار ھاممالچە ياساندى، ياڭ جى بولسا بېشىغا چىغ قالپاق، ئۈستىگە قارا شايى كۆڭلەك كىيىپ، ئايىغىغا چىگە چورۇق تارتىپ، بېلىگە يان قىلىچ ئېسىپ، قولىغا قىلىچ ئالدى. قېرى كابەگمۇ يولۇچى سىياقىدا ياساندى. ئىككى پايلاقچى ئۇنىڭ كەينىدە يۈرىدىغان چاكار قىياپىتىدە ياساندى ۋە قولىغا قىلىچ ھەم تاياق ئالدى. لياڭ مىرزىبەگ دەستەككە قوشۇمچە يېزىپ بەرگەن مەكتۇپنى بەردى. ئۇلار قورساقلىرىنى تازا تويغۇزۇپ، لياڭ مىرزىبەگ بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى. چېرىكلەر ئەپكەشلەرنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. ياڭجى بىلەن كابەگ ۋە ئىككى پايلاقچى قورۇقداپ ماڭدى. بۇ 15 ئادەم لياڭ مىرزىبەگ مەھكىمىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، يۇقىرى ئاستانە دەرۋازىسىدىن چىقىپ، چوڭ يول بىلەن كۈنچىقىش ئاستانىگە راۋان بولدى. بۇ دەل 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى، ھاۋا ئوچۇق، ئەمما ئىسسىق دەستىدىن يول مېڭىش قىيىن ئىدى. شۇ كۈنى ياڭ

چىلار سەي جىڭنىڭ 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى مەۋلۇت مەركىسىگە ئۇلگۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ، يولنى تېز ـ تېز بېسىپ ماڭماقتا ئىدى . بۇلار يۇقىرى ئاستانىدىن چىقىپ ، ئالتە ـ يەتتە كۈنگىچە ھەر كۈنى كۈن يورۇشى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ، سەھەر سالقىنىدا مېڭىپ ، چۈشلۈكى كۈن ئىسسىپ كەتكەندە دەم ئالدى .

ئالتە ـ يەتتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، يول ئۈستىدە بارا ـ بارا ئادەملەر ئازىيىپ ، ئۆتەڭ بىلەن ئۆتەڭنىڭ ئارىلىقىدىمۇ تاغ يوللىرى كۆپەيدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياڭ جى ئۇلارنى قاق سەھەردە يولغا چىقىپ ، كۆز باغلانغاندا دەم ئېلىشقا قىستىدى . ئون بىر نۆكەرنىڭ كۆتۈرگەن ئەپكەشلىرىنىڭ بىرەرىمۇ يېنىكرەك ئەمەس ئىدى . كۈن بولسا پىژىلداپ ئىسسىپ كەتكەنىدى ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ماڭغۇسى كەلمەي ، دەرەخلىك ئۆچرىسىلا دەم ئالغۇسى كېلەتتى . ياڭ جى ئۇلارنى مېڭىڭلار دەپ ھەيدەيتتى . ئەگەر تۇرۇۋالسا تىللاپ ياكى ئۇرۇپ ، زورمۇزور ماڭدۇراتتى . ئىككى پايلاقچى كىچىكرەك بوخچا كۆتۈرۈپ ماڭغان بولسىمۇ ، ھاسىراپ ماڭالماي قالدى . ياڭ جى ئۇلارغا كايىپ :

— ئىككىڭلار خويمۇ بەغەرەزلىك قىلىۋاتىسىلەر ! بۇ ئىشنىڭ جاۋابكارلىقى مېنىڭ ئۈستۈمدە تۇرسا ، ماڭا بۇ بىر نېمىلەرنى ئۇرۇپ ھەيدىشىپ بەرمەي ، ئۆزۈڭلارمۇ ئارقىدا قېلىۋاتىسىلەرغۇ ، بۇ ئويناشقىدىغان يول ئەمەس !— دېدى .

— ئىككىمىز قەستەن ئاستا مېڭىۋاتقىنىمىز يوق ، — دېدى پايلاقچىلار ، — كۈننىڭ ئىسسىقىدىن ماڭالماي ئارقىدا قېلىۋاتىمىز ، ئاۋۇ كۈنلەردە سەھەر سالقىنىدا ماڭاتتۇق ، ئەمدى نېمىشقىكىن ، تازا ئىسسىپ كەتكەندە ماڭىدىغان بولۇپ قالدۇق ، تەڭشەلمىگەن جاھان دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك .

— سىلەرنىڭ بۇ گېپىڭلار ئوسۇرۇۋققا تەڭ ! نەچچە كۈن بۇرۇن ماڭغىنىمىز بىخەتەر يول ئىدى ، ھازىر خەتەرلىك يەرگە كېلىپ قالدۇق ، بۇنداق يەردىن كۈندۈزى ئۆتۈپ كەتمىسەك ، ئاخشىمى ماڭغىلى بولامدۇ ! — دېدى ياڭ جى .

ئىككى پايلاقچى ئاغزىدا بىر نەرسە دېمىسىمۇ ، كۆڭلىدە : «تىنى-

ماي تىللاۋېرىدىغان ئەسكى بىر نېمىكەن» دەپ ئويلىدى . ياڭ جى بىر قولىغا قىلىچ ، بىر قولىغا تاياق ئېلىپ ، ئەپكەش كۆتۈرگەنلەرنىڭ كەينىدىن ھەيدەپ ماڭدى .

ئىككى پايلاقچى دەرەخنىڭ سايىسىدە قېرى كابەگنى كۆتۈپ ئولتۇردى . ئۇ كەلگەندىن كېيىن پايلاقچىلار ئۇنىڭغا :

— ياڭ جى دېگەن بۇ بىرنېمە ھەرقانچە بولسىمۇ ، غوجامنىڭ قول ئاستىدىكى بىر باقاۋۇل ، بىزگە شۇنچە ھاكاۋۇرلۇق قىلامدۇ ! — دەپ شىكايەت قىلدى .

— غوجام ئۇنىڭ بىلەن ئەپ ئۆتۈڭلار دەپ جېكىلىگەندى ، شۇڭا بىرنېمە دېمەيۋاتىمەن . ئىككى كۈندىن بېرى مېنىڭ كۆزۈمگىمۇ غەلىتە كۆرۈنۈۋاتىدۇ . ھازىرچە لېۋىمنى چىشلەپ تۇرۇۋاتىمەن ، — دېدى كابەگ .

— غوجام يۈز - خاتىر قىلىپ شۇنداق دېگەندۇ ، ئۆزلىرى ئاتىدارچىلىق قىلسىلا ، — دېدى پايلاقچىلار .

— ھازىرچە لېۋىمىزنى چىشلەپ تۇرايلى ، — دېدى قېرى كابەگ .

شۇ كۈنى ئۇلار كۆز باغلانغىچە يۈرۈپ بىر دەڭگە كېلىپ چۈشتى . ھېلىقى ئون نۆكەر ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ، پۈتۈن ئەزايىدىن يامغۇردەك تەر تېمىپ تۇرغان ھالدا قېرى كابەگكە :

— بىز شورپېشانىلەر نېمىشقىمۇ چېرىك بولۇپ قالغاندىمىز ، بۇ ئىشنىڭ مۇشەققەتلىكلىكىنى بىلسەكمۇ ، ئىلاجسىزلىقتىن يولغا چىقىپ قالدۇق ، ھاۋا مۇشۇنداق ئىسسىپ كەتتى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېغىر ئەپكەشنى كۆتۈرۈپ مېڭىۋاتىمىز . بۇ ئىككى كۈندىن بۇيان ئەتىگەنكى سالقىن ھاۋادا ماڭدۇرماي ، كۈن ئىسسىغاندا ماڭدۇرۇۋاتىدۇ . ھەدېسىلا تاياق بىلەن ساۋايدۇ ، بىزمۇ ئوخشاشلا ئادەم بالىسىغۇ ، بۇ ئازابقا قانداقمۇ چىدايمىز ! — دېدى .

— رەنجىمەڭلار ، ئاستانىگە بارغاندا سىلەرگە ئىنئام بېرىمەن ، — دېدى قېرى كابەگ .

— ناۋادا بىزگە كابېگىمىزدەك مۇشۇنداقلا مۇئامىلە قىلسا ،

ھەرگىز رەنجىمەيتتۇق ، — دېدى چېرىكلەر .
كۆپچىلىك شۇ كېچىسى قوندى ، ئەتىسى تاڭ ئاتماستىنلا ئورۇن-لىرىدىن تۇرۇپ ، ھاۋانىڭ سالقىن ۋاقتىدا ماڭماقچى بولۇپ تەۋرەش-تى . ياڭ جى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ :
— نەگە ! ئۇخلاڭلار ، مېنىڭ ئاغزىمغا قاراڭلار ! — دەپ ۋارقى-رىدى .
— سالقىندا ماڭدۇرمايدىكەنلا ، كۈن ئىسسىپ كەتكەندە ماڭالمى-ساق ساۋايدىكەنلا ، — دەپ گەپ ياندۇردى چېرىكلەر .
— سەنلەر نېمىنى بىلىشىسەن ؟ — دەپ تىللىغان پېتى قولىغا تاياقنى ئېلىپ ساۋىماقچى بولدى دەرغەزەپ بولۇپ ياڭ جى .
چېرىكلەر دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، نائىلاج يەنە ياتتى . شۇ كۈنى قاق سەھەردە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ، ئالدىرىماي تاماق ئېتىپ يەپ ، ئاندىن يولغا چىقتى . ياڭ جى يول ئۈستىدە چېرىكلەرنى بىرەر دەرەخ سايىسىگە بېرىپ دەم ئالغىلى قويماي ، ئۇرۇپ ھەيدەيتتى . ئون بىر چېرىك يولدا غۇدۇڭشىغان بويى ماڭدى ، ئىككى پايلاقچىمۇ قېرى كابەگكە ھال - دەردىنى تۆكۈپ ماڭدى . قېرى كابەگ ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىغاندەك قىلسىمۇ ، لېكىن كۆڭلىدە ياڭ جىغا غەزەپلىنەتتى .
گەپنى ئۇزارتمايلى . شۇ تەرىقىدە 14 ـ 15 كۈندەك يول ماڭدى . 14 كىشىنىڭ ئىچىدە ياڭ جىدىن رەنجىمىگەن بىرمۇ كىشى قالمىدى . شۇ كۈنى ئۇلار دەڭدە تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئالدىرىماي تاماق ئېتىپ يەپ ، ئاندىن يولغا چىقتى . بۇ دەل 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئىدى ، كۈن چۈش بولماستىنلا ، ئاسماندا ئوتتەك قىزىغان كۈندىن باشقا بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى ، ئاپتاپ پىژىلداپ تۇراتتى .
ئۇلارنىڭ شۇ كۈنى ماڭغان يولى تاغ ئارىسىدىكى خىلۋەت ، ئەگ-رى - توقاي چىغىر يوللار ۋە تاغ چوققىلىرىغا جايلاشقان يوللار ئىدى . ياڭ جى ئاشۇ ئون بىر چېرىككە نازارەت قىلىپ ، ئالاھەزەل 20 نەچچە چاقىرىم يول باستى . چېرىكلەر سۆگەت سايىسىدە بىردەم ئارام ئېلىۋالماقچى بولىۋىدى ، ياڭ جى تاياق بىلەن ساۋاپ :

— ئىتتىك مېڭىش ! كىم سەنلەرنى دەم ئال دېدى ! — دەپ ۋارقىرىدى .

چېرىكلەر كۆككە باقتى ، كۆكتە بىرزەمۇ بۇلۇت يوق ، ھاۋا چىدىغۇسىز ئىسسىپ كەتكەنىدى .

بۇ چاغدا ياڭ جى چېرىكلەرنى تاغ ئارىسىدىكى خىلۋەت يوللار بىلەن ھەيدەپ ماڭدى . كۈن چۈش بولغاندا كۈن تەپتىدىن تاشلار قىزىپ كەتكەنلىكتىن ، چېرىكلەرنىڭ تاپانلىرى كۆيۈپ ، يەرگە دەسسىيەلمەي قالدى . چېرىكلەر :

— ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى ، ئىسسىقتا ئۆلىمىزمۇ ! — دېدى .

— چاپسان مېڭىش ، ئالدىمىزدىكى تۆپىلىكتىن ئۆتۈۋېلىپ ، ئاندىن بىرنېمە دەرمىز ، — دېدى ياڭ جى چېرىكلەرگە ۋارقىراپ .

بۇلار كېتىۋاتقاندا ئالدى تەرەپتىن بىر تۆپىلىك كۆرۈندى .

شۇ چاغدا بۇ 15 كىشى تۆپىلىككە چىقىپ ، ئەپكەشلىرىنى يەرگە قويۇشتى . بۇلاردىن 14 ى قارىغايلىقنىڭ تۈۋىگە بېرىپ يېتىۋالدى . ياڭ جى :

— ئىش چاتاق ! بۇ قانداق جاي ، بىلىشەمسەن ، سەنلەر تېخى بۇ يەردە دەم ئېلىپ سەگىدىمەكچىمۇ ؟ ئورۇنلىرىڭدىن تۇرۇپ چاپسان مېڭىش ! — دېدى .

— بىزنى مىڭ پارە قىلسىۋەتسەڭلىمۇ ماڭالمىغۇدەك بولۇپ قالدۇق ! — دېدى چېرىكلەر .

ياڭ جى تاياقنى ئېلىپ ، ئۇلارنىڭ باش - كۆزىگە ساۋاۋەردى ، بىرنى ساۋاپ تۇرغۇزسا ، يەنە بىرى يېتىۋېلىپ ، ياڭ جىغا بوي بەرمىدى .

شۇ چاغدا ئىككى پايلاقچى بىلەن قېرى كابەگمۇ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كېلىپ ، قارىغاي تۈۋىگە بېرىپ دەم ئېلىشقا ئارانلا ئۈلگۈردى . ياڭ جىنىڭ چېرىكلەرنى ساۋاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن قېرى كابەگ :

— باقاۋۇل ، بۇلار ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىدىن ماڭالمايۋاتىدۇ ، ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا بولارمىكىن ، — دېدى .

— كابەگ، — دېدى ياڭ جى، — سىلى بىلمەيلا، بۇ يەر قاراقچىلارنىڭ ماكانى بولغان سېرىق تۆپە دېگەن يەر شۇ، ئادەتتىكى تىنچ ۋاقىتتىمۇ بۇ يەردىكى قاراقچىلار كۆپكۆندۈزدىلا ئادەم بۇلايدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۇ يەردە قانداق توختىيالايمىز!

— سىلى بۇ گەپنى نەچچە ياندۇرۇپ دېدىلە، مۇشۇنداق گەپ بىلەن بىزنى قورقۇتۇپ كەلدىلە! — دېدى ئىككى پايلاقچى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ.

— ھازىرچە بۇلار ئازراق دەم ئېلىۋالسۇن، كۈن سەل قىيىلغاندىن كېيىن ماڭساق قانداق؟ — دېدى قېرى كابەگ.

— سىلىمۇ بەغەرەزلىك قىلىۋاتىدىلا. ئۇنداق قىلغىلى بولامدۇ؟ تۆپىلىكتىن پەسكە چۈشكەندە يەتتە، سەككىز چاقىرىمغىچە ئاھالىلىكتا ئادەم يوق تۇرسا، بۇنداق خەتەرلىك يەردە قانداقسىگە دەم ئالغىلى بولىدۇ؟ — دېدى ياڭ جى.

— مەن مۇشۇ يەردە دەمً ئېلىۋېلىپ ماڭاي، سىلى چېرىكلەرنى ھەيدەپ مېڭىپ تۇرسىلا، — دېدى قېرى كابەگ.

ياڭ جى قولىغا تاياقنى ئېلىپ چېرىكلەرگە:

— قايسىڭ ماڭمىساڭ، مۇشۇ تاياق بىلەن 20 نى ساۋايمەن، — دەپ ۋارقىرىدى.

— باقاۋۇل، سىلى قۇرۇق قول ماڭغان بىلەن بىز 100 پاتماندىن ئېغىر يۈك كۆتۈرۈپ مېڭىۋاتىمىز. سىلى بىزنى راستىنلا ئادەم قاتارىدا كۆرمەيۋاتىدىلا! غوجام ئۆزى كەلگەن بولسىمۇ، بىزنىڭ بىرەر ئېغىز سۆزىمىزنى ئېلىشى ئالاتتى. سىلى كىشىنىڭ دەردىگە يەتمەي، بۇيرۇقنىلا زورلايدىكەنلا! — دېدى چېرىكلەردىن بىرى ياڭ جىغا يېلىنىپ. چېرىكلەرنىڭ ھەممىسى چۇقان كۆتۈرۈشتى.

— ماۋۇ ھايۋان نېمە جېنىمنى چىقىرىدۇ! ئەمدى ساۋىشىمنى كۆر! — دېدى ياڭ جى تىللاپ ۋە تاياقنى ئېلىپ ئۇنىڭ باش - كۆزىگە سېلىۋەردى.

— باقاۋۇل، توختىسىلا! گېپىمگە قۇلاق سالسىلا. مەن ئاستانىدە ۋەزىرئەزەم مەھكىمىسىدە ئاتىغا بولۇپ تۇرغان چېغىمدا، كۆر-

مىلىك بەگ ـ سىپاھىلار بار ئىدى. ئۇلار مېنى كۆرگەندە ھۆرمەتلەپ، ئۇستى ـ ئۇستىگە «خوش» دەپ تۇراتتى. مېنى جاۋاب ياندۇرۇۋاتىدۇ دېمىسىلە، ئۆزلىرى ئەسلىي ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان چېرىك ئىدىلە، غوجام ئۆزلىرىگە ئىچ ئاغرىتىپ باقاۋۇللۇققا ئۆستۈردى. ئەمدى تېرىقتەك كىچىككىنە مەنسەپكە ئۇلىشىۋېلىپلا، ئەجەب چوڭچىلىق قىلىدىغان بولۇۋالدىلا! ھېلىغۇ مەن غوجامنىڭ ئالدىدىكى كابەگ ئىكەنمەن، ناۋادا يېزىنىڭ مويسىپىتى بولغان تەقدىردىمۇ، مېنىڭ نەسىھەتىمنى ئاڭلاپ قويغانلىرى تۈزۈك ئىدى. ئۇلارنى ئۇرۇۋېرىپ نېمە قىلغانلىرى؟ — دەپ ۋارقىرىدى كابەگ.

— كابەگ، سىلى شەھەردە تۇغۇلۇپ، ئوردىدا ئۆسكەنلىكلىرى ئۈچۈن يول ئازاۋىنى بىلمەيدىلا، — دېدى ياڭ جى.

— مەن، — دېدى قېرى كابەگ، — گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، سىچۈەنلەرگىمۇ باردىم، لېكىن سىلىدەك مەمەدان ئادەمنى كۆرمىدىم.

— بۇ كۈنلەرنى تىنچ ۋاقىتلارغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ، — دېدى ياڭ جى.

— بۇنداق گەپنى قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن تىللىرىنى كېسىش كېرەك. بۇ كۈنلەرنى نېمىشقا تىنچ دېگىلى بولمايدۇ؟ — دېدى كابەگ.

ياڭ جى جاۋاب قايتۇرۇشقا تەمشەلگىنىدە، ئۇدۇلىدىكى قارىغايلىقنىڭ ئىچىدە بىر ئادەمنىڭ ماراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ شۇ ھامان:

— دېمىدىممۇ ئەنە، قاراقچىلار كېلىپ قالدى! — دېدى ـ دە، قولىدىكى تاياقنى تاشلاپ، قىلىچىنى كۆتۈرگەن پېتى قارىغايلىققا يۈگۈرۈپ بېرىپ:

— قانداق قاپ يۈرەك بىر نېمىسەن، مېنىڭ مېلىمنى كۆزلەشكە جۈرئەت قىلغان! — دەپ توۋلىدى.

ياڭ جى يېقىن بېرىپ قارىسا، قارىغايلىقتا يەتتە غالتەك هارۋا تۇرۇپتۇ، هارۋىنىڭ يېنىدا يەتتە كىشى قىپيالىڭاچ سەگىدەپ ئولتۇ-

رۇپتۇ . چېكىسىدە چولڭ قىزىل مېڭى بار بىر كىشى قىلىچ كۆتۈرۈپ ياڭ جىنىڭ ئالدىغا كەلدى . شۇ چاغدا ھېلىقى يەتتە كىشى «ھوي !» دەپلا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇشتى .

— سەنلەر نېمە ئادەملەر ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ياڭ جى .

— سەن نېمە ئادەم ؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى يەتتە كىشى .

— سەنلەر قاراقچىمۇ ؟

— سەن ئۆزۈڭدىن سورا ! بىز ئۇششاق ئوقەتچىلەر ، ساڭا بېرىدىغان پۇلىمىز يوق .

— سەنلەر ئۆزۈڭلارنى ئۇششاق ئوقەتچىلەر دەپ ، مېنى بايۋەچچى كۆرۈۋاتامسىلەر ؟

— سەن زادى نېمە ئادەم ؟

— ئېيتىمىش ، زادى نەدىن كېلىشتىڭ ؟

— بىز يەتتە بۇرادەر ، خاۋجۇلۇق ، — دېدى بۇ يەتتە كىشىنىڭ بىرى ، — ئاستانىگە سېتىش ئۈچۈن چىلان ئېلىپ كېتىۋاتىمىز . بۇ يەر ئۆتەر يولىمىز ئىكەن ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇ سېرىق تۆپىدە قاراقچىلار دائىم كارۋانلارنى بۇلاپ تۇرىدۇ ، دەپ ئاڭلىدۇق . بىزدە مۇشۇ چىلاندىن باشقا ھېچ نەرسە بولمىسا ، نېمىدىن قورقىمىز ، دەپ مېڭىۋەردۇق . مانا بۇ تۆپىگە چىققاندىن كېيىن ئىسسىققا چىدىيالماي ، دەرەخنىڭ سايىسىدە بىردەم سەگىدەپ ، كەچقۇرۇن ماڭايلى دەپ ئولتۇراتتۇق ، ئادەم ئاۋازى ئاڭلاندى ، قاراقچىلار كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ بۇ ئىنىمىزنى قاراپ بېقىشقا چىقارغان ئىدۇق .

— ھە ، مۇنداق دېسەڭلەرچۇ ، — دېدى ياڭ جى ، — سىلەرمۇ يولۇچىلار ئىكەنسىلەرغۇ ، ھېلى سىلەرنىڭ ماراۋاتقىنىڭلارنى كۆرۈپ ، قاراقچىلارمىكىن دەپ يۈگۈرۈپ كېلىشىم .

— كارۋان بېگىم ، بىرنەچچە چىلان يەپ كەتسىلە ، — دېدى ھېلىقى يەتتە كىشى .

— خوش ، — دېدى ياڭ جى ۋە قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ، ئەپكەشلەر يېنىغا قايتىپ كەلدى .

— ئوغرى بولىدىغان بولسا ، بىز ماڭايلى ، — دېدى قېرى كابەگ .

— مەن قاراقچىلارمىكىن دەپتىمەن ، چىلان ساتقىلى كېتىۋاتقان بىرنەچچە يولۇچىكەن ، — دېدى ياڭ جى .

قېرى كابەگ چېرىكلەرنى كۆرسىتىپ :

— ناۋادا بايا دېگەنلىرىدەك بولىدىغان بولسا ، مانا بۇلار هايات قالمىغان بولاتتى ! — دېدى تەنە قىلىپ .

— بۇنداق تەنە گەپنىڭ لازىمى يوق ، هەر هالدا ئامان بولغىنىمىز ياخشى ، بوپتۇ دەم ئېلىڭلار ، سەل سالقىن چۈشكەندە ماڭارمىز ، — دېدى ياڭ جى .

چېرىكلەرنىڭ هەممىسى كۈلۈشتى . ياڭ جىمۇ قىلىچىنى يەرگە سانجىپ قويۇپ ، دەرەخ سايىسىگە بېرىپ سەگىدەپ دەم ئالدى .

بىر ئاش پىشىم ۋاقىتمۇ ئۆتمەيلا ، يىراقتىن بىر يىگىتنىڭ ئىككى سوغىنى ئەپكەشتە كۆتۈرۈپ ، ناخشا ئېيتىپ تۆپىلىككە چىقىۋاتقانلىقى كۆرۈندى .

ئۇ تۆپىلىككە چىقىپ ، قارىغايلىقتا ئەپكىشىنى يەرگە قويۇپ دەم ئالدى . چېرىكلەر بۇنى كۆرۈپ :

— سوغىڭىزدىكى نېمە ؟ — دەپ سورىدى .

— مەي ، — دەپ جاۋاب بەردى يىگىت .

— نەگە ئاپىرىسىز ؟

— يېزىغا ئاپىرىپ ساتىمەن .

— بىر سوغىسى نەچچە پۇل ؟

— كېمى يوق بەش تىزىق يارماق .

چېرىكلەر : «ئىسسىقتا ئۇسساپ كەتتۇق ، ئۇنىڭدىن ئازراق ئېلىپ ئىچمەيلىمۇ ؟ هاردۇقىمىز چىقىپ قالار» دەپ مەسلىهەتلىشىپ ، پۇل يىغىش قىلىشقا باشلىدى . ياڭ جى بۇنى كۆرۈپ :

— سەنلەر يەنە نېمە قىلىشىۋاتىسەن ؟ — دەپ ۋارقىرىدى .

— مەي ئېلىپ ئىچەيلى دەۋاتىمىز ، — دېدى ئۇلار .

— مەندىن سوراپ باقمايىزە ، ئۆز مەيلىڭلارچە مەي ئېلىپ ئىچىش-

مەكچى بولۇشتۇڭمۇ، نېمانچە ھەددىڭلاردىن ئېشىپ كېتىشتىڭ! — دەپ ياڭ جى تىللىغان پېتى قىلىچىنىڭ دەستىسى بىلەن چېرىكلەرنى ئۇرۇشقا باشلىدى.

— بىزنى بىكاردىن - بىكار ئۇرامدىلا! ئۆزىمىز پۇل يىغىش قىلىپ ئېلىپ ئىچسەك نېمە بوپتۇ، سىلىنىڭ نېمە كارلىرى! بۇنىڭغىمۇ ئۇرامدىلا! — دېدى ئۇلار.

— ھەي سەھرالىق تومپايلار، نېمىنى بىلىشسەن! قورساقىڭلا غېمىنى قىلىشسەن! يول ئازابىدىن، ھىيلە - نەيرەڭلەردىن خەۋەرىڭلار يوق، نى - نى پالۋانلار سەپەر ئۈستىدە بىھوش قىلىدىغان دورا سېلىنغان مەينى ئىچىپ تۈگىشىپ كەتكەن! — دېدى ياڭ جى.

— كارۋان بېگىم، ئۆزلىرى خويمۇ بىشەم ئادەم ئىكەنلا! مەن تېخى سىلىگە مەي ساتقىنىم يوققۇ، شۇنداقمۇ دەمدىلا! — دېدى مەي ئېلىپ كەلگەن يىگىت ياڭ جىغا قاراپ سوغۇققىنا كۈلۈپ.

بۇلار قارىغاي تۈۋىدە ماجىرالىشىپ تۇراتتى، قارىغايلىقنىڭ ئىچىدە تۇرغان چىلان سودىگەرلىرى قىلىچلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ:

— نېمىشقا ماجىرالىشىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ماۋۇ مەينى يېزىغا ئېلىپ بېرىپ ساتماقچى ئىدىم، كۈن ئىسسىپ كەتتى، ماۋۇ يەرگە كېلىپ دەم ئېلىپ ئولتۇرسام، بۇلار مەيدىن ئازراق سېتىپ بەرسەڭ دېيىشتى. مەن تېخى ساتمايلا، ئاۋۇ كارۋان بېگى مەي ئىچىگە بىھوش دورىسى سېلىپ قويۇلغان، دېگەن گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ. بۇ قىزىق گەپ ئەمەسمۇ؟ شۇنداقمۇ دەمدۇ! — دېدى مەي ساتقۇچى يىگىت.

— قاراقچى كېلىپ قالدىمىكىن دەپتىمىز، — دېدى ھېلىقى يەتتە يولۇچى، — بۇنداق گەپكەن - دە. بوپتۇ، ئۇنچىلىك گەپنىڭ ھېچقىسى يوق. بىزنىڭمۇ ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرۇشقا مەي ئىچكۈمىز بار ئىدى. ئەگەر بۇلار شەكلىنىپ قالغان بولسا، بىر سوغىسىنى بىزگە سېتىپ بەر.

— ياق ساتمايمەن، — دېدى مەي ساتقۇچى يىگىت.

— ھەي دىتى يوق نوچى، بەغەرەز بىر نېمە ئىكەنسەنغۇ، بىز

ئۇنداق دېمىدۇققۇ . مەينى يېزىغا ئېلىپ بېرىپمۇ بەربىر ساتىسەن ، بىزمۇ پۇل بەرگەندىكىن ، ئازراق سېتىپ بەرسەڭ نېمە بولاتتى ؟ يېزىغا بېرىپ چاي پۇلى تۆلەپمۇ يۈرمەيسەن ، بىزنىڭمۇ ئۇسسۇزلۇقد- مىزنى قاندۇرىسەن ئەمەسمۇ .

— مەيلى ، سىلەر بىلەن تالىشىپ ئولتۇرماي ، بىر سوغىسىنى سېتىپ بېرەي . ئۇلارنىڭ سۆزى مېنىڭ جېنىمغا تەگكەنلىكتىن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەمچەن قاچا بولمىغانلىقتىن ساتمىغانىدىم ، — دېدى يىگىت .

— بەللى يىگىت ، ئەجەبمۇ گىرى ئىكەنسەن ! ئۇنداق دېگەن بولسا نېمە بولاتتى ؟ بىزدە نوگاي بار ، — دېدى يەتتە يولۇچى .

ئۇلاردىن ئىككىسى غالتەكنىڭ يېنىغا بېرىپ ئىككى نوگاينى ، يەنە بىرى بىر ئۇچۇم چىلاننى ئېلىپ كەلدى ، يەتتە كىشى سوغىنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىپ ، سوغىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى ـ دە ، نوگاي بىلەن مەينى ئۇسۇپ نۆۋەتلىشىپ ئىچىشتى ، چىلاننى يېدى . بىردەمدىلا بىر سوغا مەي ئىچىلىپ بولدى . يەتتە يولۇچى :

— بۇنىڭ نەرخىنى سورىماي ئىچىپتۇق ، نەرخى قانچە ؟ — دەپ سورىدى .

— مەن ئەزەلدىن نەرخىنى تالاشمايمەن ، بىر سوغىسى كېمى يوق بەش تىزىق يارماق ، ئىككى سوغىسى ئون تىزىق يارماق .

— ماقۇل ، سېنىڭ دېگىنىڭدەك بەش تىزىق يارماقمۇ بېرەيلى ، لېكىن بىر نوگاي مەي قوشۇپ بەرگىن .

— قوشۇپ بېرەلمەيمەن ، توختالغان نەرخى شۇ .

يولۇچىلاردىن بىرسى مەي پۇلىنى بېرىۋاتقاندا ، يەنە بىرسى ئىككىنچى سوغىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ، بىر نوگاي ئۇستى ـ دە ، ئىچىشكە باشلىدى . يىگىت تارتىۋالغىلى كېلىۋىدى ، ھېلىقى يولۇچى يېرىم نوگاي مەينى كۆتۈرۈپ قارىغايلىققا ئىكمۈەتتى . يىگىت قوغلاپ كېتىۋاتاتتى ، ئاڭغىچە قارىغاي ئارىسىدىن يەنە بىرسى بىر نوگاينى كۆتۈرۈپ چىقىپ ، سوغىدىن يەنە بىر نوگاي مەي ئۇستى ، يىگىت ئۇنى كۆرۈپ ، ئېتىلغان بويى كېلىپ ، نوگاينى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋې-

لىپ ، مەينى سوغىغا ياندۇرۇپ تۆكۈۋېتىپ ، سوغىنىڭ ئاغزىنى بې-
كىتتى ۋە نوگاينى يەرگە ئېتىۋېتىپ :

— ئادەم ئەپتىگلار يوق پەس نېمىلەر ئىكەنسىلەر ! سالاپەتلىك ئادەملەر .مۇشۇنداقمۇ پەسلىك قىلامدۇ ! — دېدى غۇدۇڭشىپ .

بۇلارنىڭ ئۇدۇلىدىكى چېرىكلەرنىڭمۇ گېلى قىچىشىپ ، تازا ئىچكۈسى كەلدى . ئارىدىن بىرى قېرى كابەگكە :



— بەگ ئاتا، بىز ئۈچۈن بىر گەپ قىلىپ قويسىلىچۇ، ئاۋۇ چىلان ساتقۇچىلار بىر سوغىنى ئېلىپ ئىچىپ بولدى، بىزمۇ بىر سوغا ئېلىپ ئىچىپ، گېلىمىزنى نەمدىۋالساق نېمە بولاتتى، ھاۋا شۇنداق ئىسسىپ ئۇسساپ ھېچ ھالىمىز قالمىدى. بۇ تۆپىلىكتە نە بىر ئىچكۈدەك سۇ تېپىلمايدىكەن، بەگ ئاتا بىر ياخشىلىق قىلسىلا، — دېدى.

قېرى كابەگ چېرىكلەرنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزد-نىڭمۇ ئاز - تولا ئىچكۈسى كېلىپ، ياڭ جىغا:

— ئاۋۇ چىلان ساتقۇچىلار بىر سوغا مەينى ئېلىپ ئىچىپ بوپتۇ، بىر سوغىسىلا قاپتۇ، بۇ تۆپىلىكتە زادىلا سۇ تېپىلمايدىكەن، چېرىكلەر شۇ مەيدىن ئازراق ئېلىپ، ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇۋالسا بولار، — دېدى.

ياڭ جى: «مەن يىراقتىن قاراپ تۇرسام، ئۇ بىر نېمىلەر ئۇنىڭ مېيىدىن ئېلىپ ئىچتى، يەنە بىر سوغىسىدىنمۇ يېرىم نوگاي ئۇسۇپ ئىچىۋالدى، شۇنىڭغا قارىغاندا، مەي تازا ئوخشايدۇ، بۇ چېرىكلەرنىمۇ تولا ئۇرۇۋەتتىم، ئاز - پاز ئىچسىمۇ ئىچسۇنا» دەپ ئويلاپ:

— كابېگىم، ئۆزلىرى ئىچسۇن دېگەندىكىن، مەن نېمىدەي. بوپتۇ، بۇلارمۇ ئىچسە ئازراق ئىچىۋالسۇنا، ئاندىن يولغا چىقارمىز، — دېدى.

چېرىكلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپلا، بەش تىزىق يارماق يىغىش قىلىپ، مەي سېتىۋالماقچى بولدى. ھېلىقى مەي ساتقۇچى يىگىت:

— ساتمايمەن! ساتمايمەن! بۇ مەينىڭ ئىچىدە بىھوش دورىسى بار، — دەپ تۇرۇۋالدى.

چېرىكلەر ئوچۇق چىراي بىلەن يالۋۇرۇپ:

— ئاكا، يوق گەپنى تەگەپ يۈرمەڭ! — دېدى.

— ساتمايمەن. چاتاق قىلماڭلار! — دېدى يىگىت.

— ھەي دىتى يوق يىگىت، بىرەر ئېغىز گەپنى ئورۇنسىز قىلىپ قويۇپتۇ، سەنمۇ گىرىلىك قىلما. شۇ بىر ئادەمنىڭ ئورۇنسىز سۆزد-نىڭ كاساپىتى بىلەن بىزگىمۇ بىرمۇنچە گەپنى قىلىۋالدىڭ. ئۇ

گەپنى بۇلار دېمىگەندىن كېيىن ، بۇلارغا ئازراق سېتىپ بەرسەڭ بولىۋەرمەمدۇ ، — دەپ سۇلھى ـ سالا قىلىشتى چىلان ساتقۇچىلار .

— ئۇنداق بولسا ، يوق ئىشقا گۇمان قىلىپ نېمە قىلىدۇ ؟ — دېدى يىگىت .

چىلان ساتقۇچىلار ھېلىقى يىگىتنى بىر ياققا ئىتتىرىۋېتىپ ، سوغىنى كۆتۈرۈپ چېرىكلەرنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ بەردى . چېرىكلەر سوغىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئىچىشكە تەمشەلدى ، لېكىن ئۇسۇپ ئىچەـ دىغان ھېچ نەرسە بولمىغاچقا ، چىلان ساتقۇچىلاردىن ھېلىقى نوگاينى سورىۋالدى . چىلان ساتقۇچىلار :

— بوپتۇ ، ماۋۇ چىلانىنىمۇ هاراق بىلەن يەڭلار ، — دېدى .

— ياق ، كايىماڭلار ، — دېدى چېرىكلەر مىننەتدارلىق بىلدۈـ رۈپ .

— بىرنەچچە تال چىلاننى ئېلىشقىمۇ تارتىنامسىلەر ، ھەممىمىز بىر يولۇچى ، ھېچقىسى يوق ، — دېدى چىلان ساتقۇچىلار .

چېرىكلەر ئۇلارغا ھەشقاللا ئېيتىپ ، چىلاننى ئېلىشتى ، ئۇلار ئاۋۋال ئىككى نوگاي ئۇسۇپ ، بىر نوگىينى كابەگكە ، يەنە بىر نوگىينى باقاۋۇل ياڭ جىغا تۇتتى . ياڭ جى ئىچكىلى ئۇنىمىدى ، قېرى كابەگ ئالدى بىلەن ئىچىۋەتتى ، ئىككى پايلاقچىمۇ بىر نوگاي ئىچتى . چېرىكلەر قىزىپ كېتىپ ، سوغىدىكى مەينىڭ قالدى ـ قاتتىسىنى ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئىچىپ بولدى . ياڭ جىنىڭ ئەسلىدە ئىچكۈسى يوق ئىدى ، لېكىن چېرىكلەرنىڭ مەينى ئىچىپ ھېچنېمە بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھاۋا تازا قىزىپ ئۆزىمۇ ئۇسساپ چىدىيالماي قالغانلىقىدىن ، ئۇ نائىلاج نەچچە تال چىلان بىلەن مەينىڭ يېرىمىنى ئىچتى .

— مەن سىلەردىن يېرىم تىزىق يارماقنى كەم ئالىمەن ، — دېدى يىگىت ياڭ جىغا قاراپ ، — چۈنكى ، بايا چىلان ساتقۇچىلار يېرىم نوگاينى ئىچىۋالدى . شۇڭا ، سىلەرنىڭ مېيىڭلار ئازغىنا كەم بولۇپ قالدى .

چېرىكلەر پۇلنى تۆلىدى . يىگىت پۇلنى ئېلىپ قۇرۇق سوغىنى

كۆتۈرگەن پېتى يەنە ناخشىسىنى ئېيتقىنىچە تۆپىلىكتىن چۈشۈپ كەتتى .

ھېلىقى يەتتە نەپەر چىلان سانقۇچى قارىغايلىقنىڭ تۈۋىدە تۇ-رۇپ ، 15 كىشىنى كۆرسىتىپ : «ئەنە يىقىلدى ! ئەنە يىقىلدى !» دېيىشتى . دەرۋەقە ، ھېلىقى 15 كىشىنىڭ بېشى ئېغىرلىشىپ ، پۇت - قولى سولىشىپ ، بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپلا يىقىلىپ چۈشتى . بۇ يەتتە نەپەر چىلان سانقۇچى قارىغايلىقتىن يەتتە غالتەكنى ئىتتىرىپ چىقىپ ، ئۈستىدىكى چىلاننى يەرگە تۆكۈۋېتىپ ، ئۇن بىر ئەپكەشلىك ئالتۇن - كۈمۈش ، ئۈنچە - مەرۋايىتنى غالتەككە سېلىپ ، ئۈستىنى ئوبدان يېپىپ - دە ، «قىقاس سېلىشىپ» توپتوغرا سېرىق تۆپىدىن غالتەكلىرىنى ئىتتەرگەن بويى تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى .

ياڭ جى ئاھ ئۇرۇپ زارلىناتتى ، ئۇنىڭ تەنلىرى سولىشىپ قىمىرلىيالماي قالغانىدى . 15 كىشى ھېلىقى يەتتەيلەننىڭ ئالتۇن - كۈمۈش ، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى بېسىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسى-مۇ ، لېكىن مىدىرلىيالماي ، ئاغزى گەپكىمۇ كەلمەي ياتاتتى .

قېنى جاۋاب بېرىڭلارچۇ ، بۇ يەتتە كىشى زادى كىم ؟ بۇلار باشقا كىشى ئەمەس ، دەل چاۋگەي ، ۋۇ يوڭ ، گوڭ سۇنشېڭ ، ليۇ تاڭ ، رۇەن شياۋئېر ، رۇەن شياۋۋۇ ، رۇەن شياۋچىلار ئىدى . ھېلىقى مەي سانقان يىگىت بولسا ، كۇندۇز چاشقىنى بەي شېڭ ئىدى . دورىنى قانداق ئارىلاشتۇرۇپ قويدى ؟ ئەسلىدە تۆپىلىككە ئېلىپ كەلگەن ئىككىلا سوغىدىكى مەي ساپ ئىدى . يەتتە كىشى بىر سوغىسىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ، ليۇ تاڭنىڭ يەنە بىر سوغىدىن يېرىم نوگاي ئۇسۇپ ئىچكەنلىكى ، قەستەن ھېلىقى 15 كىشىنى گۇماندىن خالىي قىلىش ئۈچۈن ئىدى . كېيىن ، ۋۇيوڭ قارىغايلىقتا بېرىپ بىر نوگايغا بىھوش دورىسىنى سېلىپ ، بەي شېڭدىن بىر نوگاي مەي سوراپ ئېلىپ ئىچمەكچى بولغان كىشى بولۇپ ، نوگاينى سوغىغا تۆكتى . بۇ چاغدا دورا مەيگە ئارىلىشىپ كەتتى . ئۇ مەينى ئەتەي يېرىم نوگاي ئۇستى ، بەي شېڭ نوگاينى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ ، سوغىغا تۆكۈۋەتتى ، مانا بۇلار ھىيلە ئىدى . بۇ ۋۇ يوڭنىڭ «مەۋلۇت سوۋغى-

تىنى پەم بىلەن قولغا چۈشۈرۈشى» دەپ ئاتالغان ھېلىسى ئىدى.

> *مەۋلۇت سوۋغىتىنى پەم بىلەن قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، «سۇ بويىدا»دىكى پالۋانلار بىرلىكتە كۈرەش قىلىش يولىغا ئاتلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۈچىمۇ يەككە ئېلىپ بېرىلغان قارشىلىقلارغا قارىغاندا زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ.*

مەۋلۇت سوۋغىتىنى قولغا چۈشۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا بىھوش دورىسىنى سېلىش ۋاقتى ۋە ئۇسۇلى بولۇپ، ۋۇ يوڭ قاتارلىق ئەزىمەتلەر ئىشلارنى ناھايىتى پۇختا ئورۇنلاشتۇرغانلىقتىن، ياڭ جى شۇنچە ئېھتىياتچان تۇرۇقلۇقمۇ ئاخىر ئۇلارنىڭ قاپقىنىغا چۈشكەن. بۇنىڭدىكى سىرنى نېمە ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرىدا دەيدۇ؟ بۇنىڭدىن ۋەقەلىكنى جەلپ قىلارلىق قىلىپ يېزىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

## ▲ئىلاۋە ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار▲

«سۇ بويىدا»نىڭ ئاپتورى ھازىر شى نەيئەن دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. لو گۇەنجۇڭ بولسا روماننى پىششىقلاپ ئىشلىگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شى نەيئەن توغرۇلۇق ئېنىق خاتىرىلەر ناھايىتى ئاز. ئۇ تەخمىنەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ياشىغان بولۇپ، يۇرتى ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ تەيجۇ شەھىرى تەۋەلىكىدىكى شىڭخۇا بولۇشى مۇمكىن. 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن كېيىن، شىڭخۇا، دافېڭ ئەتراپىدىن شى نەيئەن توغرۇلۇق بىر تۈركۈم مەدەنىي يادىكارلىقلار ئارقا - ئارقىدىن تېپىلىپ، «سۇ بويىدا»نىڭ ئاپتورى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. لېكىن، مۇتەخەسسىسلەر ئارىسىدا بۇ ماتېرىياللارنىڭ راست - يالغانلىقى توغرۇلۇق تالاش - تارتىش بار. بەزىلەر ھەتتا

«شى نەيئەن» ئاپتورنىڭ ئۆز ئىسمىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قويۇۋالغان ئىسمى، ئەمەلىيەتتە مۇنداق ئىسىملىك ئادەم ئۆتۈپ باقمىغان، دەپ قاراشماقتا.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شۇەنخې يىللىرى (1119 — 1125) پارتلىغان سۇڭ جياڭ باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۆلىمى بەك زور بولمىسىمۇ، لېكىن تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، كېيىن خانغا تەسلىم بولغان. سۇڭ جياڭ قاتارلىقلارمۇ ئاخىر ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. سۇڭ جياڭ قاتارلىقلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر ئاللىبۇرۇنلا ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بولۇپ، مەدداھلار قايتا - قايتا تولۇقلاپ سۆزلەش ئارقىلىق، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا «سۇ بويىدا»نىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسى شەكىللىنىپ بولغان. يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە نۇرغۇن «سۇ بويىدا» چاڭچىلىلىرى مەيدانغا كەلگەن، بەزىلىرى تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلاردا لى كۇي، يەن چىڭ قاتارلىقلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەرمۇ بار. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن ئۇلۇغ يازغۇچى شى نەيئەن خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن قىسسىلەرگە ئاساسەن، ئاخىر بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن «سۇ بويىدا» رومانىنى يېزىپ چىققان.

«سۇ بويىدا» رومانىنى قەدىمكى زاماندىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى تەسۋىرلەنگەن ئۇلۇغۋار ئېپوس دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ روماندا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ جەمئىيەتتىكى قاراڭغۇلۇق ۋە چىرىكلىك، بولۇپمۇ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى نەتىجىسىدە «ئەمەلدارلار باي، پۇقرالار نامرات» بولۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققانلىقى ھەققىي يوسۇندا يورۇتۇپ بېرىلگەن. روماندا گاۋ چيۇ، جى جىڭ، تۇڭ گۈەن، ياڭ جيەن قاتارلىق «تۆت مەككار» كونكرېت تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا بۇزۇقچىلىقتا ئۇچىغا چىققان نائىنساپ كاتتا ئەمەلدارلار. ئەسەرنىڭ بېشىدا گاۋ چيۇ توپ تېپىش ماھارىتىگە تايىنىپ دۇەنۋاڭ (ئاز ۋاقىتتىن كېيىنلا پادىشاھ بولىدۇ، يەنى سۇڭ خۇيزوڭ) نىڭ قەدىرلىشىگە

ئېرىشىدۇ ھەم، ناھايىتى تېزلا ئەمىر بولىدۇ. گاۋ ئەمىر مەنسەپكە ئولتۇرۇپلا شەخسىي ئۆچ - ئاداۋىتىنى دەپ ۋاڭ جىننى كېچىلەپ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. كېيىن، ئوغلى گاۋ يانېيىنىڭ لىن چۇڭنىڭ خوتۇنىنى تارتىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، تۈرلۈك ھىيلە - مىكىرلەر بىلەن لىن چۇڭنى قىستاۋەرگەنلىكتىن، لىن چۇڭ ئاخىر ئامالسىز لياڭشەن كۆلىگە چىقىپ كېتىدۇ.

گاۋ چيۇ قاتارلىق «تۆت مەككار»نىڭ قول ئاستىدا، لياڭ جوڭشۇدەك بىر تۈركۈم پارىخور ئەمەلدارلار، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا شى ۋۇدالاڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ ئۆلتۈرگەن شى مىنچىڭدەك يەرلىك زومىگەرلەر بار. خەلق ئاممىسى مانا مۇشۇنداق قاتمۇقات بېسىم ئاستىدا چىداشقا ئامالسىز قېلىپ، تەرەپ - تەرەپتىن ئىسيان كۆتۈرۈشكە باشلايدۇ. چاۋ گەي قاتارلىقلارنىڭ لياڭ شىجيېنىڭ ھارام يىغقان مال - دۇنياسىنى تارتىۋالغانلىقى پارىخور، نەپسانىيەتچى ئەمەلدارلارغا بولغان غەزەپ - نەپرەت ۋە قارشىلىقىنى روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن. يەنە كېلىپ بۇ خىل قارشىلىق ئۇلارنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە يول ئېچىپ بەرگەن.

روماندا ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئىسيان كۆتۈرۈش يولىغا مېڭىشىدىكى كەچۈرمىشلىرى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش روھى مەدھىيىلەنگەن. ھەر جاي، ھەر تەرەپتىن كەلگەن قەھرىمانلار ئاخىر بىر يەرگە جەم بولۇپ، قۇدرەتلىك بىر كۈچ بولۇپ ئۇيۇشىدۇ. بۇ تەرەققىيات باسقۇچىدا 40 - باب «لياڭشەن كۆلىدىكى پالۋانلارنىڭ جازا مەيدانىغا تەگكەنلىكى، باتۇرلارنىڭ ئاق ئەجدىھا بۇتخانىسىدا مەردلىك يولىدا جەم بولغانلىقى» ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئەنە شۇ مەزگىلدىن باشلاپ نۇرغۇن جايلاردىكى پالۋانلار بۇ يەرگە كېلىپ رەسمىي باش قوشىدۇ. سۇڭ جياڭنىڭ لياڭشەن كۆلىگە چىقىشى بىلەن بۇ جاي يەرلىك زومىگەرلەر بىلەن دۈشمەنلىشىپلا قالماي، يەنە ئوردا بىلەن يەكمۇيەك تىركىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن لياڭشەن كۆلى ئىسيانچىلار ئىنتىلىدىغان جاي بولۇپ قالىدۇ. 40 -

بابتىن كېيىن ، كورەش تېخىمۇ كەسكىنلىشىدۇ ھەمدە ئۇلار نۇرغۇن شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ . قوزغىلاڭچى قوشۇن كورەش جەريانىدا تېخىمۇ زورىيىپ ، تېخىمۇ كۆپ پالۋانلار لياڭشەن كۆلىگە يىغىلىشقا باشلايدۇ . «لياڭشەن كۆلىدە پالۋانلارغا مەرتىۋە ـ مەنسەپ بېرىلگەنلىكى» بۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدۇ .

ئەسلىدىكى «سۇ بويىدا» رومانىدىكى سۇڭ جياڭ ئاممىنى باشلاپ تەسلىم بولۇپ ، لياۋغا جازا يۈرۈشى قىلىپ ، فاڭ لا قوزغىلىڭىنى تىنجىتىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان بولسىمۇ ، يەنىلا قارانىيەت ۋەزىرلەرنىڭ چەتكە قېقىشىغا ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ، ئاخىر ئۆلتۈرۈۋېتىلىدۇ . سۇڭ جياڭ پەقەت پارىخور ئەمەلدارلارغىلا قارشى ، ئەمما خانغا قارشى ئەمەس ، «ساداقەتمەنلىكى» كۈچلۈك . بۇ ئۇنىڭ تەسلىم بولۇشنى قوبۇل قىلىشىدىكى تۈپكى سەۋەب . ئاخىر ئۆلۈم يولىغا مېڭىشى تەسلىمچىلىكنىڭ باشقا چىقىش يولى يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

«سۇ بويىدا» رومانىنىڭ ئۇزاق مەزگىللەردىن بېرى قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولۇشىنى ئۇنىڭ بەدىئىيلىكىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ .

ئۇنىڭدىكى ھېكايىلەرنىڭ ۋەقەلىكلىرى جىددىي ، تەسىرلىك ، رىۋايەت تۈسىگە باي بولۇپ ، كىشىنى قاتتىق ھاياجانغا سالىدۇ . ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن مەشھۇر ھېكايىلەر ، مەسىلەن ، ۋۇسۇڭنىڭ يولۋاس ئۆلتۈرۈشى قاتارلىقلار كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىن سۆزلىنىشىدىغان تېمىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن .

رومانىنىڭ تىلى ئېغىز تىلىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ، قايتا ـ قايتا تاۋلاش ئارقىلىق ئەدەبىي تىلغا ئايلاندۇرۇلغانلىقتىن ، ئاددىي ، چۈشىنىشلىك ، دەل ، جانلىق ، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك بولغان . رومانىدىكى پېرسوناژلار تىلىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ ، پېرسوناژلارنىڭ سالاھىيىتى ، مەدەنىيەت ساپاسى ، خاراكتېرى قاتارلىقلارغا ئىنتايىن ماس كېلىدۇ .

«سۇ بويىدا»نىڭ ئەڭ بۈيۈك تۆھپىسى شۇكى ، شۇنچىۋالا كۆپ

پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنى، يەنى 108 پالۋاننىڭ ئىچىدە ئاز دېگەندە
يىگىرمىسىنىڭ ئوبرازىنى ناھايىتى روشەن، مەڭگۈ ئەستىن چىقمىغۇ-
دەك دەرىجىدە تەسۋىرلەپ بەرگەن. بۇ رومانىدىكى ئاز بىر قىسىم ئايال
كىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچىسى كۈچتۈڭگۈر ئەزىمەتلەر بو-
لۇپ، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ پەرقى، خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ناھايى-
تى تەسكە توختايتتى. لېكىن، ئاپتور ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى شۇ
قەدەر روشەن يېزىپلا قالماي، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە پەرقلەر-
نى ئىپادىلەشكىمۇ ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان. مەسىلەن، لۇ جى-
شېن، لى كۈي، ۋۇ سۇڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىلا چامباشچىلىق
ماھارىتى قالتىس ئۇستۇن، خاراكتېرى ئىنتايىن كۈچلۈك، ھېچنې-
مىدىن قورقمايدىغان قاپ يۈرەك ئەزىمەتلەر بولسىمۇ، خاراكتې-
رى بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

لىن چۇڭمۇ لياڭشەن كۆلىدىكى مەشھۇر پالۋانلارنىڭ بىرى.
كەسپىي ھەربىي ئائىلىدە تۇغۇلغان، ئۆزى يۇقىرى ئاستانىدىكى 80
تۈمەن لەشكەرنىڭ مەشقاۋۇلى، تۇرمۇشى پاراغەتتە، ئائىلىۋى تۇرمۇ-
شىمۇ كۆڭۈللۈك، ئەسلىدە ئۇ «ئىسيان» بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز
ئىدى. لېكىن، كۈتۈلمىگەندە ئۇ بىر ئاۋارىچىلىككە يولۇقۇپ قالىدۇ.
خوتۇنىغا باشقىلارنىڭ بەتقىلىقلىق قىلغانلىقىنى بىلىپ، دەرھال بې-
رىپ ئۇ لۈكچەكنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ بەگزادە گاۋ
يانېي ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزلۈكىدىن بوشاپ قالىدۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆزىنى ئاياپ، ئامال بار
يۇقىرىدىكىلەرنى رەنجىتىپ قويماسلىققا تىرىشىدۇ. ھەتتا ساڭجۇ ئاي-
مىقىغا پالانغان تۇرۇقلۇقمۇ يەنىلا دەردكە چىداپ، جازا مۇددىتى
توشقاندىن كېيىن يۇقىرى ئاستانىگە قايتىش ئويىدا بولىدۇ. قارلىق
تاغدىكى بۇتخانىغا كىرىپ قېلىپ، پايلاقچىلارنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق
قىلىشقان گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئاندىن قاتتىق غەزەپلىنىپ
ئىسيان كۆتۈرىدۇ. لياڭشەن كۆلىگە چىققاندىن كېيىنمۇ ئۇ شۇ
يەرنىڭ بېشى، ئىچى تار ئاق يەكتەكلىك موللا ۋاڭلۇننىڭ ئەسكىلىك-
لىرىگىمۇ ئۈندىمەي يۈرىدۇ. چاۋ گەي قاتارلىقلار لياڭشەن كۆلىگە

چىقىپ، ۋاڭ لۈننىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغاندىلا ئاندىن ۋاڭ لۈننىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، چاۋ گەيىنى ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، لياڭشەن كۆلىدىكى پالۋانلار ئۈچۈن ئاساس سالىدۇ. لىن چۇڭ «سۇ بويىدا» دىكى ئەڭ ياخشى يارىتىلغان پېرسوناژلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

سۇڭ جياڭ لياڭشەن كۆلىدىكى ئاساسلىق ئاتامانلارنىڭ بىرى بولۇپ، چاۋ گەي ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىدۇ. ئۇ ناھايىتى مۇرەككەپ شەخس بولۇپ، بىر تەرەپتىن، ئادالەت يولىدا بايلىقنى دوست تۇتمايدىغان، دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان، تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش قابىلىيىتى ئۈستۈن كىشى بولۇپ، لياڭشەن كۆلىدىكى ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭدا خانغا سادىق بولۇش ئىدىيىسى ناھايىتى كۈچلۈك. سۇڭ جياڭنىڭ «ساداقەتمەنلىك» ئىدىيىسى لياڭشەن كۆلىدە خېلى كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ، ئەسلىدە يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان نۇرغۇن كىشىلەر بىر مەزگىل ئۆزىنىڭ بېشىنى سىلىغان بۇ ئاقساقالنىڭ تەسلىم بولۇش ئويىغا قىزىقىپ، مۇشۇ ئارقىلىق ئۆمۈرلۈك نەپكە ئېرىشىش خام خىيالىدا بولۇشىدۇ. سۇڭ جياڭ بولسا شۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇپ، «ئادالەت» يولىدا پالۋانلارنى جەم قىلىپ، پارىخور، نەپسانىيەتچى ئەمەلدارلارغا قارشى تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن خانغا قارشى چىقمايدۇ. ئۆز مەنپەئىتىنى دەپ ئاقىۋەتتە لياڭشەن كۆلىدىكى ئۇلۇغۋار ئىشلارنى پۈتۈنلەي توختىتىپ قويىدۇ. سۇڭ جياڭدىكى سېھرىي كۈچ ئۇنىڭ مۇرەككەپلىكىدە. بۇ خىل مۇرەككەپلىك ئاپتورنىڭ ئىدىيىسىدىكى ھەل قىلىش قىيىن بولغان زىددىيەتلەر توقۇنۇشىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن، فېئودالىزم دەۋرىدە ياشىغان بىر يازغۇچىدىن فېئودالىزملىق خانلىق تۈزۈمنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ، «ساداقەتمەن» بولۇشقا قارشى چىقىشنى تەلەپ قىلىش، شۇ مەزگىلدىكى كىشىلەرنى چۈشەنمىگەنلىك بىلەن باراۋەر بولسا كېرەك.

## يېزىقچىلىق ۋە پائالىيەت

1 . «ۋۇ يۇڭنىڭ مەۋلۇت سوۋغىتىنى يەم بىلەن قولغا چۈشۈرگەنلىكى» دىكى سىر ئەڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا ، ئاۋۋال : «قېنى جاۋاب بېرىڭلارچۇ ، بۇ يەتتە كىشى زادى كىم ؟» دەپ سورىلىپ ، ئاندىن ئۇلار بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرۇلغان . بۇنىڭدىن مەدداھلارنىڭ تەلەپپۇزى چىقىپ تۇرىدۇ . ھازىرمۇ خەلق ئارىسىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەدداھلىق ئەدەبىياتى ئاز ـ تولا بار . سىلەر سىنىپتا مەدداھلىق پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ ، ئۈچ ـ تۆت ساۋاقداشنى تاللاپ ، مەدداھلارنى دوراپ خالىغان بىرەر ھېكايىنى سۆزلىتىپ بېقىڭلار .

2 . ۋاقتىڭلار يەتسە ، «سۇ بويىدا» رومانىنى تېپىپ ئوقۇپ بېقىڭلار .

## بەشىنچى بۆلەك

# ھايات تەسىراتلىرى

ھايات مۇساپىسىنىڭ ئەھمىيىتى پەقەت ياشاشلا ئەمەس ، بەلكى ياشاش جەريانىدا مول تەسىراتلارغا ئېرىشىشتە . « بىلەيچى بوۋاي » ناملىق ئەسەردە چوڭقۇر ئىنسانىي پەزىلەت ئىپادىلىنىپ « مەن » نىڭ ئۆكۈنۈشى ۋە ئۆزىنى قايتا تونۇشى ئىپادىلەنگەن بولسا ، « تەنھا قېيىق » تا ئادەت كۈچلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلىۋاتقان كىشىلىك ئىستەك ئىپادىلەنگەن . « چۈنكى مەن — ئادەم » ناملىق ئەسەردە ئادەملىك قىممىتىنى تېپىپ ۋە جارى قىلىپ ياشاش تۈيغۇسى ئىپادىلەنگەن . بۇ سەممىي قەلب ئىزھارلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق ، بىزنىڭ ھاياتقا بولغان زوقىمىز تېخىمۇ ئېشىپ ، ئۇنى تېخىمۇ قەدىرلەيدىغان بولىمىز .



# 17 . بىلەيچى بوۋاي

ئەختەم ئۆمەر

— بالام ، بىلەي دېگەن ئەسقاتىدىغان نەرسە ، بىر ئۆيدە كەم دېگەندىمۇ تۆت - بەش پىچاق ، بىر - ئىككى قىغىراق ، كەكە ، پالتا بولىدۇ . بىرەر بىلەي بولسا ، ئىشلەتكەندە قىينالمايمىز . بۇرۇنقى چاغلاردا ھەممە ئەركەكلەردە راۋۇرۇس بىردىن پىچاق بولىدىغان ، ئەمدى ئۇن ئەردىن سورىسا ، بىر پىچاق چىقمايدىغان بولۇپ قالدى . ئېلىپ قويۇڭ ، ئۆيدە لازىم بولىدۇ . بۇ مەخسۇس بىلەي تېشىدىن مۇشۇنداق چاسىلاپ ، سىيلىقلاپ ياسالغان بىلەي ، بۇ تاشنى تاغدىن ئالماق قانچىلىك تەس ، مېنىڭ تۇرقۇمنى كۆردىڭىزمۇ ؟

ئالدىمدا سۆزلەۋاتقان بوۋايغا يېڭىۋاشتىن سەپسالدىم :

ئۇنىڭ قاتىراڭغۇ ، ئورۇق يۈزىنىڭ ساقالسىز يەرلىرىنى ، بولۇمۇ پېشانىسىنى قاسراپنىڭ گۆش چانايدىغان دۆشىسىدىكى ساناقسىز قالايمىقان پالتا ئىزىدەك قورۇقلار قاپلىغان ، ساقىلى پۈتۈنلەي ئاقارغان ، قېشىنى ئاق ئارىلىغان ، كىرلىشىپ ، پۈرلىشىپ كەتكەن ئاق خەسە يەكتىكىنىڭ بەلۋېغىنىڭ يۇقىرى تەرىپى ئوچۇق بولۇپ ، قورساقلىرى ئىچىگە تارتىپ لەش بولۇپ قالغان تېرىلىرىمۇ قورۇقلىشىپ ، قوۋۇرغىلىرى كۆرۈنۈپلا قالغان ، مەيدىسىدىكى شالاڭ تۈكلەرگىمۇ ئاق ئارىلىغان ، كەڭ پۇچقاق قارا تامبىلىنىڭ تىزىنىڭ تۆۋىنى ئۆزىگە ئوخشاش قورۇلۇپ رەڭگىنى يوقاتقان ، پۇتىغا چورۇق كىيەۋالغان ، ئوڭ يانپېشىدا ئۇزۇن ، قىزلارنىڭ 40 كوكۇلىسىدەك بوي تاسمىلىق پىچاق ئېسىلغان ، پاختا يىپتىن ئىشلەنگەن تامبال بېغى تىزىغىچە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ . ئۇ ئالدىغا خېلىلا مۈكچەيگەن بولۇپ ، ئالدىدىكى ئۆزىگە ئوخشاش قېرىپ سالپىيىپ قالغان ، زەمبىل بەل

كۆك ئېشىكىگە يۆلىنىپ تۇرىدۇ. ئۈستىدىكى مەخسۇس تىكىلگەن يوغان خورجۇننىڭ ئىككى كۆزىگە لىقلاپ سېلىنغان بىلەي تاشنىڭ ئېغىرلىقىدىن، ئېشەكنىڭ بېلى قىسماقتەك ئېگىلىپ، يۇڭلۇق قورسىقى پولتىيىپ قالغانىدى. ئۇ تالغان پۇتىنى نۆۋەت بىلەن يۆتكەپ تۇراتتى. بوۋاينىڭ كۆزى قورۇقلار ئارىسىدا قىسىلىپ كىچىكلەپ قالغان ھەم چاپاق باسقانىدى. قېرىلىقتىن ئېشەك ھەيدەيدىغان يۇلغۇن تايىقى تۇتقان قولى ئېڭىكى بىلەن قوشۇلۇپ ھە دەپ تىترەپ تۇرىدۇ...

— چوڭ دادا، قانچە ياشقا كىرگەنلا؟

ئاغزىمدىن «ئالاي» دېگەن سۆزنىڭ چىقىشىنى كۈتۈۋاتقان بوۋاي، بۇ سوئالىمنى خالىماي:

— چامبىلىكام 80 دىن ئاشتىم، — دېدى

— بۇ بىلەي تاش تاغنىڭ قانداق يېرىدىن چىقىدۇ؟

بوۋاي ئۈمىدلىك ھەم ئۈمىدسىزلىك نەزىرى بىلەن ماڭا تىكىلدى.

— تاغنىڭ بىلەي تاش چىقىدىغان يەرلىرى بار. ئۇ ئېگىز چوققىدىنمۇ، بەل، تۆپىلەردىنمۇ چىقىدۇ.

— مۇشۇنداق پارچە - پارچە بولامدۇ ياكى...

— ئالدىغا تەييار ئۇچرايدىغان گەپ نەدە؟ بولقا، مېتىن بىلەن چاقىدىغان گەپ، كۆردىڭىزمۇ ماۋۇ قولنى، بىر خورجۇن ياڭىقىڭىز بولسا، ھەمساتتا چېقىپ بېرىمەن...

ئۇنىڭ قارا، قېتىپ قالغان دوقماق قوللىرى قاداق بىلەن تولغانىدى. مېنىڭ ھەيران قالغىنىمدىن، ئۇنىڭ چىرايىغا تەبەسسۇم ياماشتى.

— بىر كۈندە مۇشۇنداق بىلەيدىن قانچىنى ياسايسىز؟

ئۇ كۆزۈمگە ھومىيىپ تىكىلدى. قولى بىلەن بىلەيىنى ئۇرۇپ:

— بۇ سېغىز ئەمەس بالام، تاش. بىر كۈندە قانچىنى ئەمەس، نەچچە كۈندە بىرنى ياسايسەن؟ دەپ سورايسىز. مەن ئېغى بار تامبال كىيگەندىن تارتىپ، ئۆمرۈم مۇشۇ بىلەي تاش بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتۈۋاتىدۇ. بىر كۈندە بىر بىلەي تاش ياساپ باقمىدىم...

— بىرى قانچە پۇل ؟

بوۋاينىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ ، قىسىلغان كۆزلىرى ئۈمىدلەندى .



— ئاۋۋال تاللاڭ بالام ، ئوخشاش ئەمەس ، چوڭىنىڭ چوڭراق ، كىچىكىنىڭ كىچىكرەك . بۇرۇن خېلى پۇلغا ئالاتتى ، ھازىر ئەرزان ، ماۋۇ چوڭى بىر يېرىم كوي ، باھا قويمايمەن ، ماۋۇ كىچىكى يېرىم كوي شۇ ، يوقىلاڭ گەپ .

مېنىڭ بوۋايغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى . گېلىمغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولدۇم . نېمىدېگەن ئېغىر ئەمگەك ، زور بەدەل ! نېمىدېگەن كۆپ ئەجىر ، ئەرزان نەرخ …

— چوڭ دادا باللىرىڭىز يوقمۇ ؟

— بولمامدىغان ، توققۇز قىزىم بار . خۇدا بەرگەن توققۇز قىزىلـ گۈل ، ھەممىسى بالا ـ چاقىلىق .

— ئۇلار سىزگە ...

— ھەممىسىنىڭ ۋاي دادا ، دەپ ھالى يوق ، يىغلاپ دېمىگىنى قالمايدۇ ، بىرىنچىدىن ، ئاتا كەسپىمنى تاشلاپ ھايات تۇرۇپ بىكار تۇرالمايمەن . بىكار نان يەپ يېتىپ كۆيئوغۇلنىڭ ئالدىدا تۇرۇشنى يامان كۆرىمەن . ئۇ بىچارىلەرمۇ ۋاي دەپ ھالى قالمايدۇ . لېكىنزە ، مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىچىم سىقىلىپلا تۇرىدۇ . ئۆزۈمچە بويۇن قىسقاندەك بولۇپ كېتىمەن . ئۆمرۈمدە بويۇن قىسقان ئەمەسمەن بالام . مېنى تولا سۆزلەتمەي ، بىرەرنى ئالسىڭىز ئېلىڭ ، بولمىسا ماڭا كاشىلا قىلماڭ . بۇ ئۆزى ئەرزان مال ، بىر ئۆيدە بولمىسا قەدرى ئۆتۈلىدىغان نەرسە ، پىچىقىڭىز ھەرقانچە بەلەن بولسىمۇ ، ھامان گاللىشىدۇ .

مەن چوڭ بىلەي تاشتىن قولۇمغا ئېلىۋىدىم ، بوۋاي خۇشاللىقـ تىن چىشسىز ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تېخىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى . ئۇ بىلەينىڭ ئوبدانلىقىنى ماختاپ كۆپ سۆزلەپ كەتتى . مەن پۇلنى ئايرىپ بولۇپ ، توختاپ قالدىم .

بوۋاي كۆلكىدىن توختاپ ماڭا ئېككىلىنىش نەزىرى بىلەن تىكىلـ دى .

— چوڭ دادا ، ھەممە بىلەيىڭىز قانچە چىقار ؟

بوۋاي ماڭا ئەجەبلىنىپ قاراپ خۇشياقمىغان بىر ھالدا :

— ئون سەككىز ... ، — دېدى .

— ھەممىنى ئۆز نەرخى بويىچە مەن ئالاي .

بوۋاي ھەيران بولۇپ ماڭا قاراپ قالدى .

— سىز ... سىز ھەممىنى ئالىمەن دېدىڭىزما ؟

— ھەئە .

— قانداق قىلىسىز ؟

— ......

مەن بۇ تەرىپىنى ئويلىمىغاچقا ، دەرھال جاۋاب بېرەلمەي دۇدۇقلاپ قالدىم .

— ئەمدى ··· سىزنى ··· ساتىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسۇن دەپ .

— بىر ئۆيگە بىرى يېتىدۇ ··· سىز ھەممىنى ئېلىپ ··· ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتامسىز ؟ بىرنى ئىشلىتىپ ، قالغىنىنى ئەسكى چالما ئورنىدا ··· تەستە ياساپ تاغدىن ئەكەلدىم . ھىم ، ماڭا ئىچ ئاغرىتقۇچە ئۆزىڭىزگە ئىچ ئاغرىتىڭ . كۆزىڭىزگە بىچارە كۆرۈنۈۋاتامدىمەن ؟ ھىم ···

— ئەمىسە ماۋۇ بىرىنىڭ پۇلىنى ···

— سىزگە بەردىم .

بوۋاي كەينىگە قارىماستىن ئېشىكىنى يېتىلەپ مېڭىۋەردى . سىدىمىزنىڭ ئاخىرىغا ئۇلگۇرۇپ كەلگەن خىزمەتدىشىم :

— ساراڭ قېرى ئىكەنغۇ بۇ ؟ ئىچ ئاغرىتتىڭ دەپمۇ يامانلامدۇ ؟ ! تاشقا دەسسەپ يۈرۈۋاتساق ، پۇلغا تاش ئالىدىغان ئارتۇق پۇلۇڭ بارمۇ ؟ بىزنى مېھمان قىلە .

— ئاداش ، ئىدارىدىكى ھەممەيلەن ئۇ بوۋاينىڭ بىلىيدىن بىرىدىن ئالايلى ، — دېدىم مەن .

ئۇ كۆزۈمگە تىكىلىپ قاراپ قالدى .

— ھەممىسىنىڭ پۇلىنى مەن تۆلەيمەن .

دوستۇم تېخىمۇ ھەيران بولدى .

1986 - يىل 29 - نويابىر . قەشقەر .

## ئىزدىنىش ۋە مەشق

1 . ھېكايىنى ئوقۇپ تۆۋەندىكى مەسلىلەرنى چۆرىدەپ قارشىمىزنى سۆزلەپ بېقىڭ .

1 ) ھېكايىدىكى «مەن» نېمە سەۋەبتىن بىلەي تاشتىن بىرنى سېتىۋېلىش ئورنىغا ھەممىنى بىراقلا سېتىۋالماقچى بولىدۇ؟

2 ) بوۋاي خۇشال بولۇش ئورنىغا ، ئەكسىچە نېمىشقا قاتتىق خاپا بولىدۇ ھەمدە «مەن»گە بىر دانە بىلەي تاشنى بىكارغا بېرىۋەتكىنىچە كېتىپ قالىدۇ؟

3 ) ئەگەر سىز بوۋاينىڭ ئورنىدا بولسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟

2 . ئاپتور ھېكايىدە بوۋاينىڭ قىياپىتىنى ناھايىتى ئىنچىكە تەسۋىرلىگەن . بۇنداق تەسۋىرلەشنىڭ نېمە رولى بار؟

# 18 . تەنها قېيىق

مۇختار مەخسۇت[①]

ساھىلدا تۇرىدۇ تەنها بىر قېيىق ،
داتلاشقان قوزۇقتا باغلاقلىق مەھكەم .
ئۇ بۇندا تاشلىنىپ ياتقىلى نىكەم ،
ئاستىدا لاتقىلار بوغىدۇ دىمىق .

يىراقتا ، زەڭگەررەڭ دېڭىز يۈزىدە ،
يەلكەنلىك كېمىلەر سويلايدۇ ئەركىن .
يېگانە شۇ قېيىق تەلمۈرەر غەمكىن ،
ئۆكۈنۈش ياشلىرى ئەگىپ كۆزىدە .

دولقۇنلار كېلىدۇ ئېيتىپ ئارىيە ،
يېتەكلەپ بارغىنى ئۇنى دېڭىزغا .
نە ئامال بىچارە بۇ «تۇتقۇن قىز» غا ،
غىچىرلاپ بىر ئاچچىق قىلىدۇ نالە .

كېمىلەر ئۇپۇققا كەتتى يىراقلاپ ،
ئۇ تۇرار شاۋقۇنسىز ساھىلنى ساقلاپ .

---

① مۇختار مەخسۇت 1957 ـ يىلى گۇما ناھىيىسىدە تۇغۇلغان . شائىر ، ئەدەبىي تەرجىمان ، تەتقىقاتچى . ئۇنىڭ «تەنها قېيىق» ، «ئاشىقلار سېھرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ، «ئىلاھە چوققىسى» ناملىق نادىر شېئىرلار تەرجىمە ئەسىرى ، «مۇخبىرلىق سەنئىتى» ناملىق تەتقىقات كىتابى نەشر قىلىنغان .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. بۇ لىرىك شېئىردىكى «دېڭىز»، «تەنها قېيىق»، يىراقتا ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگەن «يەلكەنلىك كېمە» لەرنىڭ نېمىلەرگە سىمۋول قىلىنغانلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

2. شېئىردا «داتلاشقان قوزۇق» قا باغلاقلىق تەنها قېيىقنىڭ ئۆكۈنۈش ـ ناللىرى تەسۋىرلەنگەن. سىز تۇرمۇشتىكى كونكرېت ئىشلارغا بىرلەشتۈرۈپ قېيىقنى مەھكەم باغلاپ تۇرغان «داتلاشقان قوزۇق» نىڭ نېمىگە قارىتىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟

3. شېئىردا «تەنها قېيىق» نىڭ يىراق دېڭىزدا ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەرگە قاراپ غەمكىن تەلمۈرۈشلىرى تەسۋىرلەنگەندىن كېيىن «نە ئامال بىچارە ‹بۇ تۇتقۇن قىز› غا» دەپ يېزىلغان. بۇ بىر خىل ئۈمىدسىزلىك ھېسسىياتىمۇ ياكى كىشىلىك ھاياتتىكى ئامالسىزلىقمۇ؟

4. بۇ شېئىردىكى مىسرالارنىڭ قاپىيىلىنىشىدە قانداق ئالاھىدىلىك بارلىقىنى بايقىدىڭلار؟ شېئىرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى «بار دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر»، «بۇلبۇلنى سولىما، قەپەسكە» دېگەن شېئىرلارنىڭ قاپىيە ئالاھىدىلىكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ پەرقلىرىنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

# 19 . دېرىزە[1]

تىگبرت

بىر دوختۇرخانىنىڭ كېسەلخانىسىدا ئېلگىرى ئىككى نەپەر كې-
سەل ياتقان ، ھەر ئىككىسىنىڭ كېسىلى ئېغىر ئىدى . بىرلا ئىشىكى ،
بىرلا دېرىزىسى بار بۇ كېسەلخانا ئىنتايىن تار بولۇپ ، ئىككىسى
ئارانلا سىغاتتى . كېسەلخانىنىڭ ئىشىكى كارىدورغا ، دېرىزىسى سىرت-
قا قارايتتى .

كېسەللەرنىڭ بىرىگە ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە چۈشتىن كېيىن بىر
سائەت ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنغانىدى . ئۇنىڭ كارىۋىتى دېرىزە
تۈۋىدە ئىدى .

يەنە بىرى بولسا كېچە - كۈندۈز مىدىرلىماي يېتىشقا مەجبۇر
ئىدى . ئەلۋەتتە ، ھەر ئىككىسىلا جىمجىت يېتىپ داۋالىنىسا بولمايت-
تى . ئۇلارنى ھەممىدىن بەك ئازابلايدىغىنى ، ئىككىسىنىڭ كېسىلى
ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ئىش قىلىشىغا يول قويمايتتى ، ئۇلارغا ئىچ
پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ھېچبىر ئەرمەك يوق ئىدى : كىتاب ئوقۇيال-
مايتتى ، رادىئو ئاڭلىيالمايتتى ، تېلېۋىزور مۇ كۆرەلمەيتتى . . . پە-
قەت جىمغىنا ياتاتتى ، يەنە كېلىپ بۇ كېسەلخانىدا ئىككىسىدىن باشقا
ھېچكىم يوق ئىدى . شۇڭا ، ئۇلار دائىم سائەت - سائەتلەپ پاراڭلى-
شىپ ياتاتتى . ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىسى ، خوتۇن - بالىلىرى ، خىزمىتى
ھەمدە قانداق ئورۇش قىلغانلىقى ، نەلەرگە ساياھەتكە بارغانلىقى قاتار-
لىقلار توغرىسىدا پاراڭلىشاتتى . ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە چۈشتىن
كېيىن ۋاقىت توشقان ھامان ، دوختۇرلار دېرىزە تۈۋىدە ياتقان كېسەل-

---

① «چەت ئەل ھېكايىلىرىدىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 7 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى . تىگبرت — ئاۋستىرالىيە يازغۇچىسى .

نى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىر سائەت
ئولتۇرۇشى باشلىناتتى. ھەر قېتىم شۇنداق ئولتۇرغاندا، ئۇ ھەمرا-
ھىغا دېرىزىنىڭ سىرتىدا كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. كۈنلەر-
نىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەر كۈنى مۇشۇ ئىككى سائەت ئۇنىڭ ھەمراھىنىڭ
تۇرمۇشىنىڭ پۈتكۈل مەزمۇنى بولۇپ قالدى.
ئېنىقكى، بۇ دېرىزە بىر باغچىغا قاراپ تۇراتتى. باغچىنىڭ
ئىچىدە بىر كۆل بار، كۆلدە توپ - توپ ياۋا ئۆردەك ۋە ئاق قۇلار
بەخىرامان ئۈزۈپ يۈرەتتى. باغچىدىكى بالىلارنىڭ بەزىلىرى ئۇلارغا
بولكا ئۇۋاقلىرىنى تاشلاپ بەرسە، بەزىلىرى قەغەز قېيىقلارنى سۇدا
لەيلىتىپ ئوينايتتى. جۈپ - جۈپ ئاشىق - مەشۇقلار قول تۇتۇشۇپ
دەرەخ سايىلىرىدە سەيلە قىلىشاتتى. باغچىدا رەڭگارەڭ گۈللەر ھۆپ-
پىدە ئېچىلىپ كەتكەن، كۆپىنچىسى ئەتىرگۈل، يەنە ھۆسن تالى-
شىپ، نازۇ كەرەشمە قىلىپ تۇرغان مودەنگۈل بىلەن تىرناقگۈللەرمۇ
بار. باغچىنىڭ بىر چېتىدە چويلا توپ مەيدانى بار ئىدى. ئۇ يەردە
پات - پات ئاجايىپ قىزىقارلىق مۇسابىقىلەر ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى.
بەزىدە تېخى پالاق توپ مۇسابىقىلىرىمۇ ئۆتكۈزۈلۈپ قالاتتى. ئۇلار-
نىڭ توپ ماھارىتى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە چۈشىدىغانلارنىڭكىگە
يەتمىسىمۇ، ھەرھالدا بوش چاغلىغىلى بولمايتتى. يەنە بىر تەرەپتە
بولسا دومىلاتما توپ ئوينايدىغان بىر چىملىق بار ئىدى. باغچىنىڭ
ئاياق تەرىپىدە قاتىرىسىغا كەتكەن ماگىزىن، ماگىزىنلارنىڭ كەينىدە
قايناق شەھەر مەنزىرىسى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
ياتقان كېسەل بۇلارنى پۈتۈن زوقى بىلەن ئاڭلايتتى. مۇشۇ
چاغدىكى ھەربىر مىنۇت ئۇنىڭغا غايەت زور ھۇزۇر بېغىشلايتتى.
تەسۋىرلەش يەنە داۋاملاشماقتا ئىدى: بىر بالىنىڭ كۆلگە چۈشۈپ
كەتكىلى تاس قالغانلىقى، يازلىق كىيىم كىيىۋالغان قىزنىڭ نەقەدەر
چىرايلىقلىقى، ئارقىدىنلا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يەنە بىر
مەيدان چويلا توپ مۇسابىقىسىنىڭ باشلانغانلىقى. ياتقان كېسەل بۇ
جانلىق تەسۋىرلەشلەرنى ئاڭلاپ، ئاشۇ ئىشلارنى خۇددى ئۆز كۆزى
بىلەن كۆرگەندەك بولدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ، بىر پالاق توپ تەنھەرىكەتچىسىنىڭ توپنى پالاق ئۈستىدە ئوينىتىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاۋېتىپ ئۇنىڭدا توساتتىنلا مۇنداق بىر خىيال پەيدا بولۇپ قالدى : نېمىشقا دېرىزە تۈۋىدىكى ئاشۇ ئادەملا دېرىزە سىرتىدىكى ئىشلاردىن ھۇزۇرلىنىدۇ ؟ مەن نېمىشقا شۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشەلمەيمەن ؟ ئۇ ئۆزىدە مۇشۇنداق خىيالنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىغا ئۆكۈندى ۋە ئۇنى قايتا ئويلىماسلىققا تىرىشتى . قېرىشقاندەك ، ئويلىمايمەن دېگەنسېرى ، بۇ خىيال ئۇنىڭ كاللىسىغا شۇنچە ئورنىۋالدى . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ، بۇ خىيال ئاخىر «مەن نېمىشقا دېرىزە يېنىدا ياتمايمەن ؟ » دېگەنگە ئۆزگەردى .

بۇ خىيال كاللىسىغا كىرىۋېلىپ ، كۈندۈزلىرى ئازابلاندى ، كەچلىرى ئۇيقۇسى قاچتى . نەتىجىدە ، كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كەتتى ، دوختۇرلارمۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي قالدى .

بىر كۈنى كەچتە ، ئۇ ئادىتى بويىچە كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىپ ياتاتتى ، بىر چاغدا ئۇنىڭ ھەمراھى ئۇشتۇمتۇت ئويغىنىپ ، قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى . ئارقىدىنلا نەپىسى قىسىلىپ ، ھاسىراشقا باشلىدى . ئۇنىڭ كانىيىنى بەلغەم توسىۋالغانىدى . ئۇ قوللىرىنى سىيپاشتۇرۇپ كۇنۇپكىنى ئىزدىدى . كۇنۇپكىنى باسسىلا نۆۋەتچى سېستىرالار دەرھال يېتىپ كىرەتتى .

لېكىن ، ئۇ مىدىرلاپمۇ قويماي جىمجىت يېتىۋەردى . كاللىسىدىن «ئۇ نېمىشقا دېرىزە تەرەپتىكى كارىۋاتنى ئىگىلىۋالىدۇ ؟ » دېگەن بىرلا خىيال نېرى كەتمەيتتى .

ئازابلىق يۆتەل تۇن جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تاشلىدى . كېسەل يۆتىلىۋېرىپ بوغۇلدى . . . يۆتىلى توختىدى . . . بىردەمدىن كېيىن نەپىسىمۇ توختاپ قالدى .

يەنە بىر كېسەل بولسا يەنىلا تورۇسقا تىكىلگىنىچە جىمجىت ياتاتتى .

ئەتىسى ئەتىگەندە ، يۈز يۇيۇشقا سۇ ئەكىرگەن سېستىرالار ئۇ كېسەلنىڭ ئاللىقاچان ئۆزگەنلىكىنى كۆردى ۋە خۇددى ھېچ ئىش

بولمىغاندەك جەسەتنى جىمغىنا ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى .

بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى ، ئاخىر يالغۇز قالغان كېسەل ئۆزىنىڭ دېرىزە يېنىدىكى كارىۋاتقا يۆتكەلسە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى سورىۋېدى ، سېسترالار ئۇنى يۆلەپ ئاپىرىپ ، ئاشۇ كارىۋاتقا چىرايلىق ياتقۇزۇپ قويىدى ـ دە ، ئۇنى يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى .

سېسترالار چىقىپ كېتىشىگە ، ئۇ بىر قولى بىلەن تايىنىپ ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ، مىڭ تەستە ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، دېرىزە سىرتىغا قارىدى .

دېرىزىنى ئېگىز ھەم كۆرۈمسىز بىر تام توسۇپ تۇراتتى .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . پېرسوناژ ۋە ۋەقەلىك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ، ھېكايىگە «دېرىزە» دەپ ماۋزۇ قويۇش قانداق رول ئوينىغان ؟

2 . ياخشى ئەسەرلەرنىڭ ئاخىرىدا ئادەتتە ئوي ـ پىكىرنى تولۇق ئاخىرلاشتۇرماي ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشىغا تېخىمۇ كۆپ ئىمكانىيەت قالدۇرۇلىدۇ . ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا : «دېرىزىنى ئېگىز ھەم كۆرۈمسىز بىر تام توسۇپ تۇراتتى » دېيىلگەن . ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە ، چوقۇم ھەيران قېلىشىڭلار مۇمكىن . بۇ ، سىلەرگە قانداق تەسىرات قالدۇردى ؟ ساۋاقداشلار ئۆزئارا پىكىرلىشىپ كۆرۈڭلار .

3 . ھېكايىنىڭ ئاخىرى تۇيۇقسىزلا توختىتىپ قويۇلغان . ئۆز تەسەۋۋۇرىڭلارنى ئىشقا سېلىپ ، بىرەر ئابزاس ۋەقەلىكنى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىپ بېقىڭلار . قېنى كىمنىڭ يازغىنى ئەڭ ئىجادىي ھەمدە ھېكايىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىگە ئەڭ ماسلاشقان بولىدىكىن .

# 20 . چۈنكى مەن — ئادەم

تاھىر تالىپ[1]

بىمار بوپ ئانا يەرگە يىقىلغاندا ،
پۈرىدى دەل ئاستىمدىن ئانا سۈتى ،
«خىزىر»[2] بوپ تۇپراقتىكى كىندىك قېنىم ،
تۇرغۇزدى مېنى يۆلەپ ساغلام پېتى .
شۇڭا يۇرت پايخان بولسا ماڭا ماتەم ،
چۈنكى مەن — ھېسسىياتلىق ھايات ئادەم .

تەلۋىلەر چەيلەپ ئۆتسە گۈل - چىمەننى ،
ئۆرۈلەر قىر بېشىغا سەۋر قاچام .
قەھرىمدىن ئوق ئۇزىمەن قوزغۇنلارغا ،
چىمەنگە قانات يېيىپ مەن ھەرقاچان .
چۈنكى مەن — ھېسسىياتلىق ھايات ئادەم ،
گۈزەللىك پايخان بولسا ماڭا ماتەم .

دىلبىرىم قوي كۆزىدىن سۇ ئىچىمەن ،
دىلىدىن دىلىمغا نۇر — يورۇق ئېلىپ .
جاھالەت[3] ھامىيلىرى[4] چاڭ توزۇتسا ،

---

① تاھىر تالىپ 1946 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە تۇغۇلغان . شائىر ۋە مۇھەررىر .
② خىزىر — ئىسلام دىنى رىۋايەتلىرىدىكى ھايات بۇلىقىدىن «تىرىكلىك سۈيى» ئىچكەن ، مۇشۇ سەۋەبلىك مەڭگۈ ھايات تۇرىدىغان ، ئېغىر ئەھۋالدا قالغان كىشىلەرنىڭ مۈشكۈلاتىنى ئاسان قىلىدىغان ، ئۇچراشقانلارغا بەخت ئاتا قىلىدىغان زات .
③ جاھالەت — ئىلىم - مەرىپەتتىن مەھرۇم بولغان ھالەت ، نادانلىق ، قالاقلىق .
④ ھامىي — قانىتى ئاستىغا ئالماق (قانىتى ئاستىغا ئالغۇچى) ، ھىمايە قىلماق (ھىمايە قىلغۇچى) .

سانجىيمەن قوۋۇرغامنى پىچاق قىلىپ .
چۈنكى مەن — ھېسسىياتلىق ھايات ئادەم ،
مۇھەببەت پايخان بولسا ماڭا ماتەم .

رەقىبىنىڭ مۇشتى ماڭا ھىچ گەپ ئەمەس ،
ھەتتاكى قىلىچقا تىك بارالايمەن .
چېقىلسا قىلچە ئىززەت - ھۆرمىتىمگە ،
ھەتتاكى ئەۋلىياغا[1] يانالايمەن .
چۈنكى مەن — ھېسسىياتلىق ھايات ئادەم ،
غۇرۇرۇم پايخان بولسا ماڭا ماتەم .

بىھۇدە بوزەك قىلسا كىچىكنى چوڭ
ۋە ياكى مۇتتەھەملەر پالۋان بولسا ؛
كۆز يۇمۇپ يۈرەلمەيمەن ، ئازغان[2] ئۈچۈن
ناتىۋان[3] لەيلىقازاق[4] قۇربان بولسا .
چۈنكى مەن — ھېسسىياتلىق ھايات ئادەم ،
ھوقۇقۇم پايخان بولسا ماڭا ماتەم .

ئېتىقاد[5] ، ئەقىدە[6] بار ئۆزۈمگە خاس ،
خەلقىمنىڭ رايىنى كۈچ - قانات قىلغان .
ئەقەللىي ، كۆزۈمدىن ئوت - ئۈچقۇن يانار ،
ئەتىۋارلىق ئىرادەمگە بولسا سۇلتان .

---

① ئەۋلىيا — 1) ئېتىقادلىق ، دىندار كىشىلەر نەزىرىدە گويا ئاجايىپ كارامەتلەرگە ئىگە ، كارامەت كۆرسىتەلەيدىغان ، مۆجىزىلەرنى يارىتالايدىغان مۇقەددەس ، ئەزىز ئادەم ؛ 3) كۆچمە مەنىدە مۇبالىغە ، مەسخىرە قىلىشتا كىنايە ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ .
② ئازغان — ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ، غولى ئىنچىكە ، شاخلىرىدا زىخ ئۆسكەن كىچىك تىكەنلىرى بولىدۇ ؛ يوپۇرىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق ؛ گۈلى ئاق ياكى سۇس قىزىل رەڭلىك ، خۇش پۇراقلىق ، مېۋىسى دورا قىلىنىدۇ .
③ ناتىۋان — بىچارە ، كۈچسىز .
④ لەيلىقازاق — ھەرخىل رەڭدە ئېچىلىدىغان بىر خىل چىرايلىق گۈل .
⑤ ئېتىقاد — قانائەت كەلتۈرمەك ، قەلبىدىن ئەستايىدىللىق ، ئىشەنمەك .
⑥ ئەقىدە — 1) چىن كۆڭلىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن پىكىر ، ئىشەنچ ؛ 2) بىرەر نەرسە توغرىسىدا شەكىللەنگەن ھۆرمەتلەش ۋە ياخشى كۆرۈش ئادىتى ، ئېتىقاد ؛ 3) ئىشەنچكە ۋە ئېتىقادقا ئاساسەن شەك يوق دەپ قارالغان قائىدە ۋە ھۆكۈملەر .

چۈنكى مەن — ھېسسىياتلىق ھايات ئادەم ،
ئەقىدەم پايخان بولسا ماڭا ماتەم .

كوممۇنىست — ئىنسانىيەت چاكىرىمەن ،
لېكىن ، ھېچ بىرەر زاتنىڭ قۇلى ئەمەس .
ئۆز كاللام ھامان مەھكەم ئۆز بوينۇمدا ،
جەڭچىمەن ، بىرەر كىمنىڭ قولى ئەمەس .
چۈنكى مەن — ھېسسىياتلىق ھايات ئادەم ،
خىسلىتىم پايخان بولسا ماڭا ماتەم .

1982 - يىلى ، ئاۋغۇست

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1 . شائىر شېئىردا كۆپ قېتىم «چۈنكى مەن — ھېسسىياتلىق ھايات ئادەم» دەپ خىتاب قىلىدۇ . بۇ يەردىكى ئادەم زادى قانداق ئادەم ؟

2 . مۇتەپەككۇرلار «بەزىلەر ھايات بولسىمۇ ئۆلۈكتۇر» دەيدۇ . شېئىردىكى «ھايات ئادەم» دېگەن سۆزنى «ئۆلۈك ئادەم» دېگەن سۆزگە سېلىشتۇرۇپ ئوخشىمىغان ئىككى خىل ئادەمگە بولغان ھېسسىيات ۋە پوزىتسىيىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ .

3 . شائىر «چۈنكى مەن — ھېسسىياتلىق ھايات ئادەم» دەپ يازغاندا ، ھېسسىياتنى ئادەم بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلغان . ئۇنداقتا بۇ يەردە شائىرنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى زادى قانداق ھېسسىيات ؟

4 . شېئىرنى ئۈنلۈك دېكلاماتسىيە قىلىڭلار . ئوقۇغاندا ھەربىر كۇپلېتنىڭ ئالدىنقى تۆت مىسراسىنى ئايرىم - ئايرىم ئوقۇغۇچىلار دېكلاماتسىيە قىلسۇن . بەشىنچى ۋە ئالتىنچى مىسرالىرىنى كوللېكتىپ دېكلاماتسىيە قىلىڭلار .



ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ

# بار دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كروران[①]

كۆكتىن چۈشكەن ئاپئاق قار كەبى،
تۇغۇلۇشتا ئەسلى پاك، سەبىي،
كېيىن نامەرد، رەزىل، ئەسەبىي...
بار دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر.

باھار كەلسە يازنى ئارزۇلار،
يازدا كۈزگە، قىشقا ئالدىرار،
شۇنداق پەسىل قوغلىشىپ بارار،
بار دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر.

كاللىسىدا ھەرخىل ئوي - ھەۋەس،
تولۇپ كەتكەن شۇملۇقلار پەۋەس،
ياۋۇزلۇقنى چىللار ئۆزى، بەس،
بار دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر.

① ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن — 1964 - يىلى 2 - ئايدا چەرچەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1985 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن. شائىر ۋە ژۇرنالىست. ئۇنىڭ «باشئەگمە نەزمىلىرى»، «قەبرىدىكى پالۋان»، «قېرىماس ئانا»، «كۆيۈك مەڭگۈ ئېشى»، «مۇھەببەت كارىدورى» ناملىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان.

ئەخمەق كۆرەر ھۆرمەتلىسە بەك ،
مەغرۇر يۈرسە دەيدۇ : «بۇ سويمەك···»
ھەر باھادا نى سىرتماق ، ئۇرەك ،
بار دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر .

قىلساڭ ئاڭا قانچە ياخشىلىق ،
سېنى سېتىپ يەيدۇ ناشتىلىق ،
كىمدىن قالغان بۇ مىراس قىلىق ؟
بار دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر .

قۇللۇق قىلار تۆرىنى كۆرسە ،
مەيدە كېرەر چۆرىنى كۆرسە ،
جېنى چىقار «بۆرە»نى كۆرسە ،
بار دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر .

ھەممە يەردە چوڭلۇق تالىشىپ ،
گاھ چىشلىشىپ ، گاھى يالىشىپ ،
بىر - بىرىنى خارلار پالىشىپ ،
بار دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر .

بولىۋېلىپ جاھان رەپتارى ،
قورساق تويسا ، يوق ئىشتىن كارى ،
بۇنداقلارنىڭ نە ئېتىبارى ؟···
بار دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر .

1987 - يىل ، كورلا

# تۇرمۇشتىن يېزىقچىلىق خام ماتېرىيالى ئېلىش

«تۇرمۇشلا بولىدىكەن، خۇشاللىق ۋە بايلىق بولماي قالمايدۇ». تۇرمۇش يېزىقچىلىق ئۈچۈن قازسا ـ قازسا تۈگىمەيدىغان بايلىق كانى. بۇ «بايلىقلار» ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى قېزىشىغا، تاۋلىشىغا، توپلىشىغا ۋە مېغىزىنى ئايرىپ ئېلىشىغا موھتاج. يې شىڭتاۋ ئەپەندى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «يېزىقچىلىق ماتېرىياللىرىنىڭ مەنبەسى تۇرمۇشنىڭ جىمى قاتلاملىرىدا ساقلاقلىق. يېزىقچىلىق ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ ئېلىپ بېرىلغىنى بىلەن يېزىقچىلىق ماتېرىيالىنى ئۈستەل ئۈستىدىنلا تاپقىلى بولمايدۇ.»

مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، تۇرمۇشتىن ئېلىنىدىغان خام ماتېرىيال چوقۇم مەركىزىي ئىدىيىنى ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا ماسلىشىشى كېرەك. تاللىمايلا، ئۇچرىغانلا ماتېرىيالنىڭ ھەممىسىنى يېزىۋېرىشكە بولمايدۇ. توپلىغان ماتېرىياللاردىن كېرەكلىك قىسمىنى تاللاشنى ئۆگىنىۋېلىپ، چىن، يېڭى، جانلىق، تىپىك، ئاكتۇئال قىممەتكە ئىگە ماتېرىياللارنى ئەسەرگە كىرگۈزۈپ، ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەش، يېزىقچىلىق قىممىتىنى ھەقىقىي نامايان قىلىش، شۇ ئارقىلىق ياخشى ئەسەرنى يېزىپ پۈتكۈزۈش كېرەك.

1. ئۆزۈڭلار توپلىغان يېزىقچىلىق خام ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، بىر مەركىزىي ئىدىيىنى بەلگىلەپ، شۇ مەركىزىي ئىدىيىنى

چۆرىدىگەن ھالدا بىر پارچە ئەسەر يېزىپ، «سىنىپتىكى قەلەمكەشلەر يىغىنى»دا ئوقۇڭلار ھەممە پىكىر ئالماشتۇرۇڭلار.

2 . جەمئىيەتكە، تۇرمۇشقا چۆكۈپ، ئۆزىڭىزگە تونۇشلۇق بىرەر كىشىنى يېزىقچىلىق ئوبيېكتى قىلىپ تاللاپ، ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك تۇرمۇشى ئىچىدىكى بىرنەچچە كارتىنىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ ھەممە توپلىغان ماتېرىياللاردىن قىممىتى بارلىرىنى ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىڭ.

3 . دەرستىن سىرتقى يېزىقچىلىق: مۇشۇ ھەپتىدە توپلىغان يېزىقچىلىق خام ماتېرىياللىرىڭىز ئاساسىدا، مەلۇم بىر مەركىزىي ئىدىيىنى چۆرىدەپ بىر پارچە ھەپتىلىك خاتىرە يېزىپ چىقىڭ.

### ئەسەر تۈزىتىش

## ئابزاسنى تۈزىتىش

ئەسەر يېزىش سۆزلەردىن جۈملە، جۈملىلەردىن ئابزاس ھاسىل قىلىش جەريانىدىن ئىبارەت. ئابزاس سۆز ۋە جۈملىلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال قوللىنىلىشى بولۇپلا قالماي، يەنە ئەسەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى ھېسابلىنىدۇ ھەممە پۈتكۈل ئەسەردە ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئابزاسنى تۈزىتىشتە، تاللانغان سۆزلەرنىڭ مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق ئەمەسلىكى، جۈملىلەرنىڭ راۋان ياكى راۋان ئەمەسلىكى، تىنىش بەلگىلىرىنىڭ توغرا قويۇلغان - قويۇلمىغانلىقىغا قاراشتىن سىرت، يەنە ئالدى - كەينىدىكى سۆزلەرنىڭ ماسلاشقان - ماسلاشمىغانلىقى، جۈملىلەرنىڭ ئۆزئارا باغلاشقان - باغلاشمىغانلىقى، پۈتكۈل ئابزاس ياكى ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنىڭ گەۋدىلەنگەن - گەۋدىلەنمىگەنلىكى، قاتلاملىرىنىڭ ئېنىق بولغان - بولمىغانلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

بۇنىڭدا بىرىنچىدىن، ماسلاشمىغان، جايىدا ئىشلىتىلمىگەن

سۆزلەرنى تۈزەش كېرەك.
بىر ئابزاستا ئالدى ـ كەينىدىكى سۆزلەر ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇ-
لۇپ، ئەدىبىنى تولۇق ئىپادىلەشكە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. سۆزلەر بىر ـ
بىرىگە ماسلاشمىغان بولسا، چوقۇم تۈزىتىش كېرەك. بىز ئاۋۋال
«كائىناتتا نېمىلەر بار» دېگەن تېكىستنىڭ ئىككى يېرىدىكى تۈزىتىش-
نى كۆرۈپ باقايلى:

ئەسلىي ئورىگىنال:

*نەچچە ئون مىڭ يىل نېمىدېگەن بىپايان ئالەم دېڭىزى ـ ھە. گەرچە تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى چوڭ بولسىمۇ، ھەر بىرىگە نەچچە مىليون يەر شارىنى قاچىلىغىلى بولىدۇ (ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا يەر شارىدىن كىچىك). لېكىن، پايانسىز كائىنات بوشلۇقىدا، بۇ تۇرغۇن يۇلتۇزلار دېڭىزدىكى قۇمغا ئوخشايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك بولۇشى مۇمكىن.*

تۈزىتىلگىنى:

*نەچچە ئون مىڭ يىللاپ ماڭسىمۇ يەتكىلى بولمايدىغان ئالەم بوشلۇقى نېمىدېگەن چەكسىز ـ ھە! گەرچە تۇرغۇن يۇلتۇزلار شۇ قەدەر چوڭ، ھەربىرى نەچچە مىليون يەر شارىغا باراۋەر بولسىمۇ (ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا يەر شارىدىن كىچىك)، لېكىن بىپايان ئالەم بوشلۇقىغا سېلىشتۇرغاندا، دېڭىزنىڭ بىر تامچىسىغىمۇ توغرا كەلمەيدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك بولۇشى مۇمكىن.*

ئەسلىي ئورىگىنالدىكى «ئالەم دېڭىزى» دېگەن سۆز تۈزىتىلگەن نۇسخىسىدا «ئالەم بوشلۇقى» دەپ ئېلىنغان. «ئالەم دېڭىزى»نى «ئالەم بوشلۇقى»غا ئۆزگەرتىش بۇ ئىلمىي چۈشەندۈرۈش ئەسەرىنى ئىلمىيلىققا ئىگە قىلىپلا قالماي (چۈنكى، «دېڭىز» پەقەت يەر شارى-نىڭ بىر بۆلىكىدىنلا ئىبارەت. ئۇنى پايانسىز كائىناتنىڭ ئورنىغا قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس)، يەنە پۈتكۈل ئابزاسنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى

سۆزلەرنى ماسلاشتۇرۇپ، مەنە زىچلىقىنى ئاشۇرغان. بۇ ئابزاستا يەنە «قۇم»، «تامچە»گە ئالماشتۇرۇلۇپ، «دېڭىز» دېگەن سۆزگە ماسلاشتۇرۇلغان.

ئىككىنچىدىن، تەرتىپسىز، قولاشمىغان جۈملىلەرنى تەڭشەش كېرەك.

يې شېڭتاۋ مۇنداق دېگەن: «ئەسەرنىڭ ئىككىنچى جۈملىسى بىلەن بىرىنچى جۈملىسىنىڭ ئۇلىنىشىدا چوقۇم مۇقەررەر قائىدە بار. ئىككىنچى جۈملە بىرىنچى جۈملىدىن، ئۈچىنچى جۈملە ئىككىنچى جۈملىدىن كەلگەن. مانا بۇ پىكىر يولى دەپ ئاتىلىدۇ.» جۈملە تەرتىپى پىكىر يولىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا، بىز تۈزىتىش داۋامىدا پىكىر يولىنىڭ ئېنىق بولماسلىقى سەۋەبىدىن، جۈملە تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ كەتسە، پىكىر يولىنى تەڭشەپ، راۋان جۈملە تەرتىپىنى ئىشلىتىشىمىز كېرەك. بۇ تەڭشەش خىزمىتى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بەزى قاتلامدىكى قالايمىقان جۈملىلەرنى ئېنىق پىكىر يولى، بەلگىلىك تەرتىپ بويىچە تەڭشىگەندىن كېيىن، سۆز، جۈملىلەر ناھايىتى راۋانلىشىپ كېتىدۇ. ئاۋۋال تۆۋەندىكى مەشىق ئەسەرنى ئوقۇپ باقايلى:

*ئۈستەلدە چىرايلىق بىر ئۈستەل چىراغ يېڭىدىن تىزىپ قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ يېپەكتىن ئىشلەنگەن قالپىقى يوغان تەلپەككە ئوخشاش، لامپۇچكىغا كىيدۈرۈلۈپ قويۇلغان بولۇپ، تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ چىراغپىيى قاپقارا، پارقىراق ئەينەك تەخسە بولۇپ، ناھايىتى پۇختا، قارىماققا ۋەزمىن ۋە ئاددىي كۆرۈنەتتى. تەخسىنىڭ تېگىدىن باشلىنىپ، بىر تال توك سىمى تۆمۈر نەيچىسى ئەينەك تۈۋرۈكچىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، چىراغنىڭ چوققىسىغىچە بارغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە لامپۇچكا بار ئىدى. ئەينەك تەخسىگە ئەپلىك بىر ئۈزچات ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئۈزچات يېنىدا ئۈستەل چىراغنىڭ گەۋدىسى — چىراغ غولى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ ئاق رەڭلىك ئەينەك تۈۋرۈك بولۇپ، تولىمۇ پارقىراق ئىدى.*

بۇ ئابزاستا ئۈستەل چىراغ چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، بىرىنچى جۈملىدە ئومۇمىيۈزلۈك يېزىلغان. ئىككىنچى جۈملىدە باش قىسمىدىكى چىراغ قالپىقى، ئارقىدىنلا ئۈچىنچى جۈملىدە ئاستىدىكى چىراغپاي يېزىلغان. ئاندىن چوققىسى، لامپۇچكا تىلغا ئېلىنىپلا، يەنە پەستىكى ئۆزچات، ئاندىن ئوتتۇرا قىسمىدىكى چىراغ غولى يېزىلغان. بۇ سەككىز جۈملىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تولىمۇ قالايمىقان بولۇپ، راۋان ئەمەس. ئەگەر ئۈستەل چىراغنى كۆزىتىش، تونۇشتۇرۇش تەرتىپى راۋانلاشتۇرۇلۇپ، ئابزاستىكى جۈملىلەرنىڭ تەرتىپى تەڭشەلسە، ئۇ سىزگە باشقىچە تۇيغۇ بېرىدۇ:

*ئۈستەلگە چىرايلىق بىر ئۈستەل چىراغ يېڭىدىن تىزىپ قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ چىراغپېيى قاپقارا، پارقىراق ئەينەك تەخسە بولۇپ، تولىمۇ پۇختا، قارىماققا ۋەزمىن ۋە ئاددىي كۆرۈنەتتى. ئەينەك تەخسىگە ئەپلىك ئۆزچات ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۆزچات يېنىدا چىراغ گەۋدىسى — پارقىراپ تۇرغان ئاق ئەينەك تۇۋرۇكچە چىراغ غولى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. توك سىمى تەخسە تېگىدىن ئەينەك تۇۋرۇكچىنىڭ چوققىسىغىچە ئۆتكۈزۈلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە لامپۇچكا. يېپەكتىن ئىشلەنگەن، يوغان تەلپەككە ئوخشايدىغان چىراغ قالپىقى لامپۇچىغا كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى.*

بۇ ئابزاسنىڭ بىرىنچى جۈملىسى ئومۇمىيۈزلۈك يېزىلغان. ئۇنىڭ كەينىدىكى ئىككى جۈملىدە چىراغنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى چىراغپاي بىلەن ئۆزچات تونۇشتۇرۇلغان. ئاندىن ئوتتۇرا قىسمىدىكى چىراغ غولىدىن چوققىسى، لامپۇچكا، چىراق قالپىقى قاتارلىقلارغىچە تەرتىپ بويىچە يېزىلغان. تۈزىتىلگەن بۇ نۇسخىدا كۆزىتىش ۋە تونۇشتۇرۇش تەرتىپ بويىچە ئاستىدىن ئۈستىگە قاراپ داۋاملاشقان. جۈملە تەرتىپىمۇ خېلى مۇۋاپىق، قاتلاملىرىمۇ خېلى ئېنىق، ئىپادىلەش ئۈنۈمىمۇ ئەسلىدىكىدىن خېلى يۇقىرى بولغان.

ئۈچىنچىدىن ، ئابزاسنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىگە ماس كەلمەيدىغان جۈملىلەرنى تۈزىتىش كېرەك .

ئابزاستا ئىپادىلەنگەن مەنە بىر ئاز يىغىنچاقلانغان بولۇشى ، ئادەتتە بىر ئابزاستا بىر مەركىزىي ئىدىيە ئىپادىلەنگەن بولۇشى كېرەك . ئابزاستىكى جۈملىلەر مەركىزىي ئىدىيىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ، مەركىزىي ئىدىيە پۈتكۈل ئابزاستىكى جۈملىلەرنى باشقۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك . تۈزەتكەن چاغدا ، ئەگەر جۈملىلەر ئابزاسنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىگە ماسلاشمىسا ، مۇۋاپىق تۈزىتىپ ، پۈتكۈل ئابزاسنىڭ يىغىنچاق ۋە تاۋلانغان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك . تۆۋەندىكى ئابزاسنى كۆرۈپ باقايلى :

*ئىجتىمائىي پائالىيىتى ، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ، ۋاقىتقا رىئايە قىلىشى ۋە ۋاقىتنى قەدىرلىشى قاتارلىقلاردىن بىر ئادەمنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . بىر يەرلەرگە دەل ۋاقتىدا بېرىش ، «مەن باشقىلارنى ساقلىسام ساقلايكى ، باشقىلارنى ساقلىتىپ قويماي» دېگەن ئويدا بولۇش كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز - تولا ئۆز - ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى بولۇش كېرەك . لاغايلاپ يۈرمەسلىك ، قۇرۇق گەپ ساتماسلىق ، ئەزمىلىك قىلماسلىق ، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆپرەك ئويلىشىش ، ۋاقىتنى ئىشلىتىشتە «پىرىسلانغان پىچىنە» ياساش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلىگەنلىك بولۇپلا قالماي ، باشقىلارنىمۇ ھۆرمەتلىگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بىر چەت ئەل ئالىمى : «ۋاقىتنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋاقىتنى قەدىرلىگەنگە باراۋەر» دېگەنىدى . بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ۋاقىتقا رىئايە قىلىش ئىشەنچ ئېلىپ كەلسە ، ۋاقىتنى قەدىرلەش ئۇسلۇب يارىتىدۇ . بۇ ئەخلاق ھېسابلانماي ، نېمە ھېسابلىنىدىكەن ؟*

بۇ ئابزاسنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ۋاقىتقا رىئايە قىلىش ، ۋاقىتنى قەدىرلەشتىن بىر ئادەمنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى كۆرۈۋالغىلى

بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. بىرىنچى جۈملىدە بۇ كۆزقاراش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئارقىدىنلا ۋاقىتقا رىئايە قىلىش، ۋاقىتنى قەدىرلەشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن تەھلىل ئېلىپ بېرىلغان ھەمدە ھېكمەتلىك سۆزنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق، قايىل قىلىش كۈچى ئاشۇرۇلۇپ، ئاخىرىدا باشتا ئېيتىلغان سۆزگە ماسلاشتۇرۇلغان. ئابزاستىكى كۆپ سانلىق جۈملىلەر مەركىزىي ئىدىيىنى چۆرىدەپ ئېيتىلغان، ئەمما «چەت ئەللىك بىر ئالىم: ‹ۋاقىتنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋاقىتنى قەدىرلىگەنگە باراۋەر›، دېگەنىدى» دېگەن بۇ جۈملە دېمەكچى بولغان مەركەزنى ۋاقىتنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ۋاقىتنى تېجەش تەرىپىگە بۇرىۋەتكەنلىكتىن، ئابزاسنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىدىن چەتنەپ، قاتلاملارنىڭ ئېنىقلىقىغا ۋە جۈملىلەرنىڭ باغلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزگەن. شۇڭا، تۈزىتىش جەريانىدا بۇ جۈملىنى قىسقارتىۋېتىش كېرەك.

ئابزاسنى تۈزىتىشتە يۇقىرىدا ئېيتىلغانلاردىن باشقا، نۇرغۇن تەرەپلەرنى كۆزدە تۇتۇشقا، كۆپ خىل ئۇسۇل قوللىنىشقا بولىدۇ. بىز يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتى جەريانىدا تەجرىبىلەرنى تەدرىجىي يەكۈنلەپ، ئابزاسنى تۈزىتىش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. كۆپ يېزىش، كۆپ تۈزىتىشتىن باشقا، كۆپ ئوقۇش، كۆپ تەھلىل قىلىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. دەرس ئىچى - سىرتىدىكى ئوقۇشتا ئوخشىمىغان تۈردىكى ئابزاسلارنى تاللاپ، مەركىزىي ئىدىيە ۋە قاتلام قۇرۇلمىسى، جۈملە بىلەن جۈملىنىڭ مۇناسىۋىتى، سۆزلەرنىڭ ماسلىشىشى قاتارلىقلارنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، ئەسەر تۈزىتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

## ئويلاپ بېقىڭ، ئىشلەپ بېقىڭ

1. تۆۋەندىكى ئابزاستا ئىككى جۈملە ئارتۇقچە بولۇپ، مەنىنى ئىپادىلەشكە تەسىر يەتكۈزگەن. ئۇلارنى سىزىپ چىقىڭ، ئاندىن قىسقارتىپ، مەركىزىي ئىدىيىنى گەۋدىلەندۈرۈڭ:

ئۆگىنىشتە تىرىشچان بولۇپ، ئىزچىللىقنى ساقلاش كېرەك. كونىلارنىڭ: «تاما ـ تاما كۆل بولۇر» دېگەن گېپى بار. «تامچە» ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن داۋاملىق تېمىۋەرسە، چوقۇم كۆل ھاسىل بولىدۇ. ئۆگىنىش جەريانىدا بىزدىمۇ مۇشۇنداق روھ بولۇشى كېرەك. ئۆزىمىزنى باشقىلاردەك ئەقىللىق ئەمەس، بىلىمىمىز باشقىلارغا يەتمەيدۇ دەپ، ئۆز ـ ئۆزىمىزدىن ئاغرىنىۋەرسەك بولمايدۇ. «مەغرۇرلۇق كىشىنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ، كەمتەرلىك كىشىنى ئالغا باستۇرىدۇ»، «غەلىبىنىڭ بىرىنچى شەرتى كەمتەر بولۇشتۇر». پەقەت قەتئىي بوشاشماي ئەجىر سىڭدۇرۇپ، باشقىلار بەش قېتىم ئوقۇغاننى ئون قېتىم ئوقۇپ، باشقىلار بەش قېتىم قىلغان ئىشنى ئون قېتىم قىلىۋەرگەندە، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چوقۇم پۇختا ئاساس تۇرغۇزغىلى بولىدۇ.

2. تۆۋەندىكى ئابزاستا جۈملىلەر سەل قالايمىقان. بەلگىلىك پىكىر يولى بويىچە، جۈملىلەرنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، ئۇلارنى چاڭ ـ توزانلارنىڭ زىيىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن كىچىك بىر ئەسەرگە ئايلاندۇرۇڭ (تەرتىپ نومۇرىنى كەينىدىكى سىزىققا تولدۇرۇڭ):

*(1) چاڭ ـ توزانلارنىڭ ساياھىتى ئىنسانلار تۇرمۇشىغا قانداق زىيان يەتكۈزىدۇ؟ (2) ئۇلار بىز نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋانى مەينەتلەشتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە بىزنىڭ ئۆيىمىز، تاملىرىمىز، ئۆي جاھازلىرىمىز، كىيىمىمىز، قول ۋە يۈز تېرىمىزنىمۇ مەينەتلەشتۈرىدۇ. (3) بۇلار تېخى كىچىك ئىش ھېسابلىنىدۇ. (4) ئۇلار نەپەس يولىمىزنى كاردىن چىقىرىدۇ، دىمىغىمىزنى پۈتتۈرۈپ، كېكىردىكىمىزنى ياللۇغلاندۇرىدۇ، ئۆپكىمىزنى كاردىن چىقىرىپ، سوغۇق تېگىش، زۇكامداش، ئۆپكە ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. (5) چاڭ ـ توزان ئارىسىدا يەنە ۋىرۇس ۋە كېسەللىك باكتېرىيىسىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ سالامەتلىكىمىزنىڭ*

ئەشەددىي دۈشمەنلىرىدۇر . (6) ناۋادا چاڭ ـ توزانلارغا تۇبېركۇليوز باكتېرىيىسى ئارىلىشىپ قالغان بولسا تېخىمۇ خەتەرلىك . (7) شۇڭا ، خالىغان يەرگە تۈكۈرمەسلىك كېرەك . (8) ئاخىرىدا چاڭ ـ توزانلاردا كۈچلۈك پارتلاش يۈز بېرىدۇ . بۇ ناھايىتى ئېغىر ھادىسە بولۇپ ، چوقۇم ئالدىنى ئېلىش كېرەك . (9) ئۇنىڭدىن باشقا ، مېتاللارنىڭ چاڭ ـ توزانلىرى ، بولۇپمۇ ئالىيۇمىن ئادەمنى زەھەرلەيدۇ . ھاك ۋە سېمونت چاڭ ـ توزىنى ئۆپكىمىزگە زەخىم يەتكۈزۈپ ، تېرىمىزنى چىرىتىدۇ . (10) شۇڭا ، ئادەملەر چوقۇم چاڭ ـ توزانلارغا نازارەتچىلىك قىلىپ تۇرۇشى ، ئۇلارنىڭ قالايمىقان ئۇچۇپ يۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك .

# ئىجتىمائىي قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىش

ئىشىك ئېچىۋېتىلىپ، بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلۇپ، ئۇچۇر تېزلەشكەنلىكتىن، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىمۇ جانلىنىشقا باشلىدى. كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ، ئوخشىمىغان نۇقتىدىن قاراپ باقىدىغان بولساق، تۇرمۇشنىڭ نەقەدەر رەڭگارەڭ ئىكەنلىكىنى، ستېرېئولاشىپ كەتكەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇشى كۈچەيگەنلىكىنى ھەمدە تۇرمۇش مەزمۇنىنىڭمۇ بېيىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ خىل دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىدا ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت، تەبىئەت دۇنياسى، ئىنسانىيەت ھەققىدىكى تونۇشىدىمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بەزى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىدىغان ۋە بۇ ھەقتە مۇنازىرە ئېلىپ بارىدىغان كىشىلەر كۆپەيگەنلىكتىن، ئىجتىمائىي قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى كېلىپ چىقتى. بۇنى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ ئالغا باسقانلىقىنىڭ بەلگىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۆزلۈكسىز مەيدانغا كېلىۋاتقان بۇ ئىجتىمائىي قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ساۋاقداشلارنىڭ تۇرمۇشقا بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى جەمئىيەتنى چۈشىنىشكە، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى چوڭ ئىشلارغا دىققەت قىلىشقا يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئۇچۇر توپلاش، مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش،

مۇستەقىل قارىشىنى ئىپادىلەش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

ئىجتىمائىي قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى چۆرىدىگەن ئاساستا مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇشتا، ئالدى بىلەن سۆھبەت تېمىسىنى ئوبدان تاللىۋېلىش كېرەك. تېما قىممەتكە ئىگە بولۇشى ھەمدە كىشىلەر ھەقىقەتەن دىققەت قىلىۋاتقان بولۇشى كېرەك. سۆھبەت تېمىسىنى بەلگىلىۋالغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئۇنى ئاۋۋال سىرتقا ئېلان قىلىش، ئاندىن ماتېرىيال تەييارلاش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن قىرائەتخانا، كۇتۇپخانىلارغا كىرىسىمۇ، ئىنتېرنېتتىن مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ئىگىلىسىمۇ ياكى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس، ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ قىزىق نۇقتىلارغا بولغان كۆزقارىشى، پوزىتسىيىسى، پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئاڭلاپ باقسىمۇ بولىدۇ. ئاندىن بۇلارنى تۈرلەرگە ئايرىپ، شاكىلىنى ئېلىۋېتىپ، مېغىزىنى تاللاپ، رەتلەپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەشەببۇسى ۋە قارىشىنى بېكىتىپ، سۆز تېزىسى يېزىپ چىقىش كېرەك.

«مۇھاكىمە قىلىش» پۈتۈنلەي مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش دېگەنلىك ئەمەس. بۇنىڭدا ھەربىر ئادەم ئۆز قارىشىنى تولۇق نامايان قىلىشى، راست گەپ قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەمكىن بولۇپ، باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلىشى، ھە دېسىلا ئۆزىنىڭكىنى راست دەپ تالىشىپ تۇرۇۋالماسلىقى كېرەك.

1 . مەكتەپ ئىچى - سىرتىدىكى قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى چۆرىدىگەن ئاساستا، ئوقۇتقۇچى ياكى مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، مەخسۇس تېمىلىق لېكسىيە سۆزلىتىڭلار. ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، كۆزقاراش بويىچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ تەييارلىق قىلىپ، بىر قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىڭلار.

2 . مەكتەپتىكى ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى، دەرسخانا ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تاپشۇرۇق نورمىسىنى تەڭشەش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق ساغلاملىقى قاتارلىق قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى چۆرىدىگەن ئاساستا، سىنىپ بويىچە بىر قېتىملىق مۇھاكىمە

# 21 . ماری كيۇرىغا تەزىيە[1]

ئېينىشتېين

كيۇرى خانىمغا ئوخشاش بىر ئالىيجاناب شەخس ئۆزىنىڭ هاياتى-
نى ئاخىرلاشتۇرغان مۇشۇ سائەتلەردە ، ئۇنىڭ خىزمەت مۇۋەپپەقىيەتـ-
لىرىنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن قانچىلىك زور تۆهپە هېسابلىنىدىغانلىقىنى
ئەسلەش بىلەنلا كۇپايىلەنسەك بولمايدۇ . سىر خىل كىشىلەرنىڭ ئەخ-
لاق - پەزىلىتىنىڭ دەۋر ۋە تارىخ مۇساپىسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى
ئۇلارنىڭ نوقۇل ئەقىل - پاراسەت جەهەتتىكى ئۇتۇقلىرىدىن زور
بولسا كېرەك . مەيلى كېيىنكىسى بولغان تەقدىردىمۇ ، هەممىسىلا
پەزىلەت دەرىجىسىگە باغلىق . كيۇرى خانىم بىلەن 20 يىللىق ئالىيجا-
ناب هەم سەمىمي دوستلۇقۇمنىڭ بولغانلىقىدىن خۇرسەنمەن . مەن
كيۇرى خانىمنىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنىڭ بۈيۈكلۈكىگە بارغان-
سېرى قايىل بولماقتىمەن . ئۇنىڭ قەيسەرلىكى ، ئىرادىسىنىڭ كۈچ-
لۈكلۈكى ، ئۆزىگە تەلەپچانلىقى ، ئەمەلىيەتچىل روهى ، ئادىل هۆكۈم
چىقىرىشى — بۇلارنىڭ هەممىسى تېپىلغۇسىز رەۋىشتە بىر ئادەمنىڭ
جىسمىغا مۇجەسسەملەشكەن . ئۇ هەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ جەمئى-
يەتنىڭ چاكىرى ئىكەنلىكىنى هېس قىلىدۇ ، ئۇنىڭ تولىمۇ كەمتەر-
لىكى مەغرۇرلىنىشىغا مەڭگۈ ئىمكان بەرمەيدۇ . جەمئىيەتنىڭ رە-
هىمسىزلىكى ۋە باراۋەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن ، ئۇنىڭ روهىي هالىتى
خاپىغانىدى . مانا بۇ ئۇنىڭدا شۇنداق سۇرلۇك تاشقى قىياپەتنى هازىر-
لاپ ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشالمايدىغان كىشىلەردە ئاسانلا خاتا چۈشەنچە

---

[1] بۇ تېكىست ئېينىشتېيىننىڭ 1935 - يىل 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى نيۇ - يورك رۆرىچ مۇزېيىدا ئۆتكۈزۈلگەن كيۇرى خانىمغا تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتقى .

پەيدا قىلىدۇ. بۇ ھەرقانداق بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىزاھلىغىلى بولمايدىغان، ئاز ئۇچرايدىغان سۈرلۈكلۈك. ئۇ مەلۇم بىر يولنى توغرا دەپ قارىسىلا، شۇ يولدا مۇرەسسەسىز ھەمدە ئىنتايىن قەيسەرلىك بىلەن ماڭىدۇ. ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيىتى رادىئوئاكتىپ ماددىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاش ھەمدە ئۇنى ئايرىپ چىقىش بولدى. ئۇ، بۇ نەتىجىگە دادىللىقى، بىۋاسىتە سېزىمىدىن باشقا، يەنە تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغان ئىنتايىن مۇشكۈل شارائىتتا خىزمەت قىلىش قىزغىنلىقى ۋە قەيسەرلىكىگە تايىنىپ ئېرىشتى. بۇنداق قىيىنچىلىق تەجرىبە ئىلمى تارىخىدا ئاز ئۇچرايدۇ.

كيۇرى خانىمدىكى پەزىلەت ۋە قىزغىنلىق، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ كىچىك بىر تەرىپى ياۋروپادىكى زىيالىيلاردا بولغىنىدا ئىدى، پۈتكۈل ياۋروپانىڭ كەلگۈسى قىياپىتى زور دەرىجىدە پارلاق بولغان بولاتتى.

# 22 . مۇپاسساننىڭ دەپنە مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق

زولا[1]

مىنىڭ فرانسىيە ئەدەبىياتى نامىدا سۆزلەپ ، كەسپداشلىق سۈپىتىدە ئەمەس ، بەلكى سەپداشلىق ، ئاكا ـ ئىنىلىق ، دوستلۇق سۈپىتىدە ج .د .مۇپاسسانغا چوڭقۇر ھۆرمىتىمنى بىلدۈرۈشۈمگە ئىجازەت بەرگەيسىزلەر .

مەن گۇستاف فلوبېرنىڭ[2] ئۆيىدە مۇپاسسان بىلەن تونۇشقان . ئۇ چاغدا ئۇ 18 — 20 ياشلاردا ئىدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمدا زاھىر بولماقتا . ئۇ كۈچ ـ قۇۋۋەتتى ئۇرغۇپ تۇرغان ، كۆزلىرى نۇرانە ھەمدە كۈلۈپ تۇرىدىغان ، كەم سۆز ، ئۇستازى ئالدىدا خۇددى دادىسى ئالدىدىكىدەك كەمتەر ئىدى . دائىم بىزنىڭ گېپىمىزنى بىر ھازا ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئاندىن بىرەر ئېغىز گەپ قىستۇرۇپ قوياتتى . لېكىن ، خۇش پېئىل ، تۈز كۆڭۈل بۇ يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر خىل جاسارەت ۋە ساغلاملىق ئۇرغۇپ تۇراتتى ، شۇڭا ھەممىمىز ئۇنى يېقىن كۆرەتتۇق . ئۇ كۈچلۈك ھەرىكەتلەرگە ئامراق بولۇپ ، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ كۈچلۈكلۈكى ھەققىدە ھەر خىل تەرىپلەرمۇ تارقالغانىدى . ئەمما ، ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە كۈچلۈك تالانت ئىگىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىكەنمىز .

«دونداق »[3] دىن ئىبارەت بۇ نازۇك ھېس ـ تۇيغۇلار ، كىنايە ۋە

---

① زولا (1840 — 1902 ) — فرانسىيە يازغۇچىسى ، مۇپاسسان (1850 ـ 1893 ) ـ فرانسىيە يازغۇچىسى .

② گۇستاف فلوبېر (1821 — 1880 ) — فرانسىيە يازغۇچىسى ، مۇپاسساننىڭ ئۇستازى .

③ مۇپاسساننىڭ نادىر ھېكايىلىرىنىڭ بىرى .



ئېمىل زولا

جاسارەت بىلەن تولغان نۇقسانسىز نادىر ئەسەر ئىجاد قىلىنىشى بىلەنلا كۆچلۈك تەسىر قوزغىدى . نەتىجىدە ، ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا قەدەم قويۇش بىلەن تەڭلا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسىرى بىلەن پىشۋالار ئارىسىغا قوشۇلىۋالدى . بىز بۇنىڭدىن كۆپ خۇرسەن بولدۇق ، چۈنكى ئۇنىڭ چوڭ بولغانلىقىنى كۆرگەن بولساقمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ تالانتى بارلىقىنى ئويلاپ باقمىغان بىزدەك كىشىلەرنىڭ ئىندىسى بولۇپ قالغانىدى . ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆزلۈكسىز تۇردە دۇنياغا كۆز ئېچىشقا باشلىدى . ئۇ مۇقىم مەھسۇلاتلىق يازغۇچى بولۇپ ، ئەسەرلىرىدىن قەلەمنىڭ پىشقانلىقى نامايان بولۇپ تۇراتتى . بۇ مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى . ھېكايە ، پوۋېستلىرى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى توختىماي ئىجاد قىلىنىپ ، مول مەزمۇنلۇقى ، ئۇسلۇبىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى . ھەربىر ئەسىرى كىچىك بىر سەھنە ئەسىرىگە ئوخشاش كىشىلەرگە تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى نامايان قىلىپ بېرەتتى . ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرى بىزنى كۈلدۈرسە ، بەزى ئەسەرلىرى يىغلىتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىزنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ .

ئىھ ، گۈزەللىكنىڭ زىلال چەشمىسى ! مەن بۇ چەشمىنىڭ سۈپسۈزۈك سۇلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنىڭمۇ تەشنالىقىنى قاندۇرۇشىنى تىلەيمەن ! مەن مۇپاسانغا ئامراق ، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ھەقىقىي لاتىن قان سىستېمىمىزدىن ، ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىدىكى دۇرۇس كاتتىلىرىمىزنىڭ بىرى . ئەلۋەتتە ، ئەدەبىيات ــ سەنئەت زېمىنىغا چەكلىمە قويۇشقا بولمايدۇ . مۇرەككەپ ، مىستىك ، چۈشىنىكسىز ئېقىملارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەك . لېكىن ، مېنىڭ قارىشىمچە ، بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈشكۈن . ئەگەر سىز خالىسىڭىز بىر مەزگىل قارشى پىكىردە سۆزلەپ بېقىڭ ، خۇددى كىشىلەر ئۇنى ــ بۇنى يەپ بېقىپ ، ئاخىر يەنىلا كۈندە يېيىشمۇ زېرىكمەيدىغان بولكىنى يارىتىپ قالغاندەك ، بىر كۈنلىرى چوقۇم يەنە ساددىلىق ۋە روشەنلىك ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان ئېقىملارغا قايتىپ كېلىسىز .

مۇپاسسان 15 يىل جەريانىدا 20 تومغا يېقىن ئەسەر ئېلان قىلدى. ئەگەر ئۇ ھايات بولغان بولسا، شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ سانىنى ئۈچ قاتلىغان، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىر كىتاب جازىسىغا لىق كەلگەن بولاتتى. مەن زادى نېمە دېسەم بولار؟ دەۋرىمىزدىكى ئەسەرلەرنىڭ جىقلىقىدىن بىر تۇرۇپ غەمگە چۆكۈپمۇ قالىمەن. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇزاق مەزگىل ئەستايىدىل يېزىشنىڭ مەھسۇلى... لېكىن، شان - شەرەپكە نىسبەتەن، بۇلار ناھايىتى ئېغىر يۈك ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىسى بۇ خىل يۈكنى ئارتىۋېلىشنى خالىمايدۇ. كۆلىمى زور، قىممەتلىك ئەسەرلەردىن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساقلىنىپ قالالايدىغانلىرى ئەزەلدىن تارتىپ كۆپ بولمىغان. ئەمما، ئاران 300 قۇر چىقىدىغان بىر ئۆلمەس ئەسەرنى كېلەچەكتە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان نادىر ئۈلگىگە، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدىغان مەسەل ياكى ھېكايىگە ئايلىنالمايدۇ دەپ كىممۇ ئېيتالىسۇن؟

ئەپەندىلەر، مانا بۇ مۇپاسساننىڭ شان - شۆھرىتى، يەنە كېلىپ بۇ مۇستەھكەم، يېمىرىلمەس شان - شۆھرەت. ئۇنداقتا، ئۇ شۇنچىۋالا زور بەدەل تۆلەپ، مۇشۇنداق خاتىرجەم ئۇيقۇغا ئېرىشكەنىكەن، ئۆزى قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلىرىنىڭ مەڭگۈ كىشىلەرنى بويسۇندۇرالايدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسى بويىچە مەڭگۈ ئارام ئالغاي. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، ئۇمۇ ھەم مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ.

# 23 . فېدېراتىپ گېرمانىيە ھايمۇت شەھىرى شەھەر باشلىقىنىڭ قوبۇل قىلىش مۇراسىمىدىكى جاۋاب نۇتۇق

گۇڭ لىيۇ[①]

ھۆرمەتلىك شەھەر باشلىقى ئەپەندى، ھۆرمەتلىك S فوندىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، خانىملار، ئەپەندىلەر:

ھايمۇتنىڭ مۇبارەك نامىغا كۈچلۈك ئىخلاسىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن — بىز گېرمانىيىنىڭ گۈزەل رىۋايەتلىرىدىن ئاللىبۇرۇنلا ئۇنى تونۇپ بولغان — جۇڭگو يازغۇچىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى يېرىم سائەت بۇرۇن بۇ ئەزىزانە شەھەرگە كېلىپ بولدۇق.

شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ زالىغا كىرىشتىن ئاۋۋال بىز مەيداننى ئايلىنىپ كۆردۇق، كوچىدىكى ئۈستى ئوچۇق قەھۋەخانىلاردا ئۇسسۇلۇق ئىچىشتۇق ھەمدە ماگىزىنلارنىڭ دېرىزىلىرىدىكى چوڭ ـ كىچىك، قىزىل ـ سېرىق، بىر قارىسا خۇرۇمدىن ياسالغاندەك، بىر قارىسا لايدىن ياسالغاندەك كۆرۈنىدىغان بۇرۇتلۇق، خىلمۇخىل قىزى-

---

① گۇڭ لىيۇ — بۈگۈنكى زامان جۇڭگو شائىرى. 1987 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلىرى ۋەكىللىرى ئۆمىكىگە باش بولۇپ فېدراتىپ گېرمانىيىگە زىيارەتكە چىققان ھەمدە بۇ نۇتۇقنى فېدراتىپ گېرمانىيە ھايمۇت شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى بىلەن ئۇچرىشىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن. گېرمانىيىدىكى خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار: بۇرۇنقى زاماندا ھايمۇتتا چاشقان ئاپىتى يۈز بېرىپ، خەلق ئېغىر تالاپەتتە قالغان. بىر كۈنى، ئالىمجىنار كىيىنىۋالغان بىر سەرگەردان تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، مېنىڭ بىر سېھىرلىك نەيىم بار، ئۇنى چالسام ئاپەت يوقىلىدۇ دەپتۇ. ھايمۇتلۇق ئاقسۆڭەكلەر مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىنئام بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ. دەرۋەقە، ئۇ سېھىرلىك نەيىنى چالغانىكەن، چاشقانلار ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ مېڭىپ، ھەممىسى دەرياغا غەرق بولۇپ ئۆلۈپتۇ. لېكىن، ئىش پۈتكەندىن كېيىن، ئاقسۆڭەكلەر ۋەدىسىدىن يېنىۋاپتۇ. بۇنىڭدىن ئاچچىقلانغان نەيچى نەيىنى يەنە بىر چالغانىكەن، بۇ شەھەردىكى 130 بالا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. بۇ ئىش ھايمۇت چېركاۋىدىكى تاش ئابىدىگىمۇ پۈتۈكلۈك. بۇ رىۋايەت پۈتكۈل دۇنياغا تارقالغان. ئامېرىكا كارتون فىلىمى «چاشقان بىلەن ئۆردەك»نىمۇ مۇشۇ رىۋايەت خام ماتېرىيال قىلىنغان. ئاپتور بۇ نۇتۇقىدا ئاشۇ رىۋايەتتىكى نەيچى بىلەن پاراللېلىش شەكلىدە ئۆز كۆزقارىشى ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن.

قارلىق چاشقانلارنى تاماشا قىلدۇق . ھەممىدىن مۇھىمى ، مەن ئالدى-
چىپار كىيىنگەن ھېلىقى نەيچىنى تۇنجى بولۇپ كۆردۈم - دە (بۇنىڭ-
دىن سەل مەغرۇرلىنىپ قالغان بولۇشۇممۇ مۇمكىن) ، دەرھال رە-
سىم ئاپپاراتىمنى ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقىلى ، بىللە رەسىمگە
چۈشۈۋالغىلى ماڭدىم (پۈتكۈل مەيدان جانلىنىپ ، كۈلكە ئاۋازى
ئاڭلىنىدۇ .)



نەيچى بىلەن نېمىلەرنى پاراڭلاشتىڭلار دەمسىلەر ؟ بۇنىڭ يوشۇر-
غىدەك يېرى يوق ، ھەممىسىنىلا دەۋېتەي (كۈلكە) . مەن ئاۋۋال
ئۇنىڭغا : «ھاللو ! نەيچى ئەپەندى ، ياخشىمۇسىز ! سىزنى ئىزدەپ
تاپالماي يۈرسەم ، ئەسلىدە كىشىلەر ئارىسىغا مۆكۈۋاپتىكەنسىزدە !»
دېدىم . ئۇ كەچۈرۈم سورىغاندەك مۈرىسىنى قىسىپ قويدى (كۈلكە) .
ئاندىن مەن ئۇنىڭغا ئۆز - ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ : «مەن بىر جۇڭگو-
لۇق يازغۇچى ، يىراق شەرقتىن كەلدىم . سىلەرنىڭ گېرمانىيىلىك
يازغۇچىلار سىز توغرۇلۇق يازغان كىتابنى ئوقۇغان . مەن سىزنى

تونۇيمەن . سىز دېگەن كامالەتكە يەتكەن پېشۋا سېھىرگەر . سىزنىڭ
سېھىرلىك بىر نېيىڭىز بار . ئەنە قولىڭىزدا تۇتۇپ تۇرۇپسىز . شۇن-
داققۇ دەيمەن ؟ » دېدىم . لېكىن ، نەيچى بېشىنى لىڭشىتىپمۇ قويماي
ياكى نېرى كەتمەي ، گېپىمنىڭ راست ـ يالغانلىقىغا ئىشىنەلمەيۋات-
قاندەك ، ماڭا سىنچىلاپ قاراپ تۇراتتى (كۆلكە ) . مەن بۇنىڭ بىلەن
ئانچە كارىم بولماي ، گېپىمنى دەۋەردىم : «ھوي ، بۇرادەر ! گېرماند-
يىگە كەلگەندىن بېرى كىشىلەرنىڭ ھازىرقى گېرمانىيە ياشلىرى
ئويۇن ـ تاماشىنى دەپ توي قىلغىلى ئۇنىمايدىغان بولۇۋېلىشتى ، دەپ
ئاغرىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم . شۇڭا . . . (پۈتكۈل مەيدان جاز-
لىنىپ ، بەزىلەر قۇلاق يېقىشىپ پىچىرلىشىدۇ ) ، باللار ئازلاپ ،
نوپۇس قۇرۇلمىسىدا قېرىلىشىش ئالامىتى كۆرۈلۈۋېتىپتۇ ...
(قىزغىن چاۋاكلار ، ھۇشقۇيتقان ، يەرنى تەپكەن ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ ) .
مېنىڭ گېرمانىيىلىكلەرگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ . ھوي ئەپەندى ، گې-
پىمنى چۈشىنىۋاتامسىز ؟ گېرمانىيىلىكلەرگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ دە-
ۋاتىمەن . ئۆتۈنۈپ قالاي ، بۇنىڭدىن كېيىن ھايمۇتنىڭ باللىرىنى
ھەرگىز ئەگەشتۈرۈپ كەتمەڭ ، بولامدۇ» (يەنە قىزغىن چاۋاك ،
ئالقىش سادالىرى ، يەرنى تەپكەن ئاۋازلار ياڭرايدۇ ) ئۇ سېھىرگەر
نەيچىنىڭ سەل ھاياجانلانغىنىنى كۆرۈپ ، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقتۇم
ـ دە ، دەرھال چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدىم : «بۇرۇنقى زاماندا ھايمۇتقا
ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۇ مۇتتەھەم ئاقسۆڭەكلەر ئاللىبۇرۇن كەلمەس-
كە كەتتى ! ئۇلار گېپىدە تۇرماس ، دۆت ، بېخىل بولغىنى بىلەن
ھازىرقى ھايمۇتنىڭ شەھەر باشلىقى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەل-
دارلار گېپىدە تۇرىدىغان كىشىلەر ! (چاۋاك ، ئالقىش سادالىرى ياڭ-
رايدۇ ) ئەمدى سىزگە نېمە لازىم بولسا ، ئۇلاردىن قورقماي سوراۋې-
رىڭ . نېمە دېسىڭىز شۇنى بېرىدۇ ! چوقۇم بەرمەي قويمايدۇ . مېنىڭ
بىلىشىمچە ، ھازىرقى گېرمانىيىلىكلەرنىڭ پۇلى جىق . . . (كۈلكە
كۆتۈرۈلۈپ ، ئارقىدىن چاۋاك چېلىنىدۇ ) چۈنكى ، ئىتتىپاقداش
گېرمانىيە سانائەت تەرەققىي تاپقان دۆلەت» . لېكىن ، نەيچى ئەپ-
ەندىنىڭ قانداق ئويلىغانلىقىنى بىلىپ بولغۇچە شوپۇرىمىز

Uwe Laue ئەپەندى مېنى ماشىنىغا چىقىشقا ئالدىرىتىپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن نەيچى ئەپەندىگە: «خوش ئەپەندى، ئامان بولۇڭ!» دېيىشكە ئارانلا ئۈلگۈرۈپ، ماشىنىغا چىقتىم ـ دە، ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كېلىشىم (يەنە كۆلكە كۆتۈرۈلۈپ، ئارقىدىن يەرنى تەپكەن، قىزغىن چاۋاك چالغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ).

يۇقىرىدا دېگەنلىرىم بىز جۇڭگو يازغۇچىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ هايمۇت شەھىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىغا ئاتىغان تەبرىكنامىمىز، شۇنداقلا مېنىڭ ۋە سەپداشلىرىمىنىڭ هەرقايسى جانابلارنىڭ بىزنى مۇشۇنچىۋالا داغدۇغىلىق، تەسىرلىك كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگىنىڭلار ئۈچۈن ئېيتقان رەھمىتىمىز بولۇپ قالغۇسى (قىزغىن چاۋاك).

# 24. بېيجىڭنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلغانلىقى بايان قىلىنغان ئىككى پارچە سۆز

## گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لى لەنچىڭنىڭ سۆزى

رەئىس ئەپەندى، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، خانىملار، ئەپەندىلەر:

مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن يەنە شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرمەكچىمەنكى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بېيجىڭنىڭ 2008 - يىللىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش مەيدانىنى قەتئىي قوللايدۇ.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ باھالاش ئۆمىكى چىقارغان باھالاش دوكلاتىغا ھۆرمەت قىلىدۇ ھەمدە ئۇنى ئالقىشلايدۇ. بىز مۇشۇنىڭغا ئاساسەن بېيجىڭدا ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنى ئۇتۇقلۇق ئۆتكۈزۈش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتۇق.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى بېيجىڭنىڭ بايان خاراكتېرلىك دوكلاتىدا بەرگەن ۋەدىسىگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ، بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، بېيجىڭنىڭ بۇ ۋەدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

خانىملار، ئەپەندىلەر، مەن سىلەرگە شۇنداق ۋەدە بەرمەكچىمەنكى، ئەگەر بۇ قېتىملىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە پايدىغا ئېرىشىپ قالساق، شۇ پايدىغا ئولىمپىك دوستلۇق، ھەمكارلىق فوندى تەسىس قىلىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەنتەربىيە ئىشلە-

رىغا ياردەم بېرىمىز ، ناۋادا قىزىل رەقەم كۆرۈلسە ، بۇنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۈستىگە ئالىدۇ .

پۈتكۈل دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىلەر كۆڭلەرنىڭ بىرىدە جۇڭگوغا كېلىپ بېيجىڭنى كۆرۈپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىدۇ ، ۋەتەنداشلىرىمىز جۇڭگودا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈشنى كۈچلۈك ئارزۇ قىلىدۇ ھەمدە بۇنى ئولىمپىك ۋە ئۇنىڭ تارىخىغا نىسبەتەن ناھايىتى زور تۆھپە دەپ قارىشىدۇ . شۇڭا ، مەن ھۆرمەتلىك ئولىمپىك كومىتېتى ئەزالىرىدىن شۇنى ئۆتۈنۈپ سورايمەنكى ، ئۇلار-نىڭ ئۇزاقتىن بېرى كۈتۈپ كەلگەن بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولساڭلار .



دانىشمىنىمىز كۇڭزى : «يىراقتىن دوستلار كەلسە ، خۇشال بولماي تۇرالامسەن !» دېگەن ئىكەن . ئەگەر 2008 - يىلى بېيجىڭدا ھەرقايسى ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش شەرىپىگە ئېرىشەلىسەك ، بۇ بىز ئۈچۈن ئالەمچە خۇشاللىق بولغان بولاتتى . شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى ، ئۇ چاغدا سىلەر بېيجىڭدا كاتتا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى كۆرىسىلەر . رەھمەت !

# خې جېنلياڭ ئەپەندىنىڭ سۆزى

رەئىس ئەپەندى ، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى :

بۈگۈنكى تاللىشىڭلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ ھامان تارىخ بولۇپ قالىدۇ . لېكىن ، پەقەت بىر خىل قارارلا تارىخنى ئۆزگەرتەلەيدۇ . سىلەرنىڭ بۈگۈنكى بۇ قارارىڭلار دۇنيا بىلەن جۇڭگونىڭ دوستلۇقىنى تەنھەرىكەت ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈپ ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە پايدا يەتكۈزىدۇ .

ئالاھەزەل 50 يىل ئالدىدا مەن تۇنجى قېتىم خېلسىنكىدا① ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشقان ھەمدە شۇنىڭدىن باشلاپ ئولىمپىك روھىغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغانىدىم .

مەن ئۆزۈمنىڭ كەسپىي ھاياتىمدا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى جۇڭگودا بىر ئۆتكۈزۈپ بېقىشنى ، ۋەتەنداشلىرىمنىڭ ئولىمپىكنىڭ مەڭگۈلۈك سېھرىي كۈچىنى ئۆز ۋەتىنىدە تۇرۇپ ھېس قىلىپ بېقىشنى ئىزچىل ئارزۇ قىلىپ كەلدىم .

ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ ھۆرمەتلىك ئەزالىرى ، سىلەر بۈگۈن تارقاتقان ئۇچۇر پۈتكۈل يەر شارى ئىتتىپاقلىقىنىڭ يېڭى دەۋرى باشلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

ناۋادا 2008 ـ يىللىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش شەرىپى بېيجىڭغا بېرىلسە ، سىلەرگە شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى ، يەتتە يىلدىن كېيىنكى بېيجىڭ سىلەرنىڭ بۈگۈنكىدەك قارارنى چىقارغىنىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئىپتىخارلىق ئاتا قىلماي قالمايدۇ .

رەھمەت !

① فىنلاندىيىنىڭ پايتەختى ۋە ئەڭ چوڭ پورتى .

# 25 . نەۋائىشۇناسلىقنىڭ رېئال ئەھمىيىتى

ئازاد سۇلتان[1]

ئەپەندىلەر، خانىملار:

بىز بۈگۈن ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىسلىرى پايتەخت بېيجىڭگە جەم بولۇپ «ئەلىشىر نەۋائى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 560 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» نى ئېچىۋاتىمىز.

ئەلىشىر نەۋائى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بۈيۈك مۇتەپەككۇر، ئۇلۇغ شائىر. ئۇنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن 29 پارچە ئەسەرنى ئۆزئىچىگە ئالغان كوللىياتى شېئىرىيەت، پەلسەپە، ئەدەبىياتشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، ئىستىلىستىكىشۇناسلىق، مۇزىكا، ئېستېتىكا، مۇقامشۇناسلىق قاتارلىق پەن ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئەينى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئىتالىيىلىك ئەدەبىي تەرجىمان رېناردو نەۋائىنىڭ دۇنياۋى تەسىرى ئۈستىدە توختىلىپ: «نەۋائى ئۆزىدە شەرق شېئىرىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن، ئىنساننىڭ ھەر جەھەتتىن كامالەتكە يېتىشىنى ئارزۇ قىلغان ئىجادكاردۇر. ئۇنى

[1] ئازاد سۇلتان 1950 - يىلى ئۈرۈمچىدە ماتارىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئەدەبىياتشۇناس، پروفېسسور. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئۇنىڭ «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» قاتارلىق بىرنەچچە پارچە تەتقىقات كىتابى نەشر قىلىنغان.

ئىتالىيە ئەدەبىياتىدا يۈكسەك ئورۇن تۇتقان دانتې[1] غا تەڭلەشتۈرۈش ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن قويۇش مۇمكىن » دېگەنىدى . نەۋائى ئىجادىيىتى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە ، كونكرېت قىلىپ ئېيتساق ، خۇسۇسەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىلدىكى يۈكسىلىشىگە ئاجايىپ كۈچلۈك تۈرتكە بولغانىدى . شۇڭا ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى نەۋائىدىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى ۋە تەتقىق قىلغىلى بولمايدۇ . نەۋائى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ پىركامىلىدۇر .

نەۋائى ئەسەرلىرى خەلقىمىزنىڭ ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مەكتەپ ، مەدرىسلەردە ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى قىلىنغان . نەۋائى شېئىرلىرى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىغا كۆپلەپ دەستىلەنگەن . دەستىلەنگەن بۇ تېكىستلەر خەلق سۆيىدىغان ئەل ئىچى ناخشىلىرى بىلەن گىرەلىشىپ ، ئەل ئىچى ئەدەبىياتىغا سىڭىپ كەتكەن . خەلقىمىز ئارىسىدا نەۋائى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياد ئېتىلىپ كەلمەكتە . ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرى ئۆز زامانىسىدىلا ئەمەس ، تا ھازىرغىچە خەلقىمىزنىڭ ئېستېتىك تەلەپلىرىنى قاندۇرۇپ كەلمەكتە . شائىرلارغا بولسا بىباھا دەستۇر ، ئۆرنەك بولۇپ كەلمەكتە . بىز يىراققا ئەمەس ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن بۇيانقى تەرەققىياتىغا نەزەر تاشلىساقمۇ ، نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ يەنىلا ئۆرنەكلىك رول ئويناپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرىمىز . نىمشېھىتنىڭ مىسرالىرىدىن ، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرىي ئوبرازلىرىدىن ، تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ لىرىك تەسۋىرلىرىدىن ۋە باشقىلارنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋاللىرىدىن نەۋائى سىماسىنى ، نەۋائى روھىنى ، نەۋائى پۇرىقىنى ، نەۋائى ئەنئەنىسىنى روشەن كۆرىمىز ۋە سېزىمىز . شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، بەش يېرىم ئەسىرلىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئۇنداق كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن يەنە بىر

① دانتې — ئىتالىيىلىك مەشھۇر شائىر ، ئۇ 12 - ئەسىردە ياشىغان بولۇپ ، «ئىلاھ كومېدىيەسى» ناملىق داستانى بىلەن داڭلىق . ئېنگېلس ئۇنى ياۋروپادا فېئودالىزمنىڭ ئاخىرقى ، كاپىتالىزمنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى دەۋر بۆلگۈچ شائىر دەپ تەرىپلىگەن .

قەلەم ساھەسىنى كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس.
شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، نەۋائىيشۇناسلىق ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى، جۈملىدىن كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ كەم بولسا بولمايدىغان بىر مۇھىم ساھە. بىز ھازىرغىچە بۇ ساھەدە خېلى كۆرۈنەرلىك نەتىجە ھاسىل قىلدۇق.
نەۋائىي تەتقىقاتىغا ئائىت خېلى كۆپ ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدۇق. خاس ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇق. بىراق، بىزدىكى نەۋائىيشۇناسلىقنىڭ ھەقىقىي پەن سۈپىتىدە شەكىللىنىشى، بىزنىڭ بۇ ساھەدىكى ئىزدىنىش ۋە تەجرىبىمىز قېرىنداش مىللەتلەرنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تېخى يېتەرلىك ئەمەس. تۈرك، ئۆزبېك ۋە رۇس ئالىملىرى نەۋائىي تەتقىقاتىغا خېلى بۇرۇن كىرىشكەن بولۇپ، ھازىرغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتى خېلىلا چوڭقۇرلاشتى، ئۇلارنىڭ «نەۋائىي ئەسەرلىرى لۇغىتى»، «نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» قاتارلىق قوراللىق رولىنى ئوينايدىغان ئەسەرلىرى تەتقىقاتىمىزغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئىجتىمائىي — گۇمانىتار پەنلەر تەتقىقاتىدىمۇ خۇددى ئىقتىساد ۋە باشقا ساھەلەرگە ئوخشاشلا خەلقئارالىق ھەمكارلىق بولمىسا بولمايدۇ. ئۈچۈرلاردىن، تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن بىرلىكتە بەھرىمەن بولۇش، ئۆزئارا ئۆگىنىش — ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدۇ.
ئەپەندىلەر، خانىملار:
نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 560 يىللىقى مەزگىلىدە بىزنىڭ بۇ ھەيۋەتلىك خەلق سارىيىغا يىغىلىشىمىز، بىر تەرەپتىن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان بۇ ئۇلۇغ زاتنى سېغىنىش، خاتىرىلەش ئۈچۈن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ چۈشىنىش، ئۇنىڭدىن قالغان بۇ بىباھا خەزىنىنى تېخىمۇ تولۇقى بىلەن تونۇش، ئۇنىڭ ئىجادىيەت روھىدىن ئۆگىنىپ ئۇنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈندۇر.

ئىلغار مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىشنى تەرەققىياتنىڭ ئېنىق نىشانى قىلىپ بەلگىلىگەن بىزلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، نەۋائى مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئېلىمىزنىڭ «ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى» ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق. شۇنداق قىلغاندىلا، خەلقىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان بىباھا مىراسلاردىن يىلتىزلانغان نادىر ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق، 21- ئەسىرگە يۈزلىنىۋاتقان خەلقىمىزنى تەربىيىلىگىلى، روھلاندۇرغىلى بولىدۇ. نەۋائىشۇناسلىقنىڭ رېئال ئەھمىيىتى دەل مۇشۇ يەردە.

نەۋائى ئەنئەنىسى ئۇ بىر نۇرلۇق مەشئەل، بەش يېرىم ئەسىردىن بېرى يېنىپ كېلىۋاتقان بۇ مەرىپەت مەشئىلىنى داۋاملىق نۇرلاندۇرۇش، ئۇنى كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ قولىغا ئۇتۇقلۇق تاپشۇرۇش — بىزنىڭ، يەنى نەۋائى ۋارىسلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە شەرەپلىك بۇرچى. بىز ئۇلۇغ بوۋىمىزنىڭ ئالدىدىكى، دەۋر ئالدىدىكى بۇ مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىشىمىز لازىم.

**يېزىقچىلىق**

# قىسقا نۇتۇق ئورگىنالى يېزىش

ياخشى بىر پارچە نۇتۇق ئورگىنالى ئالدى بىلەن مەزمۇن جەھەتتە قاراتمىلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك. نۇتۇق سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، كەسىپ ئالاھىدىلىكىنىڭ قانداقلىقىنى، پسىخىكىسى، ئارزۇسى ۋە تەلىپىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىشى كېرەك. نۇتۇقنىڭ ئىدىيىسى ئېنىق، قاراشلىرى روشەن بولۇشى لازىم. نۇتۇقنىڭ تىلى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، جانلىق، ھېسسىياتقا باي بولۇشى كېرەك. نۇتۇقتا جەزمەن ئاممىباب چۈشىنىشلىك تىللار بىلەن قائىدە سۆزلەپ، ئاڭلىغۇچىلارنى ئاڭلاپلا چۈشىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. يەنە نۇتۇق جانلىق، ئوبرازلىق بولۇشى، ئاڭلىغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالىشى كېرەك. نۇتۇقتا تولۇپ ـ تاشقان ھېسسىياتلىق تىل ئارقىلىق قائىدە سۆزلەش بىلەن لىرىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىش كېرەك.

ھەربىر ئادەم قىسقا بىر پارچە نۇتۇق ئورگىنالى تەييارلايدۇ. مۇشۇ بۆلەكتىكى تېكىستتىن تېما تاللاپ، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ نۇتۇق مەزمۇنىنى بېكىتىشكە بولىدۇ...

**ئاغزاكى ئالاقە**

## (ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى لايىھىلەيدۇ)

ئېسىل نۇتۇقلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەنسىز ، ھەتتا سىنىپ ياكى گۇرۇپپىدا بىر قېتىم نۇتۇق سۆزلەپ بېقىش ئارزۇسىغا كەلگەنسىز . سىنىپ باشلىقى ياكى دەرس ۋەكىلىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە «ھازىرلىق كۆرۈپ بولۇپ تەييارلىقسىز سۆز قىلىش ياكى تەييارلىقسىز نۇتۇق سۆزلەش قارشى تەرەپنىڭ ئورتاق ساداسىنى قوزغىيالايدۇ» دېگەن مەركەزنى چۆرىدەپ ، ھەربىر گۇرۇپپا ئۈچ نۇتۇق ئالاقىسى تېمىسىنى لايىھىلەيدۇ . لايىھە نۇتۇق ئالاقىسى مەزمۇنى ، ئۇسۇلى ، قەدەم باسقۇچى ۋە تەلىپى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئاندىن سىنىپ بويىچە ئالماشتۇرۇلۇپ ، ئەڭ ياخشى لايىھەلەنگەن ئۈچ تېما تاللىنىدۇ ھەمدە مۇشۇنىڭغا ئاساسەن نۇتۇق ئالاقىسى پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ .

# ئۇيغۇر تىلى

## مورفولوگىيە

مورفولوگىيە — سۆزلەرنىڭ ياسىلىش ۋە تۈرلىنىش قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

| | تۈرى | مەنىسى | مىساللار |
|---|---|---|---|
| مورفېما — قايتا مەنىلىك بۆلەكلەرگە ئاجراتقىلى بولمايدىغان، مەنە ئىپادىلىگۈچى ئەڭ كىچىك گىرامماتىكىلىق بىرلىك. | مۇستەقىل مورفېما | مۇستەقىل تۇرغاندا ئۆز ئالدىغا لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان، جۈملىدە مۇستەقىل قوللىنىشقا بولىدىغان ۋە باشقا مورفېمىلارنىڭ بىرىكىشى ئۈچۈن ئاساس بولىدىغان مورفېما. | «مەكتەپتە ياخشى ئوقۇيمىز» دېگەن جۈملىدىكى «مەكتەپ + تە»، «ياخشى»، «ئوقۇ + يمىز» دېگەن مورفېمىلار ئىچىدىكى «مەكتەپ»، «ياخشى»، «ئوقۇ» دېگەن مورفېمىلار مۇستەقىل مورفېمىلاردۇر. |
| | ياردەمچى مورفېما | ئۆز ئالدىغا ئايرىم تۇرغاندا بەلگىلىك مەنە ئىپادىلىمەيدىغان، مۇستەقىل قوللىنىشقا بولمايدىغان، مۇستەقىل مورفېمىلار بىلەن بىرىكىپ مەلۇم مەنە ئىپادىلەيدىغان مورفېما. | «ئىش + چان»، «يان + اق + تا»، «گۈمان + خور»، «ۋەتەن + پەرۋەر» دېگەن سۆزلەردىكى «ـ چان»، «ـ اق ـ تا»، «ـ خور»، «ـ پەرۋەر» دېگەنلەر ياردەمچى مورفېمىلاردۇر. |

## تۈپ سۆز

بىرلا مۇستەقىل مورفېمىدىن تۈزۈلگەن سۆزلەر تۈپ سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: مەن، ئاق، توققۇز، كەپتەر، مەڭگۇ...

## ياسالما سۆز

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مورفېمىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان سۆزلەر ياسالما سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئىش + چى = ئىشچى | ئوق ـ دورا |
| ئۆچۈر + گۈچ = ئۆچۈرگۈچ | بىكاردىن ـ بىكار |
| چىراي + لىق = چىرايلىق | ئاشكۆكى |

## سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، يېڭى سۆز ياسايدىغان قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: سەز + گۈ = سەزگۈ، قوغۇن + چى = قوغۇنچى، كۆك + ەر ـ كۆكەر، يول + داش = يولداش، ئادەم + گەرچىلىك = ئادەمگەرچىلىك دېگەن سۆزلەردىكى «ـ گۈ، ـ چى، ـ ەر، ـ داش، ـ گەرچىلىك» دېگەنلەر سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردۇر.

## سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار

سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتـ مەي، ئۇنىڭغا گراماتىكىلىق مەنە قوشىدىغان، جۈملە ۋە سۆز بىرىكـ مىلىرىدە سۆزلەرنى ئۆزئارا باغلاش رولىنى ئوينايدىغان قوشۇمچە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ۋىجدان + نىڭ = ۋىجداننىڭ ،
كۆڭۈل + سىز = كۆڭۈلسىز ،
ئىشلە + دى = ئىشلىدى ،
يازغۇچى + لار = يازغۇچىلار . . .
« ـ نىڭ » ، « ـ سىز » ، « ـ دى » ، « ـ لار » قاتارلىقلار سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلاردۇر .

## خاس ئىسىم ۋە ئومۇمىي ئىسىم

### خاس ئىسىم

بىر تۈردىكى شەيئىلەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئايرىم شەيئىنىڭ ئۆزىگىلا مەخسۇس قويۇلغان ناملار خاس ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

مەھمۇد قەشقەرى ، نۇزۇگۇم ، تەكلىماكان ، گېرمانىيە ، تىنچ ئوكيان ، . . .

### تۈردەش ئىسىم

بىر تۈردىكى شەيئىلەرنىڭ ئورتاق نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار تۈردەش ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

كىشى ، دۆلەت ، دېڭىز ، يۇرت ، مېۋە . . .

### پېئىلنىڭ راي شەكىللىرى

سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتكە نىسبەتەن قانداق پوزىتسىيىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان گرامماتىكىلىق شەكىللەر پېئىلنىڭ راي شەكىللىرى دەپ ئاتىلىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار بۇيرۇق رايى ، شەرت رايى ۋە خەۋەر رايى دېگەن ئۈچ خىل راي شەكلىدە كېلىدۇ .

## بۇيرۇق رايى

سۆزلىگۈچىنىڭ ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىش ــ ئورۇندالماسلىقى ھەققىدىكى بۇيرۇقىنى ، تەلىپىنى بىلدۈرىدىغان راي شەكلى پېئىلنىڭ بۇيرۇق رايى دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن:

ۋەتەن ، خەلقىڭنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلا .

② مەنمۇ سىز بىلەن بىللە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيچۇ !

## شەرت رايى

مەلۇم ئىش ــ ھەرىكەتنىڭ ئىككىنچى بىر ئىش ــ ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىشى ياكى ئورۇندالماسلىقىغا شەرت بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلى شەرت رايى دەپ ئاتىلىدۇ .

شەرت رايى پېئىللارغا « ــسا / ــسە » قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن :

ئادەم قانچە كۆپ پىكىر يۈرگۈزسە ، شۇنچە ئاز گەپ قىلىدۇ .

ئادەم ئۆز ئاغزىنى ياخشى باشقۇرمىسا ، كۆڭۈلسىزلىكتىن خالىي بولالمايدۇ .

## خەۋەر رايى

ئىش ــ ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىش ياكى ئورۇندالماسلىقى ھەققىدە سۆزلىگۈچىنىڭ بايانىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل شەكلى خەۋەر رايى دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

مۇلايىم سۆز — ۋەھشىيلەرنى ئۇلپەتكە ئايلاندۇرىدۇ .

مەن يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» رومانىنى ئوقۇۋاتىمەن .

## مۇستەقىل پېئىللار

ئۆزئالدىغا مۇستەقىل جۈملە بۆلىكى بولالايدىغان پېئىللارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

«مەن باشلانغۇچ مەكتەپنى قەشقەردە ئوقۇغان» دېگەن جۈملىدىكى «ئوقۇغان» دېگەن پېئىل مۇستەقىل پېئىلدۇر.

## ياردەمچى پېئىللار

ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل جۈملە بۆلىكى بولالمايدىغان، سۆزلەرگە قوشۇلۇپ قوشۇمچە مەنە ئىپادىلەيدىغان پېئىللارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

بۇ خەتنى مۇئەللىم بىزگە يازغان ئىكەن.

بوۋام ماڭا چۆچەك ئېيتىپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان پېئىللار ياردەمچى پېئىللاردۇر.

## قوشۇمچە I

# خەت - چەكلەردىن كۆرسەتمە

### ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش

## تالون باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە تالوننى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش

«مەملىكەت بويىچە تالون باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، تالون باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، باج يىغىش قانۇن - نىزاملىرىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى قوغداش ئۈچۈن بۇ يىل 9 - ئايدىن 10 - ئايغىچە پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە بىر قېتىملىق تالون ئېنىقلاش، تالون تەكشۈرۈشنى بېكىتتۇق. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك ئۇقتۇرۇش قىلىندى:

1. تالون — كەسپىي مالىيە كىرىم - چىقىمىنىڭ قانۇنلۇق دوكۇمېنتى، بوغالتىرلىق ھېساباتىنىڭ دەسلەپكى دوكۇمېنتى، شۇنىڭدەك باج تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم ئاساسى. تالون دۆلەتنىڭ باج ئورگىنى تەرىپىدىن بىر تۇتاش باشقۇرۇلىدۇ. بارلىق زاۋۇت، ماگىزىن ۋە تىجارەت مۇلازىمىتى خاراكتېرىدىكى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ياكى يەككە سودا - سانائەتچىلەر تاۋار (مەھسۇلات) ساتقاندا، ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىگەندە

ياكى باشقا كەسپىي تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كىرىم قىلغاندا ، تاپشۇرۇۋالغان پۇلنىڭ سوممىسىغا ئاساسەن پۇل تاپشۇرغان تەرەپكە تالون كېسىپ ، تامغا بېسىپ بېرىشى شەرت .

بارلىق ئورۇن ۋە شەخسلەر تاۋار (مەھسۇلات) سېتىۋالغان ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتىنى قوبۇل قىلىپ پۇل تاپشۇرغاندا ، پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچى تەرەپتىن تالون ئېلىشى شەرت .

2 . بارلىق ئورۇنلار ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ئىشلەتكەن تالونلار باج ئورگانلىرى بىر تۇتاش بېسىپ تارقاتقان ياكى باج ئورگانلىرىنىڭ تەستىقى بىلەن ئۆزى بېسىپ تەييارلىغان تالونلارغا باج ئورگانلىرىنىڭ نازارەتچىلىك قىلىش تامغىسى بېسىلغان بولۇشى كېرەك . شەخسلەرنىڭ ئۆزلىرى تالون بېسىشقا ياكى سېتىشقا يول قويۇلمايدۇ .

3 . تالوننى ئۆزگەرتىشكە ، يىرتىۋېتىشكە ، ئۆتنۈپ بېرىشكە ، قولدىن قولغا ئېلىپ ـ سېتىشقا ۋە دەپتەرنى سۆكۈپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ .

4 . تالون ئىشلەتكەن ئورۇنلار ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر بەلگىلىمە بويىچە تالون بېسىش ، تالون ئېلىش ، ئىشلىتىش ، ساقلاش قاتارلىق باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىشى ھەمدە بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى باج ئورگانلىرىغا قەرەللىك دوكلات قىلىپ تۇرۇشى شەرت .

5 . تالون ئىشلىتىدىغان (جۈملىدىن تالون باسىدىغان) ئورۇن ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر بۇ «ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» تىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە 1987 ـ يىلى ۋە 1988 ـ يىلى باسقان ، ئىشلەتكەن ۋە ساقلىغان تالونلارغا ئائىت ئەھۋاللارنى ئۆزى ئەستايىدىل تەكشۈرۈشى ھەمدە باج ئورگانلىرى تەرىپىدىن نۇقتىلىق تەكشۈرۈلۈشى لازىم .

ئومۇمەن ، ئۆزى تەكشۈرۈش جەريانىدا تەكشۈرۈپ تېپىلغان باج قانۇنىغا ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى باج ئېلىشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نىزامى» ، «مەملىكەت بويىچە تالون باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» غا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرى يېنىك بىر تەرەپ قىلىنىد-

لىدۇ . ئۆزى تەكشۈرمىگەن ياكى تەكشۈرۈشى ئەستايىدىل بولمىغان ، باج ئورگانلىرى تەكشۈرۈپ تاپقان مەسىلىلەر بەلگىلىمە بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ .

6 . باج قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان ۋە تالۇنلارنى بەلگىلىمىگە خىلاپ هالدا ئىشلەتكەن ، باسقان ئەھۋاللارنى پاش قىلغانلار (يەنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلىيلەشكەنلەر ) بەلگىلىمە بويىچە مۇكاپاتلىنىدۇ ھەمدە مەخپىيەتلىكى ساقلىنىدۇ .

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى باج ئىدارىسى (تامغا)
## 1988 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى

ماۋزۇدا «ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» دەپ يېزىلىشى ياكى ماۋزۇدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىنىدىغان ئىشنىڭ مەزمۇنى ۋە مەقسىتى ئىپادىلىنىشى بولىدۇ .

تېكىستتە ئۇقتۇرۇش تارقىتىشتىكى سەۋەب ۋە ئاساسلار يېزىلىشتىن باشقا ، رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بەلگىلىمىلەر ياكى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار كونكرېت ، ئېنىق يېزىلىشى كېرەك .

ئاستىغا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تارقاتقان ئورۇننىڭ نامى (تامغا) ، يىل ، ئاي ، كۈن يېزىلىدۇ .

# ئورمان بايلىقىنى قوغداش، ئورمانلارنى قالايمىقان كېسىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى ئېلان

ئورمانچىلىق سوتسىيالىستىك خەلق ئىگىلىكىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمى، ئورمانچىلىقنى پائال راۋاجلاندۇرۇش دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئورمانلارنى قالايمىقان كېسىشتەك ناتوغرا قىلمىشلار يەنە ئەۋج ئالغىلى تۇردى. بۇ خىل ناتوغرا قىلمىشلارغا زەربە بېرىپ، ناھىيىمىزنىڭ ئورمان بايلىقىنى قوغداش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئېلان ئالاھىدە چىقىرىلدى:

1. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى ئورماننى ئاسراشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئورماننى ۋەيران قىلىشنىڭ زىيىنىغا بولغان تونۇشىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئورماننى ئاسراش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، قالايمىقان دەرەخ كېسىشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قەتئىي زەربە بېرىشى لازىم.

2. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ناھىيىلىك، ئورمانچىلىق تارماقلىرىنىڭ رۇخسىتىسىز قاشالانغان تاغلىق رايونلار ۋە ئورمانچىلىق مەيدانى قاتارلىق جايلاردىكى دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىككە تەۋە دەل - دەرەخلەرنى كېسىشىگە بولمايدۇ. ئورمانلارنى بۇزۇپ بوز يەر ئېچىشىغا ۋە دەل - دەرەخلەرنى سېتىش قىلمىشى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا بولمايدۇ.

3. قانۇنغا خىلاپ دەل - دەرەخ كەسكۈچىلەرنى ئۆزۈل - كېسىل ئىنقىلاپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. تۆلىتىشكە تېگىشلىكلەرگە تۆلە-

تىش ، جەرىمانە قويۇشقا تېگىشلىكلەرگە جەرىمانە قويۇش ، جازالاشقا تېگىشلىكلىرىنى قانۇن بويىچە جازالاش كېرەك . ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۇلارغا ھېسىداشلىق قىلىشىغا ، يول قويۇشىغا ۋە ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ .

## ×× ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى (تامغا)
## ×× - يىل ×× - ئاينىڭ ×× - كۈنى

ماۋزۇدا «ئېلان» دېگەن سۆز يېزىلسىمۇ ياكى ماۋزۇدا ئېلان قىلىنىدىغان ئىش ۋە ئۇنى ئېلان قىلىشتىكى مەقسەت ئىپادىلەنسىمۇ بولىدۇ .

تېكستە ھۆججەت تارقىتىشتىكى سەۋەب ۋە ئاساسلار ئېنىق يېزىلىدۇ . رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ياكى بىلىشكە تېگىشلىك سىيا- سەت - قانۇن خاراكتېرلىك بەلگىلىمىلەر كونكرېت ، ئېنىق يېزىلىشى شەرت .

ئاستىغا ئېلان چىقارغۇچى ئورۇننىڭ نامى يېزىلىپ ، تامغا بېسى- لىدۇ ، يىل ، ئاي ، كۈن يېزىلىدۇ .

(ئېلان ، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشلار بەلگىلىك چەكلەش كۈچىگە ئىگە ئۇقتۇرۇش خاراكتېرلىك ھۆججەتلەردۇر . ئەمما ، ئېلاننىڭ ئىشلىتى- لىش دائىرىسى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشتىن كەڭ بولىدۇ ، ئادەتتە گېزىت- تە ئېلان قىلىنمايدۇ .)

## ئېلان (ئۇقتۇرۇش)

# ئەسەر قوبۇل قىلىش ئېلانى (ئۇقتۇرۇشى)

ژۇرنىلىمىز ئوقۇغۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋە ھەر ساھە ئوقۇرمەنلىرىنىڭ قوللىشى ۋە ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردە ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ بىلىم تەشنالىقى قاندۇرۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ قەلب ساداسى ئەكس ئەتتۈرۈلمەكتە. ژۇرنىلىمىز ئۆز مۇساپىسىدە نۇرغۇن يازغۇچى، شائىرلارنىڭ تۇنجى ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىشقا مۇنبەت تۇپراق ھازىرلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ يېزىقچىلىق يولىنى يورۇتۇپ كەلدى. تۇنجى ئەسەر ئاپتور ئۈچۈن ئېيتقۇسىز خۇشاللىق، ئىلھام ۋە مەدەت بولۇپلا قالماستىن، ئوقۇرمەن ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغاشتىكى ۋاستىلەرنىڭ بىرىدۇر. ژۇرنىلىمىز يۇقىرىقى تەرەپلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، يازغۇچى - شائىرلارنىڭ «تۇنجى ئەسىرىم» ناملىق تۇنجى ئەسەرلەر توپلىمىنى نەشر قىلدۇرماقچى بولدۇق.

ئاپتورلارنىڭ تۇنجى ئەسەرلىرىنى ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئەسەر قوبۇل قىلىش تەلىپى:

1. ئاپتورلار ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپ باسقۇچىدا يېزىپ ئېلان قىلغان تۇنجى ئەسىرىنى ئەۋەتىشى كېرەك. ئەسەرنىڭ ژانىرى ۋە قايسى گېزىت - ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغانلىقى چەكلەنمەيدۇ. بىراق، ئېلان قىلىنغان گېزىت - ژۇرنالنىڭ نامى ۋە ۋاقتى ئىزاھلىنىشى لازىم. ھەجمى ئۈچ بەتتىن (16 فورماتلىق) ئېشىپ كەتمىسۇن.

2. ئەسەر بىلەن بىللە قوشۇپ، ئاپتور ئۆزىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ۋە ئەسەرنى يېزىشتىكى سەۋەب، ئېلان قىلىنىش جەريانى ۋە

ئەسەر ئەۋە- ئەسراتىنى يېزىم بەت قىلىپ يېزىپ ئەۋەتىشى كېرەك . ئەسەر ئەۋەتىش ۋاقتى : 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە .

ئادرېسىمىز :

ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 - قورۇ «پەرۋاز» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

پوچتا نومۇرى : 830001

كونۋېرتقا « ‹تۇنجى ئەسىرىم› مەخسۇس بېتىگە تېگىدۇ » دەپ ئەسكەرتىش كېرەك .

«پەرۋاز» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 31 - كۈنى

ماۋزۇغا «ئىلان (ئۇقتۇرۇش)» دەپ يېزىلىشى ياكى قانداق خاراكتېردىكى ئىلان ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلىشى بولىدۇ .

تېكىستتە ئىلان چىقىرىشتىكى سەۋەب ، مەقسەت ۋە ئاساسىي مەزمۇنلار ئېنىق يېزىلىدۇ .

ئاستىغا ئىلان چىقارغۇچى ئورۇننىڭ نامى ياكى شەخسنىڭ ئىسمى ، يىل ، ئاي ، كۈن يېزىلىدۇ .

# تەڭرىتاغ ئوغلانى جۇرئەت ئوبۇلقاسىم «ھالاكەت دېڭىزى» نى كېسىپ ئۆتۈپ، دۇنيا يېڭى جىنىس رېكورتى ياراتتى

تەڭرىتاغ ئوغلانى جۇرئەت ئوبۇلقاسىم 2001 - يىل 1 - يانۋار سائەت نۆلدە دۇنيا بويىچە 2 - قۇملۇق - «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ سۈرەتلىنىپ كەلگەن تەكلىماكان قۇملۇقىنى موتسىكلىت بىلەن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، 21 - ئەسىرنىڭ تۇنجى دەقىقىسىدە يەنە بىر قېتىم دۇنيا يېڭى جىنىس رېكورتى يارىتىپ، خەلقىمىزنىڭ يېڭى ئەسىردىكى ئىرادىسى ۋە ئېگىلمەس - سۇنماس جاسارىتىنى جاھان ئەھلىگە نامايان قىلدى. 29 ياشلىق بۇ شىرمەت ئوغلان 2000 - يىل 18 - دېكابىر ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 13:30 دا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا، ئۆزىگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بەرگەن جەمئىيەتتىكى ھەرساھە كىشىلىرى، ستۇدېنتلار بىلەن خوشلىشىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان نىيە ناھىيىسىگە يۈرۈپ كەتكەنىدى. ئۇ 23 - دېكابىر چۈشتە نىيە ناھىيىسىدىن بۇ تىلسىماتلىق قۇملۇققا كىرىپ، نۆلدىن تۆۋەن 35 گرادۇسلۇق قەھرىتان سوغۇقتا كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 كىلومېتىر ئەتراپىدا سۈرئەت بىلەن ئېگىزلىكى 20 مېتىردىن 70 مېتىرغىچە كېلىدىغان قاتمۇقات سۈرلۈك قۇم بارخانلىرىنى سەككىز كۈندە كېسىپ ئۆتۈپ، ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز مۈشكۈلاتلارنى يېڭىپ، 2001 - يىل 1 - يانۋار ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت نۆلدە سەپىرىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بۈگۈر ناھىيىسىدىكى تارىم دەرياسى كۆۋرۈكىگە ياسالغان «ئەسىر دەرۋازىسى» غا غەلىبىلىك يېتىپ كەل-

دى .

ئەگىلىنىشچە ، 2001 ـ يىلى 1 ـ يانۋار سائەت نۆلدە جۇڭگودا يەتتە تۈردە يېڭى ئەسىر دۇنيا جىنىس رېكورتى يارىتىلغان ، جۇرئەت ئوبۇلقاسىمنىڭ نەتىجىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىكەن .

خەلقىمىزنىڭ بۇ پەخىرلىك ئوغلانى 1998 ـ يىلى 22 ـ دېكابىر خەيكۇدىن يولغا چىقىپ جۇڭگودىكى 31 ئۆلكە ، ئاپتونوم رايون ، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر (شياڭگاڭ ، ئاۋمېن ، تەيۋەندىن باشقا ) نى بېسىپ ئۆتۈپ ، 73 مىڭ كىلومېتىر يول يۈرۈپ ، 312 ناھىيە (شەھەر ) دىن ئۆتۈپ ، 2000 ـ يىلى 1 ـ يانۋار سائەت نۆلدە 2000 ـ يىلدىكى تۇنجى دۇنيا جىنىس رېكورتىنى ياراتقانىدى .

ماۋزۇدا ماقالىنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ .

تېكىستتىكى پىكىر ئېنىق ، تىلى ئاممىباب ، جانلىق تىلغا خاس سۆزلەر قوللىنىلغان بولۇشى ، مۇرەككەپ جۈملىلەر ، يېزىق تىلغا خاس سۆزلەر ۋە قەدىمكى سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىك ، ئاھاڭداش سۆزلەرنى ئىمكانقەدەر قوللانماسلىق كېرەك .

# خەتتاتلىق

خېلىل مۇھەممەت تۆتقاش (بازغان)











س: لوكيسكن ڤرلمبڠ دالم سسي؟

س: بڬايمان منشكيل لوكيسن بلبه تاتا سوسيلا

لوهوقتناء كوحسن دالم ڤرلمبڠ (م)

تجاوي؟



بۈركۈت







يۈسۈپ خاس ھاجىپ



بېتخوۋېن



بېتخوۋېن ئاخىرقى قېتىم ئىشلەتكەن پىئانىنو



ئۇلۇغبەگنىڭ ھەيكىلى



جۇڭگو ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شياڭگاڭنىڭ ئىگىلىك
ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش
مۇراسىمى



ئات



ياۋا تۆگە



پۇشكىن



سەيپىدىن ئەزىزى



دۇ فۇ